دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

# يېتىم يۇسۇپ

ساباھەددىن ئەلى (تۈركىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ساباھەددىن ئەلى (تۈركىيە)
يېتىم يۇسۇپ
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەسەرلىرى تەرجىمە قۇرۇلۇشى

外国文学经典翻译工程

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



يېتىم يۇسۇپ


ISBN 978-7-228-17327-3
定

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

ساباھىددىن ئەلى (تۈركىيە)

# يېتىم يۇسۇپ

تەرجىمە قىلغۇچى: رۇقىيە ھاجى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**图书在版编目(CIP)数据**

孤儿玉素甫：维吾尔文 /（土）萨巴丁·艾力著；茹克亚·阿吉译.
— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2014.1
ISBN 978 - 7 - 228 - 17327 - 3

Ⅰ.①孤… Ⅱ.①萨… ②茹… Ⅲ.①长篇小说 — 土耳其 —
现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I374.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第321074号

责任编辑 伊丽达娜·阿不都热依木
编　　辑 艾合买提·伊明
责任校对 阿依古丽·沙比提
封面设计 买买提·诺比提
出版发行 新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 9.625
版　　次 2014年1月第1版
印　　次 2014年1月第1次印刷
印　　数 1-3000
定　　价 28.00 元

# كىرىش سۆز

ساباھەددىن ئەلى 1906 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ كىركلارەلى ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان، 1914 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە ئىستانبۇل، بالىكەسىر قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان، 1930 ـ يىلى گېرمانىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن، تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق، ژۇرنالىستلىق ۋە ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېغىر بېسىمىغا ئۇچراپ شوپۇرلۇق قىلىشقا مەجبۇر بولغان، 1948 ـ يىلى ۋەتىنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا مەلۇم قاچقۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

ئۇنىڭ «تاغلار ۋە شامال» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «تۇگمەن»، «يېڭى دۇنيا» «ئەينەكلىك داچا» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى، «ئىچىمىزدىكى شەيتان»، «يېتىم يۇسۇپ» قاتارلىق رومانلىرى ۋە بىر قىسىم پوبلىستىك ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

«يېتىم يۇسۇپ» (ئەسلىي نامى: «قۇيۇجاقلىق يۇسۇپ») ساباھەددىن ئەلىنىڭ رېئالىزم ئۇسلۇبىدا يېزىلغان داڭلىق رومانى. ئۇ بۇ رومانىدا ئۆزى بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئەدرەمىت دېگەن جاينىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ 1903 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە بولغان ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەرگەن؛ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ زەئىپ تەرەپلىرىنى پاش قىلىپ چىرىك تۈزۈمنى رەھىمسىز قامچىلىغان.

رومانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق: بىر كۈنى مەلۇم

يېزىدىكى بىر ئۆيلۈك ئەر - خوتۇن بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىم قالغان ئوغلى يۇسۇپنى بىر ئاق كۆڭۈل ھاكىم بېقىۋالىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن يۇسۇپ شۇ ھاكىمنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن ئۇ قىز بىلەن توي قىلىدۇ. لېكىن، زۇلمەتلىك جەمئىيەت ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئاخىر قىزنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە يۈز بېرىدۇ.

ساباھىددىن ئەلى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرگە قارىغاندا، «يېتىم يۇسۇپ» ساباھىددىن ئەلى يازماقچى بولغان تورىلوگىيەنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىكەن، ئىككىنچى قىسمىنىڭ نامى «چىنەلىك كۇبرا» بولۇپ، يازغۇچى بۇنىڭدا تاغدىن چۈشكەن يۇسۇپنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتۇرۇپ، پارتىزانلارنى ئەنقەرەگە باشلاپ كېلىش ئارقىلىق ئەنقەرەدىكى شەھەر تۇرمۇشىنى يېزىشنى پىلان قىلغان؛ ئۈچىنچى قىسمىغا تېخى نام قويمىغان.

ساباھىددىن ئەلى قۇيۇجاقلىق يۇسۇپ بىلەن ئايدىن تۇرمىسىدە ياتقان چاغلىرىدا تونۇشقان ۋە رومانغىمۇ ئۇنىڭ ھەققىي ئىسمىنى قويغان. لېكىن، ئۇ يۇسۇپنىڭ شەخسىي ھاياتىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئالاقىدار ماتېرىياللار ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىشنى كۆزلىگەن. رومانىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىرىنچى باب

## 1

1903 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلى ئىدى. يامغۇرلۇق بىر كېچىدە قاراقچىلار ئايدىنىڭ نازىللى دېگەن ناھىيەسىگە يېقىن جايدىكى قويۇجاق يېزىسىغا بېسىپ كىرىپ بىر ئۆيلۈك ئەر ـ خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ۋەقەدىن كېيىن ھاكىم سالاھىددىن بەي سوت ئەمەلدارلىرى بىلەن دوختۇرنى ئېلىپ تەكشۈرۈشكە باردى. ژاندارما قوماندانى دەم ئېلىشتا بولغاچقا، بىر نەپەر باش ئوفىتسېر بىلەن ئۈچ ژاندارمىنى ئەگەشتۈرۈۋالدى.

ھاكىمنىڭ قاراكۆل پاپىخى بىلەن دوختۇرنىڭ قىزىل قالپىقىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيى ئۇلارنىڭ چېكىلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل غەيرىي سىزىقچىلارنى ھاسىل قىلىپ كۆكسىگىچە تامچىلايتتى.

يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى سۆگەت ۋە ھايت دەرەخلىرى ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇر تامچىلىرى قانداقتۇر كۆڭۈلسىزلىكتىن دېرەك بېرەتتى. قۇملۇق يولدا ئاتلارنىڭ قالايمىقان ئىز قالدۇرۇپ شىپىرلاپ مېڭىشلىرى كىشىگە نېمىشقىدۇر بىر خىل غەمكىنلىكنى ئەسلىتەتتى.

يېزىغا يېقىنلاشقانسېرى يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ تۈسى ئۆزگەرگىلى تۇردى؛ بەزى يەرلەردىكى ئەنجۈر ۋە باشقا دەرەخلەر خۇددى توق يېشىل رەڭلىك تامغا ئوخشىسا، بەزى يەرلەردىكى يوغان ۋە ئېگىز ياڭاق دەرەخلىرى تەبىئىي كەمەردەك كۆرۈنەتتى.

سىم - سىم يامغۇرلۇق سەھەر قاراڭغۇسىدا ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتقان بۇ يولۇچىلار ئادەمدە بىر تۇرلۇك قورقۇنچ پەيدا قىلاتتى. ئەڭ ئالدىنقى يولۇچى — يېشى ئوتتۇز بەشكە بارماي تۇرۇپلا ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى پاپىخىنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، بېشى سېلىنغان ھاكىم سۇ تامچىلاپ تۇرغان ئېتىنىڭ دىڭ قۇلاقلىرىغا تىكىلگىنىچە كېتىپ باراتتى. قانداقتۇر ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە كېتىۋاتقان سوت ئەمەلدارى ئات ئۈستىدە بىر ئۇياقتا، بىر بۇياقتا لىڭشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ يانمايۋاتقان چاقمىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن تىركىشىۋاتاتتى. دوختۇر كەمبەغەل، ئوڭلۇق ئادەم ئىدى، تەمبۇرنى ياخشى چالاتتى، شۇ تاپتا بۇرۇتلىرىدىن يامغۇر تامچىلاۋاتسىمۇ، داڭلىق ئىسكىرىپكىچى نىكولاكىنىڭ قايسىدۇر بىر مۇزىكىسىنى بوش ئىسقىرتىپ باراتتى.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان تۆت نەپەر ژاندارما يامغۇرلۇقلىرىغا يۆگىنىۋالغان، مىلتىقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئاسقان، يامغۇرلۇقلىرى ئاتلىرىنىڭ يوتىلىرىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغاچقا، باشقىچىلا بىر مەخلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى.

يولۇچىلار ئىككى سائەتچە يول يۈرۈپ قۇيۇجاققا يېتىپ كېلىشتى. پاتقاقلىق كوچىدا لايغا مىلەنگەن قاناتلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ توختىماي غاقىلداپ كېتىپ بارغان بىرنەچچە غازنى قوغلاپ بىر باغچىنىڭ سالاسۇنى ئاستىدىكى كىچىك تۆشۈكتىن كىرگۈزۈۋېتىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان يالاڭ ئاياغ قىزچاقتىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

قىزچاق ئاتلىقلارنى كۆرۈپلا يولنىڭ چېتىدىكى سېسىق پۇرىقى ئەتراپىنى بىر ئالغان قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى - دە، تايىقىنى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تىرەپ، يولۇچىلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى ۋە ئاتلىقلار كوچا دوقمۇشىدىن قايرىلىشىغىلا غازلىرىنى ۋە قولىدىكى تايىقىنى تاشلاپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇلار دېمىنىمۇ ئالماي يېزا باشلىقىنى ئىزلەپ ۋەقە يۈز

بەرگەن جايغا باردى. بۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر كىچىك باغلىق هويلا ئىدى. ئۇلار هويلىنىڭ ئىككى قاناتلىق قارا دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ باغقا كىردى، ئىككى قۇر شەمشاد ۋە بىرنەچچە تۈپ ئۆرۈك كۆچەتلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇدۇلىدا بىر ياغاچ پەلەمپەي كۆرۈندى. ئەنە شۇ پەلەمپەيدىن چىقىپ بىرىنچى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنكى مەنزىرە ھەممەيلەننىڭ، ھەتتا مۇنداق ئىشلارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان ژاندارمىلارنىڭمۇ بەدەنلىرىنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى.

ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتە بىر يوغان بوپپا تۇراتتى. بوپپىنىڭ سەل نېرىسىدىكى ئېگىز ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە بىر ئەينەك پانۇس، پانۇسنىڭ ئالدىغا كونا پاسوندا ياسالغان بىر دانە سائەت، ئىككى دانە گازۋاي لامپا قويۇلغانىدى. گىرۋەكلىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن چوڭ بىر ئەينەكنىڭ ئارقىسىدىكى تامدا بىر جۈپ تاپانچا قېپى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى پەردىلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈلگەن دېرىزىنىڭ ئالدىغا پۈتۈن تامنى بويلاپ، ئۈستىگە گىلەم يېپىلغان پاكار بىر سافا قويۇلغان، سافانىڭ بۇلۇڭلىرىغا بومازى رەختتىن قاپلانغان كۆرپىچە ۋە ياستۇقلار تىزىلغان، ياستۇقلارنىڭ ئۈستىگە كالاۋتۇن بىلەن كېپىنەك سۈرىتى ئىشلەنگەن ياغلىقلار يېپىلغانىدى. سافا بىلەن ئىشىك ئارىلىقىدا ئاياغ تەرىپى پەگاغا قارىتىپ قويۇلغان بىر كارىۋات بار ئىدى. كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تولۇق يېپىلغان ۋە ئۈچى بىر ئاز يەرگە ساڭگىلاپ قالغان يوتقان ئىچىدە نەپەستىن توختىغان ئىككى ئادەمنىڭ جەسىتى ياتاتتى.

كارىۋاتتىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئېقىپ بېرىپ ئۇيۇپ قالغان قان كۆلچىكى بۇ ئۆيدە بىر ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ ئۆيگە كىرگەنلەرنى دەھشەت ئىچىدە قالدۇرغان نەرسە، ھېلىقى قان كۆلچىكى ياكى يوتقاننىڭ ئىچىدىكى ئىككى جەسەت بولماستىن، بەلكى سافانىڭ بۇلۇڭىدا

تىزىلىنىپ ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىر كىچىك بالا ئىدى.

هاكىم هۇل بولۇپ كەتكەن پاپىخىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا دوختۇر يوتقاننى ئېچىپ جەسەتلەرنى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەنىدى.

— سەن كىم، ئوغلۇم؟ — سورىدى هاكىم.

— مەن يۈسۈپ، — جاۋاب بەردى بالا.

— قايسى يۈسۈپ؟

— ئەتەم ئاغىنىڭ ئوغلى يۈسۈپ! ...

هاكىم هەيران بولۇپ سوئالىنى توختاتتى. چۈنكى، بالا ئۆلگۈچىنىڭ بالىسى ئىدى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ — يەنە سورىدى هاكىم. بالا قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— مانا بۇلارنى ساقلاپ تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— قاچاندىن بېرى سەن بۇ يەردە؟

— ئاخشامدىن بېرى ... ۋەقەدىن كېيىن ژاندارما ئىدارىسىگە باردىم، ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇپ شۇ هامان قايتىپ كەلدىم، بۇ بىچارىلەرنى قانداقمۇ يالغۇز تاشلاپ كېتىشىم مۇمكىن ...

— قورقمىدىڭمۇ؟

— بۇلار مېنىڭ ئانام بىلەن دادام تۇرسا، نېمىدىن قورقىمەن...

— ۋەقە يۈز بەرگەندە سەن مۇشۇ يەردىمىدىڭ؟

— ياندىكى ئۆيدە ئىدىم. ئانامنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ يۈگۈرۈپ چىقتىم. مەن كىرگۈچە ئۇ ئىمانسىزلار ئانام بىلەن دادامنى ئاللىقاچان بوغۇزلىۋەتكەنىكەن ...

— ئۇلار ساڭا چېقىلمىدىمۇ؟

— ئىچىدىن بىرى ماڭا قول سىلىۋىدى، تۆۋەندىن بىرى چىقىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى ...

— قولىدا بىرەر نەرسە بارمۇ؟

بالا ئانچە ئېتىبار قىلمىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتتى ۋە قولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۆيگە كىرگىنىمدە تېخى ئانامنىڭ جېنى چىقمىغانىكەن، ئوڭدىسىغا يېتىپ تېپىرلاۋاتاتتى، شۇ هامان قاراقچىلارغا ئېتىلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشتىم. ئاز ئۆتمەيلا ئانام تېپىرلاشتىن توختىدى. مەنمۇ قاراقچىلارنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەردىم. قارىسام بارمىقىم كېسىلىپ كېتىپتۇ، قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. هازىر ئاغرىق بىر ئاز پەسەيدى، — دېدى.

ئۇنىڭ بايا ئۇزاتقان ئوڭ قولىدىن قانغا بويالغان تېڭىق لاتا يەرگە چۇشۇپ كەتتى. كېسىلىپ كەتكەن باشمالتىقىنىڭ بىر پارچە گۆشكە ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ هەممەيلەن چۆچۈپ كېتىشتى.

دوختۇر جەسەتلەرنى يېپىپ قويۇپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان بارمىقىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، قولنى تازىلاپ تېڭىشكە باشلىدى. بالا هەيران قالارلىق دەرىجىدە چىداپ تۇرۇپ بەردى. بىراق، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاغرىق ئازابىدىن چىشىنى چىشلەيتتى ۋە چىرايى تاتىرىپ كېتەتتى. ئۇ بۇنداق چىدىغۇسىز ئېچىنىشلىق هالەتتىن كېيىنكى دەرمانسىزلىقىنى مەلۇم قىلىپ قويۇشتىن ۋە قارا كۆزلىرىدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان ياشلىرىدىن نومۇس قىلغان بولسا كېرەك، قانسىز نېپىز لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇردى - دە، هەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇرغان دوختۇرغا:

— كېرەك يوق، دوختۇر ئەپەندى، بىر بارماقنىڭ كارى چاغلىققۇ، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئوغلۇم، بىراق سەندىن كۆپ قان كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! — دېدى دوختۇر ۋە هاكىمغا قاراپ، — بۇ بالىنىڭ قانداقلارچە ئۆرە تۇرۇۋاتقىنىغىلا هەيرانمەن ... — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

شۇ ئەسنادا سوت ئەمەلدارى:

— بىزدىن بۇرۇن بۇ يەرگە كىرگەنلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يېزا باشلىقى ئالدىراپ چىقىپ:

— مەن كىردىم، ئەمما ھېچ نەرسىگە تەگمىدىم. مەن كىرگەندە ئۆي ئەينى مۇشۇ پېتى ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇلارنى كارىۋاتقا سەن ياتقۇزۇپ قويدۇڭمۇ؟ — سورىدى سوت ئەمەلدارى بالىدىن.

— ياق ... بۇلار ئەسلىدە كارىۋاتتا ئىكەن، مەن پەقەتلا باشلىرىغا ياستۇق قويۇپ، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويدۇم، مېنىڭ ئامالىم قانچە، بۇ بىچارىلەرنى ئۇخلىسۇن دېدىم، — دەپ جاۋاب بەردى يۇسۇپ.

بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايىدا ئىنتايىن تەمكىنلىك ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك بىر خىل جاسارەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئۇچۇن شەھەرلىكلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز ھەسرىتىنى ئاشكارىلاش قارىغاندا ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغاندەك قىلاتتى.

— سېنىڭ باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟ — سورىدى ھاكىم.

— باشقا ھېچكىمىم يوق ! — جاۋاب بەردى يۇسۇپ.

بالىنىڭ ھالىتى شۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ قەلبىنى يارىلىدى. ئەسلىدە بىر پالاكەت ئالدىدا سوغۇققانلىق بىلەن سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھالى شۇ پالاكەت ئۈچۈن نالە - پەرياد قىلىۋاتقانلارنىڭ ھالىدىن تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولاتتى ۋە يۈرەكنى ئېزەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر ئۇتىنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى، يېنىك نەپەسلىنىۋاتقان كۆكرەك قەپىزىنىڭ ئىچىدە نىمىلەرنىڭ قايناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ بىر خىل قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە قالغانىدى.

ھاكىم كۆزلىرى ياشلانغان كىچىككىنە يۇسۇپنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا، مەن بىلەن كەت، — دېدى.

— نەگە بارىمەن؟

— بىز بىلەن بىللە تۇرسەن، مەن سېنى ئۆز دادىڭدەك ياخشى كۆرىمەن، بولامدۇ؟

— مېنىڭمۇ دادامدەك ياخشى كۆرۈپ كېتەلمەيسىز، شۇنداق بولسىمۇ مەيلى، سىز بىلەن بىللە كېتەي. سىزنىڭ بالا - چاقىڭىز باردۇ؟

— بار، بىراق مېنىڭ ئوغلۇم يوق، سەن ماڭا ئوغۇل بولغىن.

هاكىم يۇسۇپنىڭ ئېگىكىدىن تۇتۇپ بېشىنى كۆتۈرگەندى، يۇسۇپ سىلكىنىپ بېشىنى تارتىۋالدى ۋە ئاستا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ تۇردى. تەكشۈرۈش ئاياغلىشىپ، ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلمىغاندىن كېيىن ئۇلار شەھەرگە قاراپ مېڭىشتى. يۇسۇپمۇ ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى. يۇسۇپ هاكىمنىڭ ئۆيىدە كېچىچە بىھوش، جۆيلۈپ چىقتى ۋە ئىككى كۈنگىچە قىزىتمىسى چۈشمەي يېتىپ قالدى.

## 2

هاكىمنىڭ خوتۇنى شاھىندە خېنىم يۇسۇپنىڭ كەلگەنلىكىگە قاتتىق نارازى بولدى، ھەتتا «نەدىن پەيدا بولدى بۇ يېتىم ئوغلاق» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، بالىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇقتىن - ئوچۇق ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈشتىنمۇ ئەيمەنمىدى.

ياشلىقىنى بەختىياشلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن، ھاياتنىڭ پۈتۈن لەززىتىنى تېتىپ كۆرگەن سالاھىددىن بەي كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىدە بىردىنلا ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، ئەمدى ئارتۇق شاپاشلاشقا دەرمانى قالمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بۇنىڭدىن بەش يىلچە ئىلگىرى ئۆزىدىن ئون بەش ياش كىچىك بىر قىزغا ئۆيلىنىۋالغانىدى.

كىچىك ئاناتولىيەدىكى شەھەرلىرىمىزدە مۇنداق ئۆيلىنىش



www.uyghurkitap.com

كېيىنلى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. خېلى سەۋر ـ تاقەتلىك ئادەملەرمۇ بىر مەزگىل بەرداشلىق بەرگەن بىلەن ھامان بۇ لەنىتى مىكروبتىن ئۆزىنى تارتالماي ئاخىر ئۇدۇل كەلگەن بىر قىزغا كۆزىنى يۇمۇپ ئۆيلىنىشكە مەجبۇر ئىدى.

تەبىئىيكى، بۇ نورمال ئائىلە قۇرۇش بولماي، ئەرلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆيدە بىر ئايالنىڭ بولۇشى، قىزلار ئۇچۇن بولسا، «بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋېتەمسىلىك» ئۇچۇنلا توي قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئۆيلىنىش مىكروبى بىلەن يۇقۇملانغان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقمايتتى، ئەلۋەتتە. بۇنداق تۇرمۇش ئالدى بىلەن، بىر يۇرۇش مەنسەپلىرى، يۇقىرى ئۆرلەش، ئۆزىنى تونۇتۇشتەك بىر يۇرۇش مۇراد ـ مەقسەتلىرى بولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن بىر خىل بىپەرۋالىق ۋە تۇراقسىزلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە بېغىشلىيالمايتتى. ئائىلىدە ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە پىكىر بىرلىكى بولمىغان، سەۋىيەسى، مىجەز ـ خۇلقى، دۇنيا قارشى ۋە باشقا جەھەتلەردە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان بىر مەخلۇق بىلەن بىللە ياشاش ئادەمنى تەركىدۇنيالىققا چۈشۈرۈپ، ھەممىلا ئادەمگە گۇمان بىلەن قارايدىغان قىلىپ قوياتتى.

توي قىلغاندىن كېيىن بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن غايىسى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا بولغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى تېخىمۇ ئۆيلىنىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ قالىدۇ. باشقا كەلگەن بەختسىزلىكنى ئىنسانىدىن سىر تۇتۇپ، دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا بىلىندۈرمەي ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كىشىلەر تەرىپىدىن مەدھىيىلىنىدىغان تېپىلغۇسىز ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە بەخت ـ سائادەت ھېسابلىنىدۇ.

سالاھىددىن بەي ئوتتۇز ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ياشلىقنىڭ ۋە قەلبىدىكى ئۆچمەس ھارارەتنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز ئەركىنلىكى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ قالغانىدى. بىراق، ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەبىئىتى ۋە روھىي دۇنياسى بەزىدە ئۆز ئىرادىسىدىن ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىدىن ئۈستۈن كېلىدىغان بولغاچقا، ئويلىغانلىرى ئەمەلگە ئاشماي غەپلەتكە پېتىپ قالىدىغان ۋە بەزىدە نۇرغۇنلىغان پىتنە ـ پاساتلارغا پەرۋا قىلمايدىغان ھالىلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھوقۇقتا ۋە نوپۇزغا ئىگە بولۇپلا قالسا، ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ئەقىلگە سىغدۇرۇپ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇزاق زامان كېرەك.

سالاھىددىن بەي تولىمۇ چىرايلىق بولغان بۇ قىزنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى ئۇنى چىرايلىق بىر ئاسلانغا ئوخشىتىپ ۋە قوزىدەك ياۋاش كۆرۈپ ئالغانىدى، بىراق بۇ قىز سالاھىددىن بەي ئويلىغاندەك گۆدەك، ساددا قىز بولماي، ئۇنىڭ بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان ھازازۇل بىر قىز بولۇپ چىقتى.

ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سالاھىددىن بەي بۇ چىرايلىق ئاسلاننىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر تىرناقلىرىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ياۋاش قوزىنىڭ قاتتىق مۈڭگۈزلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ شاھىنىدەنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. بۇ ھال ئائىلىدە كۆڭۈلسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى ئۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. مانا شۇ كۈنلەردە سالاھىددىن بەيگە بەزىدە ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ۋە بەزىدە ئۇنداق قىلىشقا ئاجىز كېلىدىغان مەنتىق ۋە ئەقىلگە ئوخشاش نامى ئۇلۇغ ۋاستىلەرلا ئاز ـ تولا مەدەت بولاتتى. يۈزى ئېچىلمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پۈتۈن ئارزۇ ـ ھەۋەس ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئىچىدىن چىقارماسلىقىقا مەجبۇر بولغان بۇ قىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن چىرىكلەشكەن، ئىنتايىن ئەسەبىي بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ئانىسى ئۇنى سەيلىگە ئېلىپ چىقماقچى بولسا، بىر ھازا تاراپ ـ جابدۇش بىلەن ئاۋارە بولاتتى، بىراق ئانىسى بىلەن دادىسى بۇ قىزنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى زادىلا خىياللىرىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار قىزنى باققاللىنىڭ سېۋىتىدىكى ئالمىدەك

پارقىرىتىپ، پەردازلاپ، ئاخىر سېمىز بىر خېرىدارغا بەرگەنىدى. قىز يېتىشتۈرۈشتىن مەقسەتمۇ شۇ ئىدى ـ دە!

ھەقىقەتەن كىچە سائەت ئون ئىككىلەرگىچە تاۋلا① ئويناپ خۇمار بولۇپ يوتقاننىڭ ئىچىدە ئاپپاق ۋە سېمىز خوتۇنلارنى ئىزدەيدىغان ئەرلەر ئۈچۈن بۇ تىپتىكى ئايالالارنىڭ كارى چاغلىق ئىدى. بىراق، سالاھىددىن بەيگە ئوخشاش «ئەقىلگە مۇۋاپىق ئائىلە قۇرۇش»نى خالىغان ئادەملەر ئۆز ئىشىنىڭ جايىدىن چىقمايۋاتقانلىقىنى بىلگىنىدە، نەس باسقانلىقىنى ھېس قىلىپ، شېرىن خىياللار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

سالاھىددىن بەي خوتۇن ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمىدى! قولىغا كەلگەن ۋە شاھىندەنىڭ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكى كىتابلارنى ئەكېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشتى، بىراق خوتۇنى كىتابلاردىن غەلىتە چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى ئۆگىنىۋېلىپ، كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىدىغان بولۇۋالدى، بۇنى كۆرگەن سالاھىددىن بەي ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئېغىز ئاچتىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ «غۇرۇرى»غا تېگەتتى ـ دە، شۇ ھامان جېدەلنىڭ چوغى چىقاتتى.

سالاھىددىن بەي خوتۇنىنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىنى، ئۆز قولىدا يۇزى ئېچىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۆزىگە مەڭگۈلۈك دوست قىلىۋېلىش ئىشەنچى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆز قېرىندىشى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىۋىدى، سەتلەش ۋە مەسخىرە قىلىشقا ئۇچرىدى. كېيىن، ئۇنىڭغا غوجايىنلىق قىلىپ بۇيرۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋىدى، خوتۇنى قارشى چىقىدىغان، تەڭ كېلەلمىگەندە ئاچچىقىدىن ھوشىدىن كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇردى. ئاخىر ئامالسىز قالغان سالاھىددىن بەي ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئورۇنسىز تەلەپلىرىگە، بولمىغۇر

① تاۋلا ــ ئىككى تەرەپ ئون بەشتىن ئۇرۇق تۇتۇپ، ئىككى ئوشۇق بىلەن ئوينايدىغان غەربچە ئويۇن.

قىلىقلىرىغا، ئاخىر بىرىپ ساياھەت قىلىش ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشقۇچە چىداشقا مەجبۇر بولدى. خۇداغا شۈكۈر، ئاناتولىيەنىڭ بۇ ئۆزگىچە خاس دەردلىرىنىڭ يېنىدا، ئۆزگىچە خاس چارىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ «ھاراق» ـ دە.

ئاناتولىيەدە ھاراقنى پالاكەتكە ئۇچرىغان مەنسەپدارلار، سۇنغان سودىگەرلەر، كىرىمى ئاز بايلار، يىللاردىن بېرى چەتكە قېقىلغان دەردمەن ئەمەلدارلار ۋە خوتۇنى بىلەن چىقىشالمايدىغان ھاكىمغا ئوخشاش كىشىلەر ئىستېمال قىلاتتى ...

سالاھىددىن بەي ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭ كەيىپ يۈرۈشى شاھىنىدەنى كىشىلەر نەزەرىدە بەدنىيەت ۋە بىشەم دېگەن نامدىن ئاستا ـ ئاستا خالاس قىلىپ، قانائەتچان ۋە سەۋر ـ تاقەت پەرىشتىسى ئورنىغا كۆتۈرۈپ قويدى.

ئۇلار توي قىلىپ دەسلەپكى يىللاردىلا بىر قىز پەرزەنت كۆرگەندى، بىراق بۇ قىزچاقمۇ دادا بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يىراقلىقنى كۆۋرۈك بولالمىدى.

ئانا قىزى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيانىڭ ئاجايىپلار دىيارى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئانا يېرىم كېچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆكسۈگەن كۆكسىگە باسىدىغان، بۇنداق قىلىقلارنى چۈشەنمەيدىغان بۇ سەبىي بالىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى: «ئاھ، مېنىڭ شور پېشانە قىزىم، ئاھ، مېنىڭ بىچارە مۇئەززەزىم، يېتىم قوزام، قارىغىنە، داداڭ تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ. ئاھ، مېنىڭ تەلەيسىز قىزىم، گۇناھسىز قىزىم!»

بالا بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى، بىراق، تۈن يېرىمىدا ئويغىتىۋېتىلگەن بۇ تەلەيسىز بالا ئۆزىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى زارلىنىشىنى چۈشىنىۋاتقاندەك، گويا بۇ نالە ـ پەريادقا چىداپ تۇرالمايۋاتقاندەك، ئانىسىنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ قاتتىق يىغلايتتى.



www.uyghurkitap.com

ئانىسى شۇ چاغدا بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە بەزلەيتتى، كېيىن باغچىغا ئاچىقاتتى. بۇك ـ باراقسان دەرەخلەرنى ۋە يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاينى كۆرۈش بىلەن بالىنىڭ يىغىسى پەسلىسىمۇ، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بالا يېڭىباشتىن يىغا باشلاپ، قوشنىلىرىنىمۇ ئويغىتىۋېتەتتى. بىر كۈنى شاھىندە بالىسىنى سىرتقا ئاچىقىپ نالە قىلدى:

— يىغلىما، شېكىرىم، يىغلىما، يالغۇزۇم، بىچارە قىزىم، يىغلىما، داداڭ ئەمدى كېلىپ قالار ... يىغلىما، دادىسى بار تۇرۇپ يېتىم بولغان قىزىم، بىزگە قىلغانلارنىڭ جاجىسىنى خۇدا ئۆزى بېرەر، يىغلىما ...

شۇ ئەسنادا قوشنا ئۆيلەرنىڭ بىرىنىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ بىر ئايالنىڭ بېشى كۆرۈندى ۋە:

— نېمە بولدى، شاھىندە قىزىم، بەي تېخى كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كەلمىدى، ھەدە ... ئۇ بالىنىڭمۇ دادىسى كەلمىگۈچە ئۇخلىمايدىغان ئادىتى بار، ئاخشامدىن بېرى، دادا، دادا! دەپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ ... نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم، — دېدى شاھىندە خېنىم.

قوشنىسى بۇ ياش ئايالغا بىرمۇنچە تەسەللى بېرىپ، ئېرىنى بولسا، ئەيىبلەپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلىپ سالاھىددىن بەي كىرىپ كەلدى. پەلەمپەيدىن دەلدەڭشىپ ئاران چىققان سالاھىددىن بەي يېشىنىمەستىنلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

سالاھىددىن بەينىڭ ئۆيگە كىرىپ خوتۇنىنىڭ يالىڭاچلىنىشىنى تەلەپ قىلىشى شاھىندەنىڭ بۇ مەستنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا ئىچىگە سىغمىغان ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى تۆكۈپ ئىچىنى بوشىتىۋېلىشىغا پۇرسەت بولدى. خۇدىنى بىلمىگەن مەست نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى، خوتۇنىنىڭ

قولىغا ئېسىلىپ سۆيەتتى ۋە مۇشتۇمى بىلەن نەيدىسىگە، ئاق كىرگەن بېشىغا مۇشتلايتتى. بۇ چوڭقۇر ناماقۇللۇقتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن شاھىندەنىڭ كۆز ياشلىرى تېخىمۇ تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشەنمىگەن ۋە شۇ تاپتا كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىگە تاشلاپ قويۇلغان مۇئەززەرمۇ رەنجىگەن ۋە كايىغان بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ يىغىدىن توختىمىدى.

## 3

يۇسۇپ بۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان چۈشىنىكسىز ئىشلارغا ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى ئوتتۇرىسىدىمۇ جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ قالاتتى. بىراق، بۇنى جېدەل ـ ماجىرا دېگەندىن كۆرە، دادىسىنىڭ بىرەر ئىشقا ئاچچىقلاپ قالغاندا ئاچچىقىنى ئانىسىدىن چىقىرىۋېلىشى دېسە توغرىراق بولاتتى. چۈنكى، بىچارە ئانا ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈش، گەپ ياندۇرۇش تۇگۇل، تىكىلىپمۇ قارىيالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يىغلايتتى.

يۇسۇپ شاھىندەنىڭ شۇنچە ۋالاقتەگكۈرلۈكىگە ھەيران بولاتتى، بۇنىڭغا چىداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقان ھاكىمغا ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارايتتى.

سالاھىددىن بەي ئۆزىگە قىلىنغان مۇئامىلىلەرگە زادىلا پەرۋا قىلمايتتى. بىر ئۆيدە گېپى ئۆتىدىغان، بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم شۇ ئۆينىڭ غوجايىنى، يەنى ئەر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىدا شاھىندە خېنىمنىڭ گەپ ـ سۆزىنىڭ ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بەزىدە بەكمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلغان خوتۇنىغا: «خوتۇن خەقنىڭ گېپى بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ، بولۇپمۇ سېنىڭ ئەقلىڭ جايىدا ئەمەس» دەپ قاراۋاتقاندەك پەرۋا قىلمايتتى. يۇسۇپ سالاھىددىن بەينىڭ بۇ ۋالاقتەگكۈر خوتۇنىنى نېمە ئۈچۈن

ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارمايدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى.
يۈسۈپ دەسلەپكى كۈنلەردە ھېچكىمگە گەپ قىلىشنى خالىمىدى، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان بولدى، ئىشقا بۇيرۇلماي بوش قالغان ۋاقىتلىرىدا بۇلۇتلار ئارىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك دېرىزىدىن قۇيۇجاق تاغلىرىغا تىكىلىپ قارايتتى، ئەگەر شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۆيگە بىرەر ئادەم كىرىپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال باشقا بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋالاتتى.
ئۇ ھېچكىمگە، ھەتتا ھاكىمغىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلمايتتى. شاھىدە بۇ بالىدا ئادەمگەرچىلىك، مېھىر ـ شەپقەت دېگەنلەردىن ئەسەر يوقلۇقى، ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگىمۇ پىسەنت قىلمىغانلىقى ھەققىدە غودۇڭشىپ قوياتتى. دېمىسىمۇ بىرەر ئادەم بۇ بالىنىڭ بىرەر ئىشقا ئىپادە بىلدۈرگىنىنى كۆرمىگەنىدى.
گاھىدا ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ قالغاندا، يۈسۈپ شاھىدەگە نەپرەت ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قوياتتى؛ سالاھىددىن بەيگە بولسا شۇنچە مېھرىبان ۋە يېقىملىق قارايتتىكى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭدا قانداقتۇر باشقىلاردىن ئالاھىدە، تېخىمۇ چوڭقۇر ھېسسىياتلارنىڭ بارلىقى بىلىنىپ قالاتتى.
يۈسۈپ ھېسسىياتىنى يوشۇرمايدىغان بىردىنبىر ئادەم پەقەتلا مۇئەززەز ئىدى.
دوپپىدەك مۇئەززەز دىقماق پۇتلىرى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە دىكىلدەپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. يۈسۈپ ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاستا سۆيۈپ قوياتتى ۋە قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ ئاۋايلاپ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ ئەركىلىتەتتى. قىزچاق بۇ ئۆيدە ئۆزى بىلەن ئۇرۇشماي ئوبدان ئوينايدىغان بۇ بالىغا باشقىلاردىن يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭ بۇرنىنى سوزۇپ، چېچىنى تارتىپ ئوينايتتى. يۈسۈپ مۇئەززەزنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ پۇلاڭلىتىپ ئويناتقاندا

مۇئەززەز بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ كۈلۈپ تىنىقىپ قالاتتى.

بىراق، بۇ ئويۇنلار ۋە كىچىككىنە قىزچاق يۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى ئاچالمايتتى ۋە ھەرگىز خۇشال قىلالمايتتى. يۇسۇپ دېرىزىدىن قويۇچاق تەرەپكە قارىغان ھامان شۈكلىشىپ قالاتتى ۋە قۇچىقىدىكى مۇئەززەزنى يەرگە قويۇپ بېرىپ، خىيال دەرياسىغا غەرق بولاتتى. بۇ چاغدا مۇئەززەز خۇددى بۇ ئىشلارنى چۈشىنىۋاتقاندەك، ئۈن چىقارماي بىر بۇلۇڭغا بېرىپ مەيۈس، چولپان كۆزلىرى بىلەن يۇسۇپكە قاراپ تۇرۇپ قالاتتى.

يۇسۇپنىڭ بۇ ئادىتى تاكى سالاھىدىن بەي قويۇچاقتىن خېلى يىراق بولغان ئەدرەمىتكە تەيىنلەنگۈچە داۋام قىلدى.

## 4

يۇسۇپ ئەدرەمىتتە مەكتەپكە كىردى، بىراق ئۇزۇن ئوقۇيالمىدى.

يۇسۇپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئون ياشلاردا ئىدى. ئۇ رەڭگى سېرىق، ئاجىز كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك ۋە چىدامىلىق بالا ئىدى، ئۆزىدىن چوڭ باللارغا بوزەك بولمايتتى، گەرچە مەھەللىدە بولۇپ تۇرىدىغان ماجىرالارغا دائىم ئارىلاشمىسىمۇ، ئارىلىشىپلا قالدىمۇ، ئۈستۈن تۇراتتى ۋە تۆت — بەش بالىغا تاقابىل تۇرالايتتى. رەقىبلىرىنى قورقۇتالايدىغان نەرسە ئۇنىڭ كۈچى ۋە جاسارىتىدىن كۆرە، ئۇنىڭدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەمكىنلىك ۋە ئۆزىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچ ئىدى.

ئۇ مەكتەپتىن بىزار بولدى. ئوقۇش ئارزۇسى ۋە ئىشتىياقى تېزلا ئۆچتى، «مەنىسىز» بىلىم ئىگىسى بولۇپ «باينىڭ باللىرى» بىلەن بىللە بولالىشىغا كۆزى يەتمىدى. تەبىئىيكى، بۇ ئەھۋالغا شاھىندەنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى ھۇجۇملىرى ۋە بالىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زەھەرلىك قاراشلىرى سەۋەب بولغانىدى. بىرنەچچە قېتىم شاھىندە بەيگە:

— بەي، مەن دېمىدىمغۇ، بۇ بالا بېشىڭىزغا بالا بولىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئادەم بولمايدىغانلىقىنى تېخى كېيىن كۆرىسىز، قەسەم قىلىمەنكى، بۇ بالا يا ھامىمال بولىدۇ، يا بىر بۇلاڭچى ... بىراق، بۇ دەردنى ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز تاپتىڭىز، باشقا ھېچكىم ئەيىبلىك ئەمەس ... — دەپ چىشىغا تەگكەنىدى.

— خوپ، ئەمىسە، خوتۇن، بۇ بالىدىن ساڭا نېمە كېرەك؟ سەۋر قىلىپ قاراپ باقايلى، بىر ئاز چوڭ بولسۇن، بۇ بالىدىمۇ ھامان بىرەر قىزىقىش پەيدا بولار. يېزىدىن ئايرىلغىنىغا تېخى بىر يىلمۇ بولمىدىغۇ؟ ئەركىن يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان، شەھەر تۇرمۇشىغا تېخى كۆنەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى سالاھىددىن بەي.

— بىلىپ قويۇڭكى، ئۇ تەربىيە كۆرمىگەن يېتىم ئوغلاق دائىم مۇشۇنداق تىزگىنسىز يۈرىۋەرسە، مەن قىزىمنى ئېلىپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن. سىز ئامراق يۇسۇپىڭىز بىلەن قىلىڭ ...

سالاھىددىن بەي شاھىندەگە مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھەمدە ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق بوپلا قولتۇقلاپ پوپوزا قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بەك كەتكۇسى كېلىپ كەتسە ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىنى، بىراق نازىللىدە ئومۇمىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلات باشلىقى بولۇپ تۇرغان دادىسىنىڭ بۇ قىزىنى تۈت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرمايدىغانلىقىنى جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويدى. بۇنى ئاڭلىغان شاھىندە خېلىدىن بېرى توختاتمىغان يىغىسىنى ۋە پوپوزىسىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

يۇسۇپنىڭ ئوقۇشقا بولغان مۇنداق بىپەرۋالىقى سالاھىددىن بەيگىمۇ ياقمايتتى. بىراق، بۇ بالىنىڭ غەلىتە مىجەزىنى بىلگەن سالاھىددىن بەي ئارتۇق تىركىشىپ تۇرالمىدى، پەقەت ئۇنىڭغا بىرنەچچە سوئال قويدى:

— يۇسۇپ، نېمىشقا ئوقۇشنى خالىمايسەن؟

www.uyghurkitap.com

— ساۋاتىمنى چىقىرىۋالدىم، يەنە نېمىنى ئوقۇيمەن؟
— جېنىم بالام، ئۆگەنگەنلىرىڭ تېخى يېتمەيدۇ، بۇ دۇنيادا ئۆگىنىدىغان نەرسە كۆپ!
— ۋاقتى كەلگەندە بىلگەنلەردىن ئۆگىنىۋالارمەن!
— مولLAMدىن ئۆگەنسەڭ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، ئوغلۇم! — بالىنىڭ كۆز ئالدىغا موللام كېلىۋىدى، كالپۇكلىرى ئىختىيارسىز ھالدا يۇمۇلۇپ، قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.
— موللامنىڭ بىلگەنلىرى باشقىلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا ئۆزىگىمۇ پايدىسى تەگكەن بولاتتى. مانا سىزمۇ ئوقۇغان، بىلگەن ئادەم، ئاخىر نېمە بولدىڭىز؟ مېنىڭ دادام ئوقۇمىغان نادان ئادەم بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدە سىزگە قارىغاندا سۆزى ئۆتەتتى، — يۈسۈپ سەل قورۇنۇپ قوشۇمچە قىلدى، — مۇشۇ شاھىنىدە ئانامنىڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە كاپشىيدىغان ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر چارە تاپالمىدىڭىز، سىزنىڭ ئوقۇمۇشلۇق بولغانلىقىڭىزنىڭ نېمىگە پايدىسى بولدى؟
بۇ سۆزلەر گەرچە بالىلارچە ئاددىي ئېيتىلسىمۇ، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى. بالىنىڭ ئىنتايىن ئورۇنلۇق بۇ سۆزلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش سالاھىددىن بەيگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى.
سالاھىددىن بەي بىر مەزگىل ئىشلارنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. شاھىنىدەمۇ رەنجىيدىغان ئىشلارنىڭ ماڭدامدا بىر يولۇقۇپ تۇرغىنىغا قارىماي ئانچە غەيۋەت ـ شىكايەت قىلمايدىغان، مۇئەززەزنى يۈسۈپكە تاشلاپ قويۇپ خالىغان يېرىگە بېرىپ كېلىدىغان بولدى، نەگە بارسا قىزىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاۋارىچىلىكتىن ياكى بولمىسا ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ پىكىر ـ خىيالى بالىدا بولىدىغان پاراكەندىچىلىكتىن خالىي بولۇپ قالدى.
شۇنداق قىلىپ، كىچىك يۈسۈپ خارابىلىككە ئايلانغان كونا قورغان ئۈستىدە ئۈنۈپ قالغان ياۋا ئەنجۈر كۆچىتىگە ئوخشاش

پىنهان ۋە ھەسرەتلىك بولسىمۇ، دىگىنىنى قىلالايدىغان ئەركىنلىككە چىقىپ قالغانىدى.

## 5

ئەدرەمىت ئۈچ تەرىپى قارىغايلىقتۆپە، ئىبرامكۆيى ۋە توشقاندالا دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ چوققىغا ياندىشقان، كۆلىمى خېلى چوڭ، كۆڭۈللۈك بىر ناھىيە ئىدى.

ئىككى كىچىك ئېرىق ناھىيە بازىرىنىڭ بېشىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ تۆۋەنكى بازارغىچە ئېقىپ باراتتى ـ دە، سەل نېرىدىكى كەنتنى ياقىلاپ ئۆتۈپ چوڭ ئۆستەڭگە قۇيۇلاتتى. بىرەر دۆڭگە چىقىپ قارىغاندا، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بىر مەنزىرە كۆزگە تاشلىناتتى: تاملىرى مۇخ قاپلاپ، خىشلىرى قارىيىپ كەتكەن ئۆيلەر چەكسىز كەتكەن ئۈجمە، ئۆرۈك ۋە چوڭ يوپۇرماقلىق ئەنجۈر كۆچەتلىرى بىلەن ئورالغان؛ سايىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئاقۇچ يوپۇرماقلىق ئېگىز قاپاق تېرەكلەر قاتار قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، چەت مەھەللىلەرگىچە سوزۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يىگىرمە نەچچە ئاق مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يىراقتىن قارىغاندا بۇ مۇنارلارمۇ خۇددى لىڭشىپ تۇرغان قاپاق تېرەكلەرگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

يۇقىرىقى بازاردىكى كۆمۈش رەڭ مەسچىتنىڭ ھەيۋەتلىك قۇببىسىدىن دائىم سۇس نۇر چاقناپ تۇراتتى.

ناھىيە بازىرىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى خۇددى سىزىپ قويغان رەسىمدەك رەتلىك ۋە چىرايلىق ئىدى.

بۇ مۇنارلىق دەرەخزار ئەتراپىنى بىيە ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر، تۈزلەڭ تەرەپنى بولسا باراقسان باغلىق چىمەنزار ئوراپ تۇراتتى. بۇ چىمەنزار ئەتراپىدا دائىم شىۋىرلاپ تۇرىدىغان، قارا يوپۇرماقلىق زەيتۇن دەرەخلىرى ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا

www.uyghurkitap.com

سوزۇلغانىدى.

شەھەرنىڭ ئىچى ئوتتۇرا ھال قول سانائەت كارخانىسىنى ئەسلىتەتتى. تار كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياغاچ ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ چېرايلىق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بېغى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە روناق تېپىپ بېيىۋاتقان چوڭ بايلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ تاملىرى مەرمەردىن، دەرۋازىلىرى قوش قاناتلىق ئىدى، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كوچىغا قارىغان بالكونلىرىغا ئىسپانىيە پاراخوتى بىلەن جەڭ رەسىملىرى سىزىلغانىدى. بۇ رەسىملەر ئادەمگە كىچىك ۋاقتىدا ئاڭلىغان چۆچەكلەرنى ئەسلىتەتتى.

سالاھىددىن بەيىنىڭ ئۆيى ھېيتگاھ مەيدانى دەپ ئاتالغان مەركىزىي كوچىدا بولۇپ، چەت ئەللىك ئەمەلدارلار تۇرىدىغان رۇم مەھەللىسىگە ۋە تۆۋەنكى بازارغا يىراق ئىدى.

كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا چوڭ باغ بار ئىدى. بۇ باغنىڭ بىر يېنى سايغا تۇتىشاتتى. باللار ياغاچ تۇڭغا ئورالغان چەمبەرنىڭ ئۆتكۈر تەرىپىنى تۈزلەپ چوڭقۇرلۇقى بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان سۇدا بېلىق تۇتۇپ ئوينايتتى.

ئۆيىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى مەيداندا مەھەللىدىكىلەرنىڭ بۇغداي يارمىسى تارتىدىغان ياغۇنچىقى بار ئىدى. چوڭ بىر تاش كومزەك ئۈستىگە جايلاشقان ياغاچ تۇتقۇچلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن چۆرگۈلەيدىغان كونۇس شەكىللىك تاش ياغۇنچاقنى قىز ـ چوكانلار ئۆزئارا پاراڭ ـ چاقچاقلار بىلەن چۆرگۈلىتىشەتتى.

نېرىقى تەرەپتىكى ساينىڭ كەڭرەك ۋە چوڭقۇرراق يېرىدە مەھەللىنىڭ چوڭراق باللىرى ئۆردەك سوقۇشتۇراتتى.

بۇ يەردىكى باللار خۇددى چوڭلارغا ئوخشاشلا ھەر خىل تەبىقە ۋە گورۇھلارغا بۆلۈنەتتى. بۇ بۆلۈنۈشلەرنىڭ چوڭلارنىڭكىدىن ناھايىتى كۆپ پەرق قىلىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلەتتى، ئەلۋەتتە.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، سۆزى ئەڭ ئۆتىدىغان تەبىقىدىكى باللار ئۆز نۆۋىتىدە سالماق، نوچى باللار ھېسابلىناتتى. بۇلار كەلسە ـ كەلمەس ئىشلار ئۈچۈن جېدەللىشەمەيتتى، ناۋادا جېدەللىشىپ قالسا، جېنىنى تىكىشتىنمۇ يانمايتتى، كىچىكلەرنى ۋە ئاجىز باللارنى دائىم ھىمايىسى ئاستىغا ئالاتتى، مەھەللىدىكى باللار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ماجىرالارنى چىرايلىقچە، بولمىغان يېرىدە زورلۇق بىلەن ھەل قىلاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھەر تەرەپتىن گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان باللار ئىدى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تۇرمۇشى ئوتتۇرا ھال سەۋىيەدە ياكى كەمبەغەللىكتە ئۆتىدىغان ۋىجدانلىق ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئىدى. بۇ باللارنىڭ بەزىلىرى بىرەر ھۈنەرۋەننىڭ يېنىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەيتتى ياكى دادىلىرىغا ياردەملىشەتتى. بۇلاردىن باشقا ئەدەپلىك، ياۋاش، كىشىگە زىيان سالمايدىغان باللارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەكتەپتە ئوقۇيتتى، تىرىشچان ئىدى، ھېچكىمگە چېقىلمايتتى، خەق چېقىلسىمۇ كارى بولماي ئۆز يولىغا ماڭاتتى، باشقىلار بوزەك قىلسا، دادىلىرىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىپ ئەرز قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئەمما، بىرىنچى تەبىقىدىكى «ۋىجدانلىق نوچىلار» ئۇلارنى دادىلىرىدىن بەكرەك قوغدايتتى، بولۇپمۇ مەھەللىدىكى ئاياللار بىلەن ياشانغانلار بۇلارنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. بۇ باللار ئائىلىرى بىلەن دادىلىرىنىڭ ئىپتىخارلىرى ئىدى.

بەزى بىكار تەلەپ، سوقۇشقاق، ئىنسابسىز باللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھېچ نەرسىدىن قورقمايتتى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا سوقۇشاتتى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆردەك سوقۇشتۇراتتى، تاش ئېتىشاتتى، باغچىلاردىكى ئۈجمىلەرگىمۇ تاش ئېلىپ كىشىلەرگە ئارام بەرمەيتتى، مەھەللىدىكىلەر بۇلاردىن بىزار ئىدى. ئەخلاقلىق باللار بۇلاردىن ھامان نەپرەتلىنەتتى.

بۇلار كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان، ئابرۇيى يوق، ئىرادىسىز،

بىزەڭ ئاقنانچىلار ئىدى ھەمدە مۇتلەق كۆپچىلىكى مەنسەپدارلارنىڭ بالىلىرى ئىدى. تەربىيە قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆيىدە دائىم تاياق يەيدىغان، مەكتەپتىن قاچىدىغان بۇ مۇتتەھەم بالىلارنى ھەقىقىي نوچى بالىلار كۆزگە ئىلمايتتى. بۇلار باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن ئوغرىلىقچە نەرسە - كېرەكلەرنى ئەكېلىپ بېرىپ تۇرسىمۇ ئارىغا ئېلىنمايتتى ۋە ئاخىرىدا قوغلىناتتى، ھەتتا مەھەللىدىكى ماجىرالاردا ۋە تاماشىلاردىمۇ ئۇلارغا ئورۇن يوق ئىدى.

يەنە بىر قىسىم قورقۇنچاق، ئىش كۆرمىگەن بىچارە بالىلار بار ئىدىكى، بۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىنتايىن بەختسىز بالىلار بولۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ناھالچى ياكى قەھۋەچىنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان، كۈنىنىڭ ئون سەككىز سائىتىنى ئىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان نامرات بالىلار ياكى ياز كۈنلىرى ئېتىزدا ئىشلەپ، قىش كۈنلىرى زەيتۇن يىغىپ ئائىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان يېتىم بالىلار ئىدى. ھەممەيلەن بۇ بالىلارغا خەيرخاھلىق قىلاتتى ۋە ئىچ ئاغرىتاتتى.

## 6

يۈسۈپ بىر مەزگىل مەھەللىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشمىدى. بېشىدىن ئۆتكەن قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتىلەر ھامان ئۇنىڭ خىيال - پىكرىنى چۇلغاپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ بۇ يەردە ياتسىرايتتى. بۇ يەردىكىلەر نۇرغۇن ئىش بىلەتتى. يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ۋە سۆز - ھەرىكىتىنىڭ چامدامدا بىر چېنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. دەسلەپتە بۇ يات بالا بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. شەھەر بالىلىرى ئۇنىڭغا كىنايە قىلىدىغان ۋە ئۇنى تېرىكتۇرۇپ ئوينايدىغان بولۇۋالدى. يۈسۈپ ئۇلارنىڭ كىنايىلىك گەپ - سۆزلىرىنى

زادىلا چۈشەنمەيتتى.
بىر كۈنى ئۇ ئۆزى ھەققىدە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى بىلجىرلاپ، مەسخىرە قىلىپ ئەتراپتىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋاتقان قارا باشنىڭ مۇھەممەد ئىسىملىك بالىسىنى قاتتىق ئىككى مۇشت سالدى. ئۇشتۇمتۇت تەگكەن مۇشت زەربىسىدىن ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغان بالا يەردە دومىلاپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈسۈپكە ئېتىلماقچى بولۇۋىدى، ئىككىنچى قېتىم مۇشت يەپ يەنە يىقىلدى. يۈسۈپ ئۆز ئەتراپىدا ئۈن - تىنسىز ھاڭۋېتىپ قاراپ قالغان بالىلارنىڭ ئارىسىدىن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ ئۇدۇل ئۆيگە يېنىپ كەلدى.
بۇ ۋەقەدىن كېيىن پۈتۈن مەھەللىدىكى بالىلار ئۇنىڭغا ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالدى. مانا شۇ پەيتتە بىرنەچچە بالا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇكاندار شەرىپ ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئەلى بار ئىدى. ئەلى رەسمىي بىر مەكتەپتە ئوقۇيتتى. ئۇ باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ باقمىغان بالا ئىدى. يۈسۈپ ئەلى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە، ئاپىسىنىڭ ئالدىدا تونۇشتى. ئەلى ياش جەھەتتىن ئۇنىڭدىن چوڭ بولسىمۇ، يۈسۈپ ئەلىنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ئاكا يوللۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئەلى مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆيگە كېلىپ يۈسۈپكە ئۆگىتەتتى. يۈسۈپ ئەلىنىڭ چۈشەندۈرگەنلىرىنى گاھىدا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن، گاھىدا جىددىي قىياپەتتە، ھەتتا قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئاڭلايتتى، ئەمما ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، خۇددى بۇلارنى ئەزەلدىن بىلىدىغاندەك بىر قىياپەتتە تۇراتتى. قارىغاندا، دۇنيادىكى ئەڭ قىزىقارلىق ۋە ھەيران قالارلىق ھادىسىلەرمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلالمايدىغاندەك ئىدى. ئەلىنىڭ بۇنىڭغا ئىچى پۇشاتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى يۈسۈپنىڭ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. كەچقۇرۇنلىرى ئىككىسى بىللە كوچىغا چىقاتتى ياكى چىلەكلىرىنى ئېلىپ چىنارلىقتىكى بۇلاققا كېتىشەتتى. يېزا

www.uyghurkitap.com

بويىچە سۇيى ئەڭ ياخشى ھېسابلانغان بۇ بۇلاقنىڭ باش تەرىپى كەچقۇرۇنلىرى قايناپ كېتەتتى. بىر قولىدا چىپىلەك كۆتۈرگەن، سىڭارىيان بولۇپ ئېگىلىپ كەتكەن، ئاغزىدا سىغىنى يالاڭ ئاياغ، بويىغا يەتكەن قىزلار؛ قوللىرىدا ئىۋرىق كۆتۈرۈپ ناھايىتى تەستە مېڭىپ كېلىۋاتقان ۋە قاراڭغۇدا قورقۇپ يىغلاشقان باللار؛ قوللىرىدا ئىككىدىن تۇنكە تۇڭ تۇتۇۋالغان، چېچى ئوتتۇرىدىن ئىككى يانغا چۇشۇپ تۇرىدىغان، ئاق پەرتۇق تارتقان قەھۋەچىنىڭ شاگىرتلىرىدىن تارتىپ ھەممەيلەن مۇشۇ يەرگە جەم بولاتتى، بەزىدە نۆۋەت تالىشىپ سوقۇشۇپمۇ قالىدىغان ئىشلار بولاتتى. ئاخىرىدا چېلەكلىرىنى توشقۇزۇپ كېتىشەتتى. مەھەللىدىكى بايلارنىڭ باللىرىمۇ ھەر كۇنى كەچتە بۇ يەردىن سۇ توشۇيتتى، بۇ بىر ئەنئەنىۋى ئادەت ئىدى.

يۇسۇپ چىنارلىقتىكى بۇلاق ساياھىتىگە كۆپ ۋاقىتلاردا مۇئەززىنمۇ ئالغاچ باراتتى. يۇسۇپ ئەلى بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا قىزچاق يۇسۇپنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئويمان - دۆڭ يولدا شىپىرلاپ مېڭىپ، كىچىك پۇتلىرى بىلەن تاشتىن - تاشقا سەكرەپ ئويناىتتى. يۇسۇپ ئارىلاپ - ئارىلاپ سۆزىنى توختىتىپ قىزچاققا قاراپ قوياتتى. قىزچاقمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى، بىراق پۇتىنى تاشقا ئۇرۇۋېلىپ تەرىنى تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى، بۇنىڭدىن يۇسۇپ كۈلۈپ كېتەتتى.

يۇسۇپنىڭ بىردىنبىر مۇھىم ئادىمى مۇئەززەز ئىدى، يۇسۇپ ئۇنى دوست - ئاغىنىلىرىدىنمۇ يېقىن كۆرەتتى. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنچىلىق قويۇقلىشىشقا باشلىدى. بەزىدە دادىسى بىلەن ئانىسى قىزىغا گەپ ئۆتكۈزەلمەي قالغان ۋاقىتلىرىدا يۇسۇپكە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

مۇئەززەزمۇ يۇسۇپنىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى. بۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى كۆپىنچە ئىككىسىنىڭ يالغۇز قېلىشلىرى ۋە قىزنىڭ يۇسۇپكە تاشلاپ قويۇلۇشى

تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققانىدى. شاھىنىدە خېنىم نازىلىلىگە قارىغاندا خېلى چوڭ ۋە «تەرەققىي قىلغان» بۇ ناھىيەدە كۆزقاراشلىرى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرمۇنچە دوستلارنى ۋە قوشنىلارنى تاپقانىدى، ئۇلار بىلەن بىللە سەيلىگە چىقاتتى، نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشاتتى. سالاھىددىن بەي بولسا كۈندۈزلىرى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى، كېچىلىرى شاراب بەزمىلىرىدە بولاتتى، بەزىدە ھەپتىلەپ ئۆيگە كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى.

ھاكىمنىڭ ئۆيىدىكى رۇمەلىلىك خىزمەتچى موماي بالىلارنىڭ تامىقىنى تەييارلاپ بېرىپ ئۇخلايتتى. بالىلار ئۆز ئىختىيارىچە ئىدى. شوخ، كەپسىز مۇئەززەز يۇسۇپ كۆزدىن سەل يىراق بولدىمۇ بولدى، ئۆينى بېشىغا كىيەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، يۇسۇپ ئۇنىڭ ئويۇنلىرىنى تۈزىتىپ ۋە ئۇنى باشقۇرۇپ، ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلىدە بولاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا قوبۇل قىلالىغۇچىلىك دەرىجىدە تەربىيە بېرىپ تۇراتتى.

مانا شۇنداق قىلىپ ئايلار ـ يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ بېرىۋەردى.

## 7

ئالانيالىق رۇشتۇ ئەپەندىنىڭ ئوغلى كازىم يۇسۇپنىڭ مەھەللىدىكى دوستلىرىدىن بىرى ئىدى. كازىملارنىڭ بېغى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بالىلار كۆپ چاغلاردا شۇ باغدا ئويناتتى، بالىلارنىڭ بۇ باغنى ياقتۇرۇپ قېلىشلىرى بەلكى باغدىكى مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا كېرەك. مانا شۇ تاپتا بۇ باغدىكى يوغان بىر تۈپ چۈچۈمەل قارا ئۈجمە مەھەللىدىكى بالىلارنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتاتتى. پەقەت مۇشۇ ئۈجمە ئۈچۈنلا كازىم بىلەن يېقىنلاشقانلارمۇ بار ئىدى. كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا چوڭ ـ كىچىك بالىلار قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە چىقىشىۋالاتتى. كەڭ يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ھېلى يۇقىرى - تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتلار كۆرۈنسە، ھېلى بىر شاختىن ئىككىنچى بىر شاخقا سوزۇلغان قول كۆرۈنەتتى. دەرەختىن چۈشۈۋاتقان بالىلارنىڭ باش - كۆزلىرى ۋە كىيىملىرى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنىدى. باللار قوللىرىغا بىر سىقىمدىن ئۈجمە يوپۇرمىقىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى بوياقلارنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن سۇ بار جايغا يۈگۈرۈشەتتى.

ھەم مەكتەپتە ئوقۇيدىغان، ھەم دادىسىنىڭ دۇكىنىدا ياردەملىشىدىغان كازىم يېشى چوڭراق، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بالا ئىدى. ھېچ نەرسىنى باشقىلارغا بىكارغا ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇ ئۆيىدە يېيىلگەن ئۈجمىنىڭ ھېسابىغا جۈمە كۈنلىرى بولىدىغان سەيلىلەردە باشقىلارنىڭكىنى يەپ ئويناپ كېلەتتى.

جۈمە كۈنىدىكى سەيلە مەھەللىدىكى بالىلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ئىدى. ئۇلار بىر كۈن ئىلگىرى، يەنى پەيشەنبە كۈنى شېكەرلىك تاماقلارنى تەييارلىتاتتى، جۈمە كۈنى تونۇر كاۋىپى قىلدۇراتتى ياكى بولمىسا خام گۆش ئېلىۋېلىپ دالادا پىشۇرۇپ يېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇستا ئاشپەز ۋە رايون باشلىقىنىڭ ئوغلى ۋەسفى بار ئىدى. ئۇ مىشچان ۋە قورقۇنچاق بولغاچقا، باللار ئاسان ئارىغا ئالمايتتى، بولۇپمۇ ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىدىن زارلىناتتى. ئەمما، ئۇ ناھايىتى قىزىقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا باللار ئۇنى ئارىغا قوشۇۋالاتتى. ئۇمۇ خۇددى كازىمغا ئوخشاشلا كىشىگە نەپ بەرمەيتتى، خەقنىڭ ھېسابىغا ياشايدىغان بېخىللاردىن ئىدى.

ھاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئېھسان باللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەرد ئىدى. بۇ يىل ئۇنىڭ دادىسى ئوۋغا چىققاندا ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقاندىن كېيىن (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھادىسە يۈز بەرگەن بولماستىن بەلكى بىر پارچە زەيتۇنلۇق يەر تۈپەيلىدىن

ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ئارناۋۇت غالىب بەيىنىڭ ئىنتىقامى بىلەن ئۆلگەن) ئۆيىنىڭ غوجايىنلىقى، پۈتۈن تەئەللۇقات مۇشۇ ئون تۆت ياشلىق ئېھسانغا قالغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئوقۇشنىمۇ تاشلىدى. ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ بەزى بىكار تەلەپلەر بىلەن ئويناپ، هاراق - شاراب ئىچىشىپ، ئاياللار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىرى توغرۇلۇق گەپ - سۆزلەر بولۇپ تۇراتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا چوڭ ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ ئۇلپەتچىلىك قىلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئابروي بىلىشەتتى. كۆڭلى تۇز، مەرد دەپ تونۇلغان بۇ بالىنىڭ بىردىنبىر كەمچىلىكى ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ يوقىلاڭ بىر ئىشلار ئۈچۈن مەھەللىلەر ئارا بولغان جاڭجاللارغا سەۋەب بولۇپ قالاتتى. جۈمە سەيلىسىگە كۆپىنچە باللار قويلىرىنى هەيدەپ چىقىشاتتى. قويلىرىنى ئوتلىتىپ قويۇپ بەزى باللار تاماققا تۇتۇش قىلاتتى، بەزىلەر سۇغا چۆمۈلەتتى، ناهايىتى ئالدىراش يېيىلگەن تاماقتىن كېيىن، ئاغىل - تاغىل ناخشا توۋلىشاتتى، سۆگەتنىڭ شېخىدىن ياسىۋالغان ياكى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن «پىپى»لىرىنى پۈۋلىشەتتى، ئەتراپتىكى باغلاردىن غورا ئوغرىلاپ يېيىشەتتى. بەزى ياۋاش باللار دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قويلىرىغا قارىغاچ قاراقچىلار ۋە لۈكچەكلەر توغرىسىدىكى هېكايىلەرنى ئېيتىشاتتى. بۇ باللارنىڭ كۆن پاتقاندا هېرىپ - ئېچىپ بىر باغلامدىن چۆپىنى يۈدۈپ، قوللىرىدا چىرايلىق ئۇشلىۋالغان تاياقلارنى تۇتۇپ بازار ئىچىگە كىرىپ كېلىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەنە شۇ خىلدا ئۆتىدىغانلىقىنى بايقاش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

## 8

يىللار بىر تەرىقىدە، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە. يۈسۈپنىڭ كونا دوستلىرى، شۇ كونا مەهەللە، هېلىقى

ياغۇنچاق، ئۇنى چۆرگۈلىتىدىغان ھېلىقى ئاياللار ئاۋۇالقىدەكلا ئىدى. ئوخشاشمايدىغىنى، بۇغداي يارمىسى پىشىپ قويغان پالازنىڭ بىر چېتىدە ئەمدى بۇ ئاياللارنىڭ بىرەردىن نىيەت بالىسى ئويناۋاتاتتى. ئەمگەكتىن قوللىرى قاداقلىشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئاۋازلىرىدىن تارتىپ كۆلىكىلىرىگىچە ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

يۇسۇپنىڭ قۇيۇچاق يېزىسىدىن ئايرىلغىنىغا ساق ئالتە يىل بولدى. ئۇ خۇددى ئۆز يېزىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. بىراق، ئۇ شەھەر بالىلىرى بىلەن چىقىشالماي قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۆز يېزىسىدىكى ئاغىنىلىرىنى ئىختىيارسىز سېغىناتتى.

يۇسۇپ بۇ ئالتە يىلنى يازدا دالالاردا تاماشا قىلىپ ياكى سالاھىددىن بەينىڭ جەننەت ئايىغى دېگەن جايدىكى بېغىدا دەرەخ سايىسىدە سەگىدەپ دېگەندەك، قىشتا بولسا، دەسلەپكى چاغلاردا فابرىكىلارنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى زەيتۇن تاغارلىرىنىڭ ئاغزىنى تىكىپ قويغان تېۋىلغىلارنى سوغۇرۇۋېلىپ، قازىق ئويۇنى[①] ئويناپ، كېيىنچە، سالاھىددىن بەينىڭ كىچىك زەيتۇنلۇقىدا زەيتۇن بېقىپ ئۆتكۈزدى.

يۇسۇپ ئون ئالتە ياشقا كىردى. ئۇ بارغانسېرى كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ دادىسىنىڭ ئىشىنى ئۆز قولىغا ئالغان ئەلىنىڭ ھېيتگاھ مەيدانىدىكى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىككى كىچىك ئورۇندۇقتا ئۇ ئىككىسى ئۆتكەن - كەچكەنگە قاراپ سائەتلەپ ئولتۇرۇشاتتى. دۇكاننىڭ ئالدىدىكى مەيداندا كىچىك بىر فونتان بولۇپ، مەسچىتكە ماڭغان ياشانغان كىشىلەر بۇ يەردە تاھارەت ئېلىشاتتى. كۆلچەكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىرنەچچە ئۆردەك بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىرغاڭلاپ قوغلىشىپ ئوينىشاتتى ۋە ياپىلاق تۇمشۇقلىرى بىلەن

① قازىق ئويۇنى — ھېلىلىگەرلىك ئويۇنى.

لاي سۇنى تىلغىشاتتى. پۈتۈن مەيدانغا سايە تاشلاپ تۇرغان يوغان بىر تۈپ چىنار دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى توختىماي شىلدىرلايتتى. سەل نېرىدا تاۋۇزچى ئوغۇللىرىنىڭ چوڭ مېھمانخانىسى ئۆگزىسىدىكى لەيلەك يېڭى ئۇچۇرۇم بولغان بالىلىرىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن غەلىتە قىلىقلارنى قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ ئېلىم – سېتىم ئىشلىرى ئەزەن بىلەن تەڭ باشلىناتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆردەك تاماشىسى ۋە چىنار دەرىخى مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولغان بۇ دوستلار ئۆزۈندىن – ئۆزۈن خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇشاتتى.

بەزىدە قارا پۈركەنجىلىرىنى باشلىرىغا ئارتىۋېلىپ كەڭ مەيداندىن قوللىرىنى سىلكىپ ئۆتكەن بويىغا يەتكەن قىزلار دۇكانغا كىلىپ ئاق كالۇۋتۇن بىلەن يىپەك يىپ ئېلىشاتتى. مېھمانداچىلىقتىن قايتقان خانىملار قەھۋە چىنىلىرىگە قاراپ – قاراپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. بەزىدە بىرەر خىزمەتچى كىلىپ دۇكاندىن يېرىم ئۇقىقا① تۇز بىلەن ئىككى دانە لىمون ئېلىۋالاتتى. تاۋۇزچى ئوغلىنىڭ نەۋرىسى تۇزلانغان پىستە ئېلىشنىڭ كويىدا تەلمۈرۈپ كېتەتتى.

قىشتا كۈن ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ ئاسان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا يۇسۇپ كۈن چىقماستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆتۈكىنى ۋە ماتا چاپىنىنى كىيىپ ئىشچىلاردىن بۇرۇن زەيتۇنلۇققا بېرىپ بولاتتى.

ئۇ يەردە يۇسۇپ ئەرلەرنىڭ ئۆزۈن چىۋىق بىلەن كىچىك يوپۇرماقلىق شاخلارنى چىنەپ ئويناشلىرىنى، ئاياللارنىڭ قارا پۈركەنجىلىرىنىڭ پەشلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇۋالغان ھالدا ئېگىشىپ يۇرۇپ سوغۇقتىن قېتىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن يەردىكى زەيتۇنلارنى تېرىشلىرىنى تاماشا قىلاتتى ياكى بولمىسا، دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ زەيتۇنلۇقنى كۆزدىن كەچۈرەتتى.

---

① بىر ئۇقىقا 12.83 گىرام.

ھەر يىلى شاخلىرى پۇتىلىپ تۇرغانلىقتىن سولىشىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلىنى يوقاتقان ئەگرى ــ دوناي دەرەخلەر ئۈزۈندىن ــ ئۆزۈن ھېكايە ــ داستانلارنىڭ غەلىتە ــ غەلىتە ھەرپلىرىگە ئوخشايتتى. ھەر ھالدا بۇ دەرەخلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەممۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، بىرلا يۇسۇپ.

يۇسۇپ ئىشچىلارنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ياخشى چۈشىنەتتى. بەزى مۇلۇكدارلار ئائىلىلارنىڭ ئىش ئورنىغا ئېلىپ كەلگەن قۇچاقتىكى بالىلىرىنى ئېمىتىشكىمۇ رۇخسەت قىلمىغان يەردە، يۇسۇپ شۇنداق ئائىلىلارغا غەمخورلۇق قىلىپ ئېتىبار بېرەتتى. بۇ نامرات بىچارىلەرگە ئۇنىڭ بەكمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. تاڭ ئاتماستا سوغۇقتىن تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا بىرەر پارچە نان سىلىنغان سېۋەتنى تۇتۇپ، بالىلىرىنى ھاپاش قىلىپ، ئازغىنا پۇل ئۈچۈن شەھەر كوچىلىرىدىن زەيتۇن ئېتىزلىرىغا ئېقىپ كېتىپ بارغان زەپىران چىراي ئائىلىلار ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. يۇسۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرى بىلەن ھال ــ مۇڭ بولۇشقا كۆپ قېتىم تەمشەلدى. چۈنكى، ئۇ ئالتە يىلدىن بېرى كۆڭۈلدىكىدەك مۇڭداشقاق بىرەر ئادەمنى ئۇچراتمىغانىدى. بۇ زەيتۇنلۇقتا ئېغىر ئەمگەك قىلىۋاتقان ئىشچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن مۇڭداشقۇسى بارلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى.

يۇسۇپ شەھەرلىكلەر بىلەن زادى چىقىشالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇ دائىم ياتسىراپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاغىنىلىرىمۇ ئالداپ قوياتتى ــ دە، كەينىدىن چاقچاق قىلىدۇق دەپ تۇرۇۋالاتتى، كۆپ ۋاقىتلاردا ئورۇنسىز يالغانچىلىق قىلاتتى. يۇسۇپ دەسلەپتە بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە ئېلىپ يۈردى، كېيىن پىسەنتىگە ئالمايدىغان بولۇۋالدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق ئىشلار ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈسۈپتە مۇنداق ئويلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى: نامرات ئىشچىلارغا نېمىشقا ئىتقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغاندۇ؟ توغرا، ئۇلارنى خۇدا كەمبەغەل ياراتقانلىقتىن شۇنداق بولسا كېرەك، ئۇنداقتا بۇنىڭغا ھېچكىم ئەيىبلىك ئەمەس، بىراق زادى مۇشۇنداق يارىتىلغان دەپ ئۇلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ يۈرسە بولامدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا ئادەم قاتارىدا قارالمايدۇ؟ ئەگەر خۇدا بايلارنىمۇ مۇشۇنداق كەمبەغەل قىلىپ ياراتقان بولسا قانداق بولاتتى؟ ھەممىسىنى خۇدا ياراتقانغۇ؟ ... ئۇلار ئۆزلىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىنسا ئۇنايتتىمۇ؟ ...

خۇدا توغرىسىدا تونۇشى ئايدىڭ بولمىغان يۈسۈپ خۇدانى خالىغىنىنى قىلىدىغان بىر قورقۇنچلۇق كۈچ دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى، خۇدا ھەرقانچە دەھشەتلىك بولسىمۇ ئۆزىنىڭ خۇدا ئالدىدا غەزەپكە ئۇچرىغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويمىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن قورقۇشىنىڭمۇ ھېچ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلاتتى.

مۇئەززەز ئون ياشقا كىردى. ئۇ بىرنەچچە يىل ئۇزمەي ئوقۇپ ئىپتىدائىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئۆز ئانىسىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئاق كۆڭۈل قوشنا ئاياللارنىڭ ياردىمى بىلەن نەقىشچىلىك، گۈل چېكىش ۋە كىيىم تىكىشنى ئاز ـ تولا ئۆگەنگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا تەڭتۇش ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ماشىنىچى مۇرۇۋۋەت خانىمدىن ئۇد[①] چېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. بىراق، ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپلا يۈسۈپ بۇنىڭغا يول قويمىدى ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنىمۇ دېمىدى. سالاھىددىن بەي قىزى ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارالغان بۇ مۇزىكا دەرسىنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقىدىن نارازى ئىدى، بىراق يۈسۈپنىڭ تەرسالىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمىدى. شاھىنىدە بولسا، ئەتەي مەلۇم ۋاقىت كوتۇلداپ،

① ئۇد ــ باربىتقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋاب.

تەرگەپ باقتى. بىراق، ئۇمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى. يۈسۈپ ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمايتتى. بۇ ئۆيدە كېيى ئەڭ ئۆتىدىغانلارنىڭ بىرى شۇ ئىدى. شاھىندەمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى. ئۇنىڭغا خۇددى ھەممە ئىش تەبىئىي ھالدا مۇشۇنداق بولىدىغاندەك، ھەتتا ئەزەلدىن شۇنداقتەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

مۇزىكا دەرسىنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقىدىن مۇئەززەز قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى. مۇرۇۋۋەت خانىمنىڭ ئۆيى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھەم ئاۋات ئىدى. خۇش چاقچاق، قۇۋ ۋە كۆپنى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ يەرگە يىغىلاتتى. مۇئەززەزنىڭ يۈسۈپكە ئۆز ئارزۇسىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ دەردى پەقەت يۈسۈپ ئاكىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيدىغانلىقى ئۈچۈنلا بىر ئاز يېنىك تۇيۇلاتتى. ئەسلىدە يۈسۈپ مۇرۇۋۋەت خانىمنىڭ ئۆيى توغرىسىدا ھاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئېھساندىن بىرمۇنچە سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن مۇئەززەزنى ئۇ يەرگە بېرىشتىن توسقانىدى.

## 9

يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم كېلىدىغان ھېيت ـ بايراملارلا بۇ كىچىك ناھىيەنىڭ ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا كېتىۋاتقان ھالىتىنى ئۆزگەرتەلەيتتى. بىر ئايغىچە ھەممە ئادەمنىڭ روزى ھېيتنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىدا بولۇشى قانداقتۇر بىر خىل قىزغىن كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرەتتى.

بالىلارنىڭ تولىسى روزا تۇتاتتى، ناماز ئوقۇيتتى. ئۇلار ئۈچۈن كىچىسى زولۇقتا تۇرۇش بىر خىل خۇشاللىق بولسا، چۈشكىچە ئۇخلاش ۋە كۈندۈزلىرى مەست ئادەمدەك خالىغان يەرگە بېرىپ ئايلىنىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى يەنە بىر خۇشاللىق ئىدى. پېشىندە ئۇلار كۈمۈش رەڭ مەسچىتتە ئىبرادالىق سەلىم

ئىمامنىڭ ئەمر - مەرۇپلىرىنى ئاڭلايتتى، ئەسىرى نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيتتى، نامازشامغا يېقىن ئىپتار توپىنىڭ ئېتىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشەتتى. ئىپتار توپى ناھىيەنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بالىلار مەيدانغا يىغىلىۋېلىپ توپ ئاتقۇچىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى. ئۆيلىرى كۈمۈش رەڭ مەسچىتكە يېقىنراق بالىلار مەسچىتنىڭ مۇنارىدا قولىغا سائەتنى ئېلىپ ۋاقىتنىڭ توشۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان، ۋاقىت توشقان ھامان توپ ئاتقۇچىغا بەلگە بېرىدىغان مەزىننىڭ زەپىران چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇشاتتى، توپ ئېتىلىش بىلەن تەڭ يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان ئوقنا ئۇچراپ قالغان ئادەملەردەك قىيا - چىيا ئىچىدە ھەركىم ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشەتتى.

بالىلار يەنە كېچىلىرى چوڭلار بىلەن تەراۋىگە① بېرىشاتتى، ئەمما كۆپ ۋاقىتلاردا تەراۋە تۈگىگۈچە چىدىماي چىقىپ كېتىپ، قەھۋەخانىلارغا بېرىپ، بىر - ئىككى قول ئۈزۈك ئويۇنى② ئوينىشاتتى. تەراۋىدىن كېيىن بالىلار قوللىرىغا كالتەك ئېلىپ، توپ - توپ بولۇپ كوچا چۆرگىلىشەتتى ياكى كۆپارلار مەھەللىسىگە سوقۇشۇپ كەلگىلى باراتتى.

پەيشەنبە كېچىسىنى بالىلار تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشەتتى. بۇ كېچە قەدرە خانىقاسىدا زىكرى - سۆھبەت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار خانىقا ئەتراپىغا تىزىلىۋېلىپ، خانىقاغا كىرىپ كېتىپ بارغانلارنى، بولۇپمۇ ئاياللارنى تاماشا قىلاتتى. كېيىن بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ - سوقۇلۇشۇپ دېگەندەك خانىقانىڭ دېرىزىلىرىگە يامىشىپ چىقىپ يىغا - زار قىلىشىۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەرنى قىزىقىپ كۆرۈشەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىمتىيازلىق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ۋە بەزى ئىنتائەتمەن بالىلارنىڭ دادىلىرى بىلەن خانىقاغا كىرىشكە ۋە زىكرى -

---

① تەراۋە — رامىزان ئېيىدا ئوقۇلىدىغان يىگىرمە رەكئەتلىك ناماز.
② ئۈزۈك ئويۇنى — تۇركلەرنىڭ ئۈزۈك ساقلاپ ئوينايدىغان ئويۇنى.

سۆھبەتكە قاتنىششىغا يول قويۇلاتتى. سەۋەبىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ، خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، رېزىنكىگە ئوخشاش سوزۇلۇپ ـ يىغىلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنى ھەر يانغا تاشلاپ زىكرىگە چۈشكەنلەرنى كۆرگەندە كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن بالىلار تۇرۇپ يۇقىرى تەرەپكە، تۇرۇپ ئايالار تەرەپكە قارىشىۋالاتتى.

مانا شۇنداق ئىشلار بولىدىغان ھېيت كۈنلىرى ھەقىقەتەن جانلانغان، شاد ـ خۇراملىق كۈنلەر ئىدى. دائىم ياتسىراپ يۈرىدىغان يۈسۈپنىڭ ئېقىمغا ماسلىششقا باشلىغان، يەنى بۇ يەردىكىلەر بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كېلىۋاتقان ۋاقىتلىرى دەل مۇشۇ ھېيتقا توغرا كەلگەنىدى.

روزى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى. «شەيتان شايىسى»دىن يېڭى كۆڭلەك كىيگەن يۈسۈپ نامازدىن قايتىپ ئۆيگە كىرگەندە، شاھىندەنىڭ مۇئەززەزنى ياساپ جابدۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بىر ئازدىن كېيىن ئالانيالىق كازىم، رايون باشلىقىنىڭ ئوغلى ۋەسفى، ئۇنىڭ سىڭلىسى مەلىھا ۋە شەرىف ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئەلىلەر كەلدى. ھەممىسى بىرلىشىپ بىر ھارۋا بىلەن ئاقچاي پورتىغا بېرىشقا تەييارلاندى.

بىراق، بۇ چاغدا، ئەلى كازىمغا دادىسىنىڭ چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى، چۈنكى چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا سودا ياخشى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن دۇكان ئاچىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ ھېيت كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇنقى سودىدىن كىرىدىغان كىرىم ئادەتتە بىر ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىتتا كىرىدىغان كىرىمدىنمۇ كۆپرەك بولاتتى. دېمەك، ئاقچاي ساياھىتى چۈشتىن كېيىنگە قالدۇرۇلدى.

ئۇلار چۈشكىچە ھېيتگاھ مەيدانىغا بېرىپ كەلمەكچى

بولۇشتى. يۇسۇپ، مۇئەززەز ۋە ئەلى ئۈچىلىسى يېگى كىيىم كىيىشكەنىدى. ئەلىنىڭ توق سېرىق رەختتىن تىكىلگەن ياقىسىز كۆڭلىكى ۋە بىر يېنىغا كەشتىلىك قول ياغلىق تىكىپ قويۇلغان چاپىنى شۇ كەمدىكى كىيىملەر ئىچىدە ئەڭ يېگى مودا ئىدى.

يۇسۇپنىڭ توق يېشىل شەيتان شايىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلىكى، توقاچ پاشنىلىق شىبلىتى ۋە كەينىگىرەك قىلىپ كىيىۋالغان قالپىقى بەكمۇ هاي - هاي ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىق كىيىنگىنى يەنىلا مۇئەززەز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا كۆن نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھال ئەتلەستىن تىكىلگەن كۆڭلەك، پۇتىدا توقاچ پاشنىلىق ئامېرىكان تۇپلەي بولۇپ، ئىككى ئۆرۈم چېچىغا قىزىل لېنتا باغلىغانىدى. ئون ئۈچ ياشقا كىرىپ بىردىنلا رەڭ تۇزەپ قالغان مۇئەززەز بويىغا يەتكەن قىزلاردەك كۆرۈنەتتى. ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كىچىككىنە كۆكسى ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلەپ تۇرغان بىچارە ئەلىنىڭ كۆزىنى يەيتتى.

ئۇلار ھېيتگاھ مەيدانىغا قاراپ مېڭىشتى. چۇش بولاي دەپ قالغانىدى. ھەر تەرەپتىن قۇلاقنى يارغۇدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەيداننىڭ چېتىدە ئالانىيالىق ۋە ئاقسەكىلىك يايمىچىلار ۋارقىرىشىپ بىلەزۈك، لېنتا، سېغىز، خېنە ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋاتاتتى. بالىلار بولسا، قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان دۇدۇكلىرىنى توختىماي چالاتتى. بىر ھارۋىكەش ئاتلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قولىدا قامچا: «سوغۇقتۇلۇمبىغا، جەننەتئايىغىغا، سوغۇقتۇلۇمبىغا، جەننەتئايىغىغا كىرا تارتىمەن !» دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. بىر ھارۋىغا لىق تولغان كىچىك بالىلار نېمىلەرنىدۇر ۋارقىراشماقتا، ئۆزئارا سۆزلەشمەكتە ۋە ئىسقىرتماقتا. دەل شۇ ئاندا لىق ئادەم باسقان بىر ھارۋا «پوش - پوش» دەپ ۋارقىرىغان سادا بىلەن تېز ئۆتۈپ كەتتى، ھارۋىنىڭ

ئىچىدىكى باللار خۇشاللىق بىلەن:

كوچا بېشىدا مەيخانا،
ئاسما گۈل بار ئىشىكىدە.
قورقماس ئەر بولدۇم مانا،
ئون بەش يىل يېتىپ تۇرمىدە.

دەپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشماقتا ئىدى.

بىر ئاز نېرىغا، مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا گۈلەڭگۈچلەر سېلىنغان، بۇ يەر بەكمۇ قالايمىقان ئىدى. ئىچىگە توققۇز ـ ئون ئادەم سىغىدىغان بۇ گۈلەڭگۈچلەردە ھەر خىل ـ ھەر ياشتىكى كىيىندۈرۈلگەن باللار ئوينىشىۋاتاتتى. چوڭلار بولسا، ئىككى كىشىلىك، قېيىق شەكلىدىكى گۈلەڭگۈچلەرگە چۈشۈپ ئۇچۇشاتتى. چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئەلى:

ـــ قېنى چۈشمەمدۇق ! ـــ دېدى.

ـــ سەن چۈش، مېنىڭ بېشىم قايىدۇ، ـــ دېدى يۇسۇپ بېشىنى شەرەتلەپ.

دەل شۇ ۋاقىتتا بوشىغان گۈلەڭگۈچلەرنىڭ بىرىگە ئەلى بىلەن مۇئەززەز چۈشتى. گۈلەڭگۈچ دەسلەپتە ئاستا ئۇچۇپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئەلى گۈلەڭگۈچنىڭ تانىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى. مۇئەززەز بولسا، قورقۇپ يۈزى قىزىرىپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئەلى ئىككى يانغا ۋە يىراقلارغا قارىغان بولۇۋالسىمۇ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا مۇئەززەزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى ۋە شۇ ھامان ئۇمۇ مۇئەززەزگە ئوخشاشلا قىزىرىپ كېتەتتى. مۇئەززەز بۇنى ئانچە سەزمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ دىققىتى يۇسۇپتە ئىدى. گۈلەڭگۈچ ھەر قېتىم تۆۋەنلىگەندە ئۇ سەل نېرىدا دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرغان يۇسۇپكە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى ياكى بېشى بىلەن شەرەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلاتتى.
شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بىر گۈلەڭگۈچ توختىدى ۋە ئۇنىڭغا هاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئىهسان بىلەن زاۋۇتچى هىلىم بەينىڭ ئوغلى شاكىر چىقتى. بۇنى كۆرگەن يۈسۈپنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. شاكىر ئون سەككىز ياشلاردا بولۇپ ئىنتايىن هاراقكەش، ئەخلاقسىز ئىدى. شۇڭا، هەممە ئادەم ئۇنىڭدىن يىرگىنەتتى. دادىسىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنى رۇم بۇزۇقلىرى ياكى ئىزمىرلىق دوستلىرى بىلەن يەپ ـ ئىچىپ، بۇزۇپ ـ چېچىپ يۈرگەن شاكىرنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى. ئۇ بۇگۈن قارا كۆك كۆڭلىكنىڭ ئۈستىگە پەنجەك كىيىۋالغان، پىنجەكنىڭ ئۈستىگە يېرىم ئۇقا كىلىدىغان كۈمۈش سائەت باغ ئېسىۋالغان، قالپىقىنىڭ جىيىكىگە ناهايىتى چىرايلىق گۈل چېكىلگەن لېنتا ئورىۋالغانىدى.
هاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئىهسان گۈلەڭگۈچكە چىققاندىن كېيىن يۈسۈپنى كۆرۈپ باش ۋە قول ئىشارىتى قىلىپ سالاملىشىپ قويۇپ، بارغانسېرى كۈچەپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇچۇش تېزلەشكەنسېرى شاكىر هەر تەرەپكە دەلدەڭشىگىلى تۇردى. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ خېلى ئېغىر مەست ئىدى. ئىهسان شاكىرنى ئوڭشاپ قويماقچى بولۇۋىدى، شاكىر ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ تاشلىدى. چاچلىرى پاخپىيىپ يۈزىگە چۈشۈپ تۇرغان شاكىر گۈلەڭگۈچنىڭ تانىلىرىنى سىلكىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن يۈسۈپنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. شاكىر ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرگۈدەك قاتتىق سەت كۈلۈپ يېنىدىكى گۈلەڭگۈچتىكى مۇئەززەزگە قارايتتى ۋە بوينىنى هەر تەرەپكە سوزۇپ كىمنىدۇر ئىزدەۋاتاتتى.
شاكىر قالپىقىغا ئورالغان لېنتىنى يېشىۋېلىپ مۇئەززەزگە ئاتتى.
مۇئەززەز قورققىنىدىن «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئەلى

www.uyghurkitap.com

دەرھال گۈلەڭگۈچنى توختىتىشقا كىرىشتى. ھاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئېھسان ئەمدى پۈتۈنلەي يىقىلىش تەرىپىگە ئۆتكەن شاكىرنى تۇتۇۋېلىشقا ۋە ئۇچۇش رىتىمىنى يوقاتقان گۈلەڭگۈچنى توختىتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى.

يۈسۈپ گۈلەڭگۈچتىن چۈشكەنلەرگە:

— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ ئېھسانغا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى.

ئەلى بىلەن مۇئەززەز ئۇلاردىن يىراقلاشتى، بىراق مۇئەززەز بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولۇۋاتقاندەك سەل نېرىدىكى سۇتلۇك گۇرۇچ ھالۋىسى ساتىدىغان يايمىچىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئەلىنىمۇ كەتكۈزمەي كۈتۈپ تۇردى.

يۈسۈپ گۈلەڭگۈچتىن چۈشكەن ئېھساننىڭ يېنىغا باردى ۋە:

— ئېھسان، بۇ ئىتنىڭ بالىسى نېمە قىلماقچى؟ — دېدى.

شاكىر يۈزىگە چۈشۈپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ پارقىراق چېچىنى قالپىقى ئىچىگە تىقىۋېتىپ بۇلار تەرەپكە كەلدى ۋە:

— ھەي خۇمپەر، كىم ئىتنىڭ بالىسى، — دېدى.

ئۇنىڭ قولى ئادىتى بويىچە شىمىنىڭ ئارقا يانچۇقىدا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە ئۇ يۈسۈپنىڭ كېلىشتۈرۈپ ئاتقان بىر مۇشتى بىلەن تەڭ يەرگە دومىلاپ چۈشتى.

ئېھسان ئىككى قولى بىلەن يۈسۈپنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ:

— خۇش بولۇپ كېتەي، يۈسۈپ، ئۇنداق قىلما، قارا، ئۇ مەست ئەمەسمۇ، مەن ئۇنى ھازىرلا كۆزۈڭدىن يوقىتاي، — دەپ يالۋۇردى.

يۈسۈپ ئېھساننى سىلكىۋېتىپ، شاكىرنى يەردىن قوپۇرماي تۇرۇپ ئىككىنى تېپىۋەتتى. مۇئەززەز بىلەن ئەلى دەرھال يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ يۈسۈپنى تارتىپ ئېلىپ كېتىشتى.

بۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرغان شاكىر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماقچى بولۇۋىدى، ئېھسان بىلەن گۈلەڭگۈچكە قارايدىغان ئادەم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى ۋە قولىدىكى تاپانچىسىنى

ئېلىۋالماقچى بولدى.

دەل شۇ ئەسنادا شاكىرنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى ھاجى ئەتەم كېلىپ قالدى ـ دە، مەست شاكىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە:

ـــ بۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار! ـــ دېدى ۋە ئۇنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ كەتتى.

ھاجى ئەتەم يىگىرمە تۆت ياشلارغا كىرىپ قالغان، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ناھايىتى قۇۋ بىر يىگىت ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى ھەجگە بارغاندا تۆت ياشتىكى ئەتەمنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان بولغاچقا، ئۇ ھاجى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغىنىغا قارىماي باشقىلاردىن ياخشى كىيىنىپ يۈرەتتى، باشقىلاردىن ياخشى تاماشا قىلاتتى. ئېھسان ۋە شاكىرغا ئوخشاش باي، ھاراقكەشلەرنىڭ قولىدا پۇلى بولغاچقىلا ئەتەمنىڭ ئۇلارغا خۇشامەت قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشلىرىغا قىز ـ يىگىتلەرنى يىغىپ بېرىشكە ئوخشاش ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئەتەمنىڭ بۇ قىلىقلىرى ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ۋە سۆلىتىگە زادىلا ماسلاشمايتتى، يىگىتلىك غۇرۇرىنى يەرگە ئۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا قالپىقىنى قىرلاپ يۈرەتتى، ئۆزىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملەردەك تۇتاتتى. شاكىرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلاردىن تەركىب تاپقان گۇرۇھى بار ئىدى. ژاندارمىلاردىن تارتىپ يۇقىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغىچە بۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايتتى. چۈنكى، بۇلار پۇلنى خالىغان يېرىگە ئىشلىتەلەيتتى.

بۇ گۇرۇھتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېشى چوڭراق، بوزۇق ھاراقكەشلەردىن ئىدى. بۇلار پۇللىرىنى بوزۇپ ـ چېچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ نام ـ ئابرۇيلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئاز ـ تولا پۇلى بار بەزى بويتاقلارنى ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ، شۇلارنىڭ

مەردلىكىدىن پايدىلىنىپ ھارىقىنى ئېچىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار ئەسلىدە شەھەرنىڭ كونا ۋە ئابرۇيلۇق ئائىلىلىرىدىن بولغاچقا، جامائەت ئىچىدىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى، ئۇلار بايلىقلىرى تۈگىگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا ئىدى، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىپمۇ قالاتتى. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن پالانچىنىڭ ھەدىسىنىڭ تويىنىڭ ھەشەمەتلىك بولغانلىقى، پالانچىنىڭ بىراۋنىڭ ھېيتتا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئولتۇرۇشىغا قاتناشقانلىقى ھەققىدە گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ تۇراتتى. يېشى چوڭراق ئاياللار بۇ سۇنغان ئېسىلزادىلەرنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالىدىغان بولسا، ئۆيىنىڭ ئىچىدە كونا دۇنيالار ۋە مەرھۇم بايلار كۆزلىرىگە كۆرۈنۈۋاتقاندەك، بۇ ئۆيدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماي، خۇددى بۇرۇنقى باي ۋاقىتلىرىدىكىدەكلا تۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولۇشاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلاردا، بويىغا يەتكەن قىزلارغا ئەڭ مۇۋاپىق لايىق يەنىلا ۋەيران بولغان كونا بايلارنىڭ ۋە نوپۇزلۇقلارنىڭ ئائىلىلىرىدىكى ھاراقكەشلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ، دېگەن قاراش بار ئىدى. شۇ نەرسە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇراتتىكى، ئۇ بۇزۇقلارنىڭ ئەسكىلىكلىرى ھەر دائىم كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ تۇراتتى. ئۇلار يېشى چوڭايغانسېرى ياۋاشلىشىپ، بويتاقلىقتىن بىزار بولۇشاتتى ـ دە، ياشلىرىنىڭ قىرىقتىن ئاشقانلىقىغا قارىماي خالىغان بىر ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئائىلىلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئۆز ئەمرىلىرىگە ئالالايتتى. بايلار ئارىسىدا ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆزگەرمەس قائىدىلەر بار ئىدى. بۇ قائىدىلەر سىرتقى مۇھىتنىڭ ۋە ياكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايتتى. شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ ھەرقانداق تەلىپى ئەمەلگە ئاشاتتى، ھەرگىز رەت قىلىنمايتتى. ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلىق پاك، چىرايلىق قىزلار چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چىرىكلەشكەن، يانچۇقىدا بىر نەرسىسىنىڭ تايىنى يوق ئالىقاناتلارنىڭ قۇچىقىغا

تاشلاپ بېرىلەتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا بىر خىل ئىپلاس كېسەللىكلەر بىلەن ناكار بولۇپ قالغان بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئۆيلىرى شۇنىڭدىن كېيىن سىرتقى جەھەتتىن ھېچ نەرسە بولمىغاندەك كۆرۈنىدىغان، بىرەر پاجىئە يۈز بېرىپ قالسىمۇ قاتتىق سىر ساقلىنىدىغان بىر ئۇۋۇغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ بۇزۇق ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆيلىنىش ئارزۇلىرىنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشى، قىزلارنى ئىز دەشكىمۇ دەرمانى يەتمەيدىغان بولۇپ قېلىشى ياكى بىر پاي تاپانچا ئوقىنىڭ قۇربانى بولۇشلىرى ۋە ياكى بىرەر كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىشلىرى شەھەر قىزلىرىنى بۇ ئەبلەخلەردىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى.

ئۇلار شەھەردىكى نوپۇزلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىپلاسلاشتۇرۇۋەتمەي ئاقىلانە ئىش كۆرۈپ ئۆز ئاساسلىرىنى چىڭىتىۋالغان تۇغقانلىرىغا قەرزدار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ تۇغقانلىرى ئەمەلدار بولسا، بەزىلىرىنىڭ زاۋۇت خوجايىنلىرى ئىدى. بۇ كىشىلەر جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان ئاشۇ خىلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى خالىمىسىمۇ، ئۆيىدىكى ئاياللىرى تۇپەيلىدىن چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا ئۇلارنى قوغداپ قېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى، ئۇ پاراكەندە ئادەملەر ياكى ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، ياكى بولمىسا ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئەرلىرى بولۇپ قالغاچقا، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇلار بىلەن قانداقتۇر تۇغقانلىق رىشتىسى باغلانغانىدى، شۇڭا بۇ ئىشتا ئاياللارنىڭ رولى چوڭ ئىدى.

خوش، شۇنداق ئىكەن، يۇسۇپنىڭ ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يانچۇقىدىكى پۇلىنى تۈگىتىۋېتىشكە ئالدىراپ تۇرغان بىرىگە چېقىلىپ قويۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى.

تا ھازىرغىچە ئۇ ئەسكىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى قورقماي ئېچىپ تاشلىغان بىر ئادەم بولغان ئەمەس، بەلكى يۇسۇپنىڭ

www.uyghurkitap.com

هاكىمنىڭ ئوغلى بولۇپ قېلىشى (ئۇنى بۇ يەردە ھەممەيلەن شۇنداق دەپ بىلەتتى) ئۇنىڭ بۇ ئىشتا بىر ئاز ئېھتىياتچان بولۇشىغا ۋە سەۋر ـ تاقەت بىلەن تۇرۇپ تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولسا كېرەك.

ئەگەر يۈسۈپ ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش دەپ ئويلىمىغاندا ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ئازراق بولسىمۇ ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدۇ دەپ قارىغىنىدا ئىدى، ھېيتتىكى ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن بىرمۇنچە ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، مەسىلەن، رايون باشلىقىنىڭ ئوغلى ۋەسفىنىڭ ئۆزى بىلەن سەيلىگە چىقىشنى ئانچە خالىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئالانىيالىق كازىمنىڭ دۈكىنىغا بارغاندا بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلىگە مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىنى سەزگەن بولار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شاكىردىن ۋە شاكىرنىڭ گورۇھىدىكىلەردىن قورقاتتى.

ئەمما، يۈسۈپ مۇنداق ئىشلارنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكى ۋە ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېچ نەرسىنى سەزمىدى.

شۇنداق قىلىپ، قىشقىچە بولغان ئارىلىقتا بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىدى. قىش كىرگەندىن كېيىن بەزىبىر ۋەقەلەرگە يۈسۈپمۇ چېتىلىپ قالدى. يۈسۈپ مۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن يىراقلاشمايدىغان، ھەرقانداق تەھدىتلەر ئالدىدىمۇ يۈسۈپنى قوغدايدىغان ئەلى ئۇنى بىرمۇنچە ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىپ، ساددىلىق ۋە بىپەرۋالىقنى تاشلاپ ھوشيار بولۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى يۈسۈپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان زەيتۇن ئىشچىسىنىڭ

ۋەقەسى ئىدى.

قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يۈسۈپ يەنە كونا ئادىتى بويىچە تاڭ سەھەردە زەيتۇنلۇققا بارغانىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئىشچىلار ئىچىدە تونۇمايدىغان بىر ئايال بىلەن ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. بۇلارنى يۈسۈپ ئىشچىلارنىڭ باشلىقى كوسا ئىبراھىمدىن سورىدى.

— بايۋەچچە، بۇلار شاكىر بەگلەرنىڭكىدە ئىشلىگەن ئىشچىلار ئىكەن. ئۇ يەردە ئازار يەپ، سىزنىڭكىدە ئىشلىسەم دەپ كەپتۇ. قورسىقى تويسىلا بولىدىكەن، — دېدى ئىبراھىم.

يۈسۈپ ھېلىقى ئايالنى چاقىرىپ سورىدى:

— يەڭگە، نېمىشقا كونا غوجايىنىڭىزنىڭكىدە ئىشلەۋەرمەي بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟

— غوجايىن ئۇردى ...

— بىكاردىن ـ بىكار ئۇرمىغاندۇ؟

— بىكاردىنلا ئۇردى ! ...

يۈسۈپ بۇنداق ئىشلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى ۋە:

— خوپ، بىراق مەن سىزنى قانداق قىلىشىم كېرەك، مېنىڭ ئىشچىلىرىم يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى.

— سادىغاڭ كېتەي، بايۋەچچە، قۇلىڭىز بولاي، مېنى قايتۇرۇۋەتمەڭ، بىچارە قىزىم بىلەن تالادا قالدۇق، — دېدى ئايال يالۋۇرۇپ.

يۈسۈپ ئايالنىڭ يېنىدىكى قىزغا قارىدى ـ دە، ۋىجدانى ئازابلاندى. يېشى كىچىك بولسىمۇ بويى ئۆسكىلەڭ بۇ ئورۇق قىزنىڭ چىرايى كىشىنىڭ قورقۇۋسى كەلگۈدەك دەرىجىدە تاتىراڭغۇ ئىدى. بۇ تاتىراڭغۇلۇقنىڭ قانداقتۇر جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق ياكى كەم قانلىقتىن بولماي بىرەر كېسەللىكنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى چىرايىدىكى كۆكۈش سېرىقلىقتىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قاپقارا، ئىنچىكە قاشلىرى

ئاستىدىكى خېلى جىق ئىشلارنى كۆرگەندەك كۆرۈنىدىغان چولپان كۆزلىرى بىلەن ئادەمگە تارتىنماستىن تىكىلىپ قارايتتى؛ نېپىز، قانسىز لەۋلىرىنىڭ ئەتراپى ياشانغان ئادەملەرنىڭكىدەك قورۇلۇپ كەتكەنىدى؛ چىرايىدا قانداقتۇر بۇ دۇنياغا نەپرەتلىنىدىغانلىقى، بۇ دۇنيادىن بىزار بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. يۈسۈپ كۆز ئالدىدىكى ئوبرازنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئازابلاندى، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى گۇناھكاردەك ھېس قىلدى، يۈرىكى ئېزىلدى. ئۇ كۆزىنى قىزدىن ئۈزمەي تۇرۇپ ئانىسىدىن سورىدى:

— سىز مۇشۇ يەردىنمۇ؟

— ياق، بىز چىنەلىك.

— ھە؟ سىز چىنەلىكما؟ ئايدىن چىنەسىدىن بولامسىز؟ بۇ تەرەپلەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

ئايال قىسقا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ژاندارما ئەترىتىنىڭ باش ئوفىتسېرىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە ئېرى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى، ئېرىنىڭ بىر بۇزۇق ئايال بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى بۇزۇق ئايالنىمۇ تاشلاپ، ماناس تەرىپىدىن تاماكا ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى بىلەن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىزدەشمىگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

يۈسۈپ ئۇلارنىڭ چىنەلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇددى بىر تۇغقىنىنى كۆرگەندەك، ئايدىن ۋە نازىلىلى تەرەپلەرگە بېرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

— ئىشلەپ تۇرۇڭ، كېيىنچە بىرەر مۇۋاپىق ئىش تېپىلىپ قالار، — دېدى ئۇ.

ئايال ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئىشلەيتتى. بىراق، قىزچاق كەچ كىرگۈچە يا دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى، يا بولمىسا ئانىسىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرەتتى، بەزىدە زەيتۇن دەرەخلىرىنى قېقىشىپ، زەيتۇن تېرىۋاتقانلارغا قارىشاتتى.

ھېچكىم بىلەن بىرەر ئېغىزمۇ سۆزلەشمەي ئانىسىنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى كۈتەتتى. كەچ كىرگەندە ئانا ـ بالا ئىككىيلەن سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆيىگە ماڭاتتى. يۈسۈپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ قوياتتى. ئايال دۇئا قىلىپ، رەھمەت ئېيتىپ يۈسۈپنىڭ قوللىرىنى سىلىغاندا قىزچاق بۇ قىلىقلارغا پەرۋا قىلماي يات ئادەمدەك سوغۇققىنا قاراپ قوياتتى.

بىر كۈنى ئايال ئەتىگەندە ئىشقا كەلگەندە يېنىدا قىزى يوق ئىدى. يۈسۈپ قىزنى ئاغرىپ قېلىپ ئۆيدە قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ۋە:

ـــ ئۆيدە بىرى بارمىدى؟ ئاغرىققا كىم قاراپ قالدى؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بىزنىڭ كىمىمىز بولسۇن، قىزىم ئۆزى يالغۇز ياتىدۇ.

يۈسۈپ گەپ سۆز ـ قىلماي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى، ئۆيدە ئاغرىپ ياتقان، قارايدىغان ئادىمى يوق ئۇ قىزنى كەچ كىرگۈچە خىيالىدىن چىقىرالمىدى. ئۇ قىزنى قاپقارا كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ، داق يەردە مىدىرلىماي ياتقان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا يۈسۈپ ئايالغا بىللە قايتىشنى ئىشارەت قىلدى. بۇلار ناھىيە بازىرىغا كىرگۈچە ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. سىم ـ سىم يامغۇر تامچىلىرى يولدىكى ھارۋا چاقىنىڭ ئىزلىرىنى تولدۇراتتى. تۆۋەندىكى بازاردىن ئۆتكەندىن كېيىن يۈسۈپ ھېيتگاھ مەيدانىدىكى ئەلىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئازراق ماي ۋە گۈرۈچ جىڭلاتتى ۋە بېشى بىلەن ئايالغا «بۇلارنى ئېلىڭ» دەپ شەرەت قىلدى ـ دە، يەنە بىللە ماڭدى.

ئايال ئىبرامكۆيگە كېتىدىغان يول ئۈستىدە، تۈگمەنبېشى دېگەن يەردە ئولتۇراتتى. ئۇلار بېھىلىك باغ دەپ ئاتىلىدىغان ئەتراپى سالاسۇنلۇق چوڭ باغدىن ئۆتۈپ، ئارقا تېمى ئېگىز دۆڭگە توتاشقان كىچىك خىش ئۆيگە كىرىشتى. ئېگىز ھەم تىك دۆڭدە ئۆسۈپ قالغان بىر توپ ياۋا ئەنجۈرنىڭ شاخلىرى بۇ

ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئارتىلىپ تۇراتتى.

ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ ئۆيىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئايال نەدىندۇر ماي چىرىغىنى تېپىپ ياققۇچە يۇسۇپنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ قالدى ـ دە، بۇلۇڭدا ياتقان قىزنى كۆرەلىدى.

قىز تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يوتقىنىنى ئۆزىگە تارتتى. يۇسۇپ تېخىچىلا بوسۇغىدا تۇراتتى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە شىپىرلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇنى يۇسۇپ ئاغرىق ئازابىدىن تېپىرلىغان ئاۋاز بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغۇدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماي قىزنىڭ ئۆرۈلۈپ يوتقانىنى تارتقان ئاۋازى بولۇپ چىقتى.

— ھەي كۇبرا، بۇ تەرەپكە قارىغىنا، قىزىم، يۇسۇپ بەگ كەلدى، — دېدى ئانىسى.

قىز ئۆرۈلۈپ يۇسۇپكە قارىدى، كېيىن ئاستاغىنا ئۆزىنى تۈزلەپ تامغا يۆلەندى ۋە يوتقانىنى مەيدىسىگىچە تارتىپ مۈرىسىگە چۈشۈپ قالغان قوڭدۇزدەك چېچىنى ئارقىسىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرى سوغۇقتىن دىر ـ دىر تىترەيتتى.

يۇسۇپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ئاغرىپ ياتقان قىزغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قارىدى. قىزمۇ تامغا يۆلەنگەن پېتى يۇسۇپكە قاراپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن يۇسۇپ ئۆزىدە ھارغىنلىق ھېس قىلدى ـ دە، كۆزىنى يۆتكەپ ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىگە قاراشقا باشلىدى.

بۇ سوقما تاملىق ئۆي بولۇپ، بار ـ يوق مۈلۈك — كۇبرا ياتقان كارىۋات، كارىۋات بىلەن ئوچاق ئارىلىقىدا بىر ياغاچ ساندۇق، كارىۋاتنىڭ ئالدىغا سېلىنغان بىر پارچە ئەسكى پالاز ئىدى. ئايال ئوچاق بېشىدا شاپاشلايتتى، ياغاچ ساندۇقنى ئېچىپ، ئىچىدىن ھېچبىر ۋە بىر سىقىم تۇز ئالدى. ئۆيىنىڭ تورۇسىدىكى ئىسلىشىپ كەتكەن لىمدا توپا بېسىپ كەتكەن بىرنەچچە تال قوناق ئېسىقلىق تۇراتتى. كۇبرا ياتقان كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تامدا بىر تۆشۈك بولۇپ بىر تۆشۈكتە ھاكلانغان

بىر پارچە ئەينەك تۇراتتى. بۇ بەلكى دېرىزىدە بولسا كېرەك. ئۆينىڭ ئىچى كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ئەينەك ھاكالانغان بولۇپ، كۈن نۇرىدا تالا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۈسۈپنىڭ كۆزى قىزغا قايتا چۈشكەندە قىزنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

يۈسۈپ قىزنىڭ بىرنېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سەزدى بولغاي:

— كېسىلىڭىز ئېغىرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى قىز.

— ئۇنداق بولسا ياخشى.

قايتا جىمجىتلىق باشلاندى. ئوچاق بېشىدا پۇرچاق شورپىسى قايناتتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئايالنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرى ۋە ئۆگزىگە چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

دەل شۇ ئەسنادا تالا تەرەپتە ئاستا ماڭغان بىر ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئادەم بارلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھاكالانغان ئەينەكتىن بىراۋنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئايال بىلەن قىز بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى. يۈسۈپ دەرھال ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئايال يۈگۈرۈپ بېرىپ يۈسۈپنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— خۇدا ساقلىسۇن، ئوغلۇم. بۇلار مەھەللىنىڭ بويتاقلىرى، دائىم شۇنداق مارىشىدۇ، سىز خاتىرجەم ئولتۇرىۋېرىڭ! — دېدى.

يۈسۈپ ئولتۇرغان يېرىگە قايتا بېرىپ، ئېڭىكىنى تىزىغا قويۇپ، ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئاستىدىن گىرەلەشتۇرۇپ ئولتۇردى. بۇ قېتىم يۈسۈپ ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ھەرىكەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى.

خېلىدىن كېيىن پۇرچاق شورپىسى تەييار بولدى. ھېچىرغا

قۇيۇلغان شورپا ساندۇقتىن ئېلىنغان ياغاچ قوشۇق بىلەن بىللە قىزغا سۇنۇلدى.

قىز يالىڭاچ بىلەكلىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ ھېچنېمىنى ئالدى ۋە بىرنەچچە قوشۇق ئىچكەندىن كېيىن بىردىنلا ھېچىر بىلەن قوشۇقنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. چۆچۈپ كەتكەن ئانا قىزنىڭ ئالدىغا بارغانىدى، قىز ئانىسىنى ئىككى قولى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ يوتقانغا پۈركىنىۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. كىرلىشىپ كەتكەن ئاق كۆڭلەك ئىچىدىكى بەدىنى ئۆكسۈپ يىغلاشتىن سىلكىنىۋاتاتتى.

ئانا ئولتۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى ۋە بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈسۈپنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ:

— كېتىڭ، بايۋەچچە. بۇ يەردىن كېتىڭ، بىز بېشىڭىزغا بىرەر بالا تېرىمايلى يەنە! ... — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

يۈسۈپ ئايالنى ئاستا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ناھايىتى سالماقلىق بىلەن:

— يەڭگە، دەردىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭ، يىغلىماي ئەھۋالنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى.

ئايال ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى قايناتقىدەك ھېكايىسىنى سۆزلەشكە تەمشەلدى.

## 11

سىرتتا يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۆگزىگە چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ تېزلىشىشكە باشلىدى. ئوچاق ئۈستىدىكى جىنچىراغ لىپىلداپ ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى ئارانلا يورۇتاتتى. كارىۋاتنىڭ ئالدىغا تاشلانغان شورپا قاچىسى بىلەن ياغاچ قوشۇق چۈشكەن يېرىدە تۇراتتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم تەگمىگەنىدى.

يۇسۇپ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن هالدا ئايالىنىڭ يىغا ئارىلاش باشلىغان ھېكايىسىگە قۇلاق سالدى. قىز بولسا، كارىۋاتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوتقانغا يۆگىنىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى.

— سىزگە ھەممىنى دەپ بېشىڭىزنى ئاغرىتىۋەتمەيلى، بايۋەچچە، — دەپ باشلىدى ئايال ھېكايىسىنى، — ئۆز يېرىمىزدىن ئايرىلمىغان بولساق بېشىمىزغا مۇنچىۋالا كۈن كەلمەس ئىدى. ئەمدى نېمە ئىلاج دەيسىز. پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن. خۇدانىڭ بۇ كۈنلىرىنى بىزدەك قۇللىرى تارتماي كىم تارتسۇن؟ ئېرىم مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمەكچى بولغاندا مەن ئۇنىماي تۇرۇۋالغانىدىم، ئۇ قانداقلا دېگەنبىلەن ئەر كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايتتى - دە! ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم چىنەدىن چىقمىغان، پەرىشتىدەك ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ئۇنى بۇ يەردە ھەر يولغا سېلىشتى؛ ھاراق - شاراب ئىچۈردى، مەست قىلدى. ئاخىر بېرىپ ئۇنى ئۆيىدىن، بالىچاقىسىدىن سوۋۇتتى. ئۇ ۋاقىتتا مەن نېمە دېيەلەيتتىم؟ ئامالسىز ئىدىم. گۈزەل چىنەمىزنى تاشلاپ بۇ تەرەپلەرگە كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بۇ يەرمۇ ياخشى ئىدى. بىراق، ئېرىم كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىپ ئۆيگە كەچ قايتىدىغان، بەزىدە ھەپتىلەپ قايتمايدىغان بولۇۋالدى. سورىسام «مېنى تۇتماقچى، قېچىپ يۈرىمەن» دەيتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ئادەم ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتىم. ئاراستادا يۇنۇس ئاكا دەيدىغان بىر موزدۇز بار ئىدى. ئۇ بىزگە ھەممە ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ تۇراتتى: ئېرىم ھاۋرانغا ياكى فرەنككۆيى يېزىسىغا بېرىپ ئاياللار بىلەن ئويناپدىكەن. بىر كۈنى ئۇ: «مېنى تۇتماقچى بولۇۋىدى، قېچىپ كەلدىم» دېدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىگە، چارچاپ ھالى قالمىغانلىقىغا قاراپ يۇنۇس ئاكىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ قالدىم. سىيىت ئەپەندى يوتقانغا كىرىپ ياتتى. ئۇخلاۋاتقاندەك قىلغان بىلەن

ئۆخلىمىغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئىككى تەرىپىگە تولا ئۆرۈلۈپ، ئەتراپقا چوڭقۇر مەنىلىك قاراپ قوياتتى. ئىختىيارسىز ھالدا ئۈچ قېتىم ئۇھ تارتتى. يېنىغا باردىم، «بىر ئىش بولدىمۇ سىزگە، سىيىت ئەپەندى» دەپ سورىدىم. بۇ ئادەم ئەسلى ژاندارما بولسىمۇ چىنەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى. ھەر ـ ھەر مۆتىۋەر زاتلار، ئەپەندىلەرمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ھىمايە قىلاتتى. دىنارلىق قارا مۇھەممەت دېگەن كىشىنىڭ ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنىپ قويۇۋېتىلگەنلىكى ھەققىدە ئۇ ماڭا: «ھېچكىمگە ئېغىز ئاچقۇچى بولما، بۇنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، مېنى دارغا ئېسىشىدۇ، جۇمۇ!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە قەسەم ئىچۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. «سىيىت ئەپەندى! نېمىشقا شۇنچە غەمكىنسىز؟ خۇدايىمغا ئامانەت، سىزگە زادى نېمە بولدى؟» دېدىم. ئۇ ھېچ نەرسە دېمەستىن، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلىغاندەك يېتىۋالدى. ئەمما، يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ يوتقاننى تېپىپ ئېچىۋەتتى. سىيىتنىڭ دەردى ھەرھالدا خېلى بار ئىدى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر، ماڭا دېيىشنى خالىمايتتى.

كۇبرانى دادىسىنى قۇرئان ئوقۇسۇن دەپ مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپكە بەرگەنىدى. بۇنىڭغا مەن نېمە دېيەلەيتتىم؟ دادىسى كەچكە يېقىن ئورنىدىن تۇرۇپ كۇبرانى سورىدى. بالىلار مەكتەپتىن ئاللىقاچان تارقىغانىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئويناپ يۈرگەن بولسا دادىسىدىن تاياق يېمىگەنىدى، دەپ ئىچىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى، قاراپ كېلەي دەپ تۇگمەننىڭ ئالدىغا باردىم، ئۇ يەردىمۇ كۇبرا يوق ئىدى. ئاخىر بولماي، رۇقىيە بۇۋىنىڭ ئۆيىگىچە باردىم. مەكتەپمۇ شۇ يەردە ئىدى، ئۇ يەردىمۇ يوق، ھازىرلا چىقىپ ئۆيىگە كەتكەن، دېيىشتى. ئەسلىدە رۇقىيە بۇۋىگە ئۇن تاسقاپ بېرىپ كەچ قايتىكەن. قىزىم مۇنداق ئىشلارغا خېلى چاققان ئىدى. ئەمدى بولسا ھەممە ئىشتىن قالدى، ئىسىت، مېنىڭ بەختى قارا قىزىم!

ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى سەلدەك ئاقاتتى. ئۆزىنى ئورۇپ يىغلاپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ قالدى. كۇبرا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىغا قاراپ قويدى ۋە ھېچ نەرسە دېمىدى، ھەتتا ئاز - تولا تەسەللى بېرىش نىيىتىدىمۇ بولماستىن بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىنىڭ توختىشىنى كۈتەتتى. ئايال كۆز يېشىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقاچقا، دەسلەپكى بىر نەچچە ئېغىز سۆزىنى ئۇققىلى بولمىدى ...

— ئۆيگە قايتقىنىمدا، كۇبرا ئىشىك ئالدىدا: «دادام ... دادام ...» دەپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ. ۋاي بىچارە قىزىمەي، دادىسىدىن يەنە تاياق يېگەن ئوخشىمامدۇ، دەپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. «قىزىم، نېمىشقا يىغلايسىز؟» دەپ سورىدىم. «دادام يوق تۇرىدۇ!» دېدى ئۇ.

قورقۇپ كەتتىم، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرسەم سىيىت ئەپەندى ئۆيدە يوق. كۇبرادىن قايتا سورىسام، جاۋاب بەرمەي يىغلاپ تۇراتتى. ئەسلىدە كۇبرا ئۆيگە كەلگەندە دادىسى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كېتىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ يۈزىگە قاراپ قورقۇپ كېتىپتۇ. «دادا نېمە بولدىڭىز، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

چوپچوڭ ئادەمنىڭ كىچىك بالىدەك يىغلىغىنىغا ھەيران بولدۇم، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىدىن بىرەر تامچە ياش چىققىنىنى كۆرمىگەنىدىم. سىيىت ئەپەندى قىزىنى قايتا - قايتا باغرىغا بېسىپ سۆيۈپتۇ، كېيىن گوجەيلىرىنى يۆگەپ تامدىن مىلتىقنى ئاپتۇ - دە، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

قىزىمنىڭ مەيدىسى ئۇچۇق تۇراتتى. قىزىمدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ: «دادام كېتىشتە بوينۇمدىكى تۇمارىمنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بوينىغا ئېسىۋالدى» دەپ يىغلىغاندا چىداپ تۇرالمىدىم. «يىغلىما، قىزىم! ئۇنى تۇتماقچى بوپتىكەن. شۇڭا قېچىپ كەتكەن گەپ، ئىنشائاللا، تۇمارىڭ مەددەت بېرىپ، تېزرەك قايتىپ كېلىشكە سەۋەب بولۇپ قالار ...» دەپ تەسەللى

بەردىم. بىراق، مېنىڭ كۆزۈمدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. «ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ.» دېدى قىزىم. «قانداق بىلدىڭ؟» دېسەم: «مېڭىش ئالدىدىكى ئەپتىدىن كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ» دېدى قىزىم. ھەقىقەتەنمۇ شۇنىڭدىن كېيىن سېيىت ئەپەندىنىڭ دىدارىنى كۆرگىنىمىز يوق. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئەتىسى ئۆيىنى ئاختۇرۇشتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىسام جاۋاب بېرىشمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساقاللىق بىر يېزا باشلىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا ئېچىنغان ھالدا: «خانىم، ئېرىڭىزنى بىزمۇ ئىزدەۋاتىمىز. ئۇ قوشۇقچى خەيرىيەنى ئېلىپ قېچىپتۇ. خاتالىق ئۆزىڭىزدە، ئېرىڭىزنى نېمىشقا چىڭ تۇتىمىغانسىز؟ ئەمدى ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمەڭ. پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرسىز» دېدى.

ئايال بىرپەس تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن قىزىغا قاراپ قويۇپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— قىزىم بولمىغان بولسا، قانداقمۇ قىلاتتىم. دادىسى كېتىپ قىزىم مېنىڭ قولۇمغىلا قاراپ قالدى. ئۇ ۋاقىتلاردىمۇ خۇداغا شۈكۈر، باي بولمىغىنىمىز بىلەن قورساقتىن غېمىمىز يوق ئىدى. ئۆيدىكى بۇلغۇر يارمىسى بىلەن ماي ئون بەش كۈن يېيىشكە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ــ ئۈچ كۈن ئاچ قالدۇق، بىچارە قىزىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق غەمگە پېتىپ، شۈكلىشىپ كېتىشى يۈرىكىمنى ئېزەتتى. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە: «ئانا بېشىم قېيىپ تۇرىدۇ. ئورنۇمدىن تۇرالمايۋاتىمەن» دېدى. قىزىم بىچارە، قورسىقىم ئېچىپ دەرمانىم قالمىدى دېيەلمەي بېشىم قېيىۋاتىدۇ، دېگەنىدى. ئىچىم سىيرىلىپ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدىم ۋە: «ۋاي خۇدايىمەي، قىزىم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى! ھەي خوتۇن، سەن يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، بالاڭ سارغىيىپ تۈگىشىپ كېتىپ بارىدۇغۇ!» دېدىم ئۆز ــ ئۆزۈمگە. شۇ ھامان

چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ كوچىغا چىقتىم. قوشنىمىز يۈنۇس ئاكام ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر تېپىپ بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن، يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ ئادەم چىرايىمغا قاراپلا ھالىمنى بىلدى بولغاي، قولۇمدىن تۇتۇپ: «ئامان بول قىزىم، بۇ شۇنداق دۇنيا، بۇ دۇنيادا بۇنىڭدىن بەتتەر ئىشلارمۇ بولىدۇ. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ ئاقىلانە ئىش قىل. ئىنشائاللا، خۇدا پۇت ـ قولۇڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ ئۆزۈڭنى ۋە قىزىڭنى نامەردلەرنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتمىسۇن !» دېدى. يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ياشانغان بۇ ئادەم دائىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، يول كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇنى ماڭا خۇدا يەتكۈزدى. «يۈنۇس ئاكا، مەن ئەمدى نېمە قىلسام بولار؟ بۇ يەردە مەن بىر غېرىب ـ بىچارىمەن، ھېچقانداق ئادىمىم يوق، ماڭا كىممۇ ئىش بېرەر؟» دېدىم. بۇ ئادەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ: «بىزنىڭ كەمپىر زاۋۇت باشقۇرىدىغان ھىلمى بەيلەرنىڭ بىر ئايال خىزمەتچى ئىزدەۋاتقانلىقىنى دەۋاتاتتى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆيگە بېرىپ ئۇقۇشۇپ باقايلى، يۈر» دېدى. ئىككىمىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ھىلمى بەينىڭ خىزمەتچىلىرىنى باشقۇرىدىغان بىر ئايال كىشى ئىزدەۋاتقانلىقى راست بولۇپ چىقتى. يۈنۇس ئاكىنىڭ ئايالى دەرھال مېنى ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە ئېلىپ باردى. ھىلمى بەينىڭ ئايالى سېمىز كەلگەن، پۈتۈن ئەزايىغا زىبۇ زىننەت، بېزەكلەرنى تاقىغان خېنىم ئىدى.

يۈنۇس ئاكىنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇ خېلى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندەك قىلدى ۋە: «خانىم بۇ دۇنيادا ئەرلەرگە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟ سىز ئەمدى ئىشلەڭ، ئۆز قولىڭىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كۈن كۆرۈڭ. بۇ يەردە ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىدىكىدىنمۇ راھەتكە چىقىپ قالىسىز» دېدى. بۇ خېنىم ھاكاۋۇردەك كۆرۈنگىنى بىلەن دىلى يۇمشاق ئايالدەك قىلاتتى. ئەپسۇسكى، ئاز راھەت كۆرسەممۇ ئۆز ئۆيۈم

www.uyghurkitap.com

بولسىدى ... بىراق بۇنىڭغا ئامال يوق ـ تە، ياقا يۇرتتا ئىشلەپ يۈرۈش ماڭا ھەر قانچە ئېغىر تۇيۇلسىمۇ قىزىمنى دەپ چىداشلىق بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەتىسى ھىلمى بەيلەرنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدۇق، كۇبرا بىلەن ئىككىمىزگە كىچىك بىر ئېغىز ئۆينى بەردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئىش بىر ئاز ئېغىر بولسىمۇ، قورسىقىمىز توق، كىيىمىمىز پۈتۈن بولغاچقا ئاستا ـ ئاستا كۆنىدىغان گەپ ئىكەن. ئۆز ـ ئۆزۈمگە: بۇ يەردە تىرىشىپ ئىشلەپ بايلارغا ياراپ قالسام ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپ قالساممۇ مەيلىدى، قىزىمنىمۇ ۋىجدانلىق بىرەر ھۈنەرۋەنگە بەرسەم غەمدىن خالاس بولار ئىدىم. كىم بىلىدۇ تېخى، كۇيۇئوغلۇم ئوبدان چىقىپ قېلىپ، مېنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرغۇزامدۇ؟ ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، مەنمۇ خاتىرجەم، قىزىم بىلەن كۇيۇ ئوغلۇم ئۇچۇن پايپېتەك بولۇپ، باللىرىنى بېقىپ خىزمىتىنى قىلار ئىدىم، دەيتتىم. دېمەك مېنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم كۇبراغا باغلىق ئىدى ...

ئايال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىسىمۇ كۆزىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىۋالمىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئايال ھېكايىسىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، تالادا يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئاۋازى ئارىسىدىن تۇيۇقسىزلا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئاياغ ئاۋازى ئىشىككە يېقىنلىشىپ كېلىپ ئىشىك جىددىي چېكىلدى. ئايالنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى:

ـــ كىم؟

ـــ ئىشىكنى ئېچىڭ، ئېچىڭ دەيمەن !

يۈسۈپ دەرھال ھاجى ئەتەمنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى.

ـــ ئىشىكنى ئاچىسىڭىزچۇ !

ئايال ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. تالادا جۇۋا كىيگەن ھاجى ئەتەم چىلىق ـ چىلىق يامغۇرغا چىلىشىپ تۇراتتى. ئۇ

ئۆيىنىڭ ئىچىگە بىر قەدەم تاشلىدى ۋە يۇسۇپنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا چېكىنىدى. ئۇ يۇسۇپنى مۇشۇ يەردە، دەل مۇشۇ پەيتتە كۆرىمەن دەپ پەقەت ئويلىمىغانىدى.

ھاجى ئەتەم دەررۇ ئۆزىنى تۇزۇۋېلىپ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ:

— كېچىلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، يۇسۇپ ئەپەندى! — دېدى ـ دە، يۇسۇپتىن كۆزىنى يۆتكەپ ئايالنى يېنىغا چاقىرىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشكە تەمشەلدى.

ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلا ـ ئېچىلمايلا ئايالنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى ۋە ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— مەندە يەنە نېمە ھەققىڭىز بار؟ ماڭا قىلغانلىرىڭىز يەتمىدىمۇ تېخى؟ ئېيتىڭا، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالماقچىمۇسىز ياكى تاماشىمىزنى كۆرمەكچىمۇ؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ياخشى ئەمەس! قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇق ئىشلىتەلمىدۇق. بالايىئاپەتنى بۇ يىگىتنىڭ ئۇستىگە ئارتالمىدۇق. بىز سىزدەك ۋىجدانسىز ئادەملەردىن ئەمەسكەنمىز. ئەمدى سىزگە قانداق قىلىپ بەرسەك بولىدۇ؟ خۇددى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك ھومىيىسىزغۇ! ياق، سىز ماڭا خاپا بولماڭ، مېنىڭ خاتالىقىم يوق. مەن بەلكىم ئىشنى ئاخىرغىچە كۆتۈرەر ئىدىم. بىراق، قىزىم كۆتۈرەلمىدى، بۇ پەسكەشلىكنى كۆتۈرەلمىدى، مېنى ئەيىبلەپ ئىزا تارتقۇزدى. كىچىك تۇرۇپ ئانىسىغا تەربىيە بەردى. خۇدا مېنى كەچۈر! بۇ مېنىڭ گۇناھسىز بىچارە قىزىم — سىز نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، ئۇ بىر گۇناھسىز قىز، ئۇنىڭ قەلبى پاك — مېنىڭ چوڭ گۇناھ قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتىۋاتىدۇ. قاراڭ، ئۇنىڭ يىغىسىنى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى ياخشى ئىش دەپ ئويلامسىز؟ خۇدا بۇنى سىزگە راۋا كۆرىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ئاخىر بۇ بالىنىڭ ئاھۇ زارىغا قالىسىز تېخى! سىزنىڭ بۇنىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ قىلغانلىرىڭىزنى ئاز دەپ ھېچقانداق خىجىل

بولمايلا بۇ يەرگە كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراۋاتىسىز، ھېچ ئىش بولغىنى يوق! بۇ يىگىتنى بىرنەرسە قىلالمايسىز، ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ تۆپەيلىمىزدىن بۇ يىگىتكە زىيانكەشلىك قىلالمايسىز. خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ ھەممە قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭلارنى شىكايەت قىلىمەن، بىلەمسىز، بىزمۇ سىزگە ئوخشاشلا مۇسۇلمان، خالىسىڭىز، شۇ چاغدا بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ. قىلمىغىنىڭىز شۇلا قالدى. تېخى تۆۋەنكى بازارغا بېرىپ ھەممىنى ئاشكارىلايمەن. باغرى تاش ئادەملەرمۇ كۆبرانىڭ چىرايىغا قاراپلا ئىچى ئاغرىپ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنمەي قالمايدۇ.

ئايال سۆزىنى تۈگىتە - تۈگەتمەيلا ھاجى ئەتەم ئايالنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قايرىدى ۋە ۋارقىرىغىنىچە ئىككى پۈكلىنىپ قالغان ئايالنى بىر كاچات سالدى. كۆبرا داد - پەرياد قىلىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئانىسى تەرەپكە يۈگۈردى. يۈسۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر قولى بىلەن بۇ ئەبلەخنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ تۇرۇپ يەنە بىر قولى بىلەن بىر مۇشت سېلىۋىدى، ھاجى ئەتەم «ۋايجان» دېگىنىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئوچىدىسىغا چۈشتى.

## 12

ھاكىم سالاھىددىن بەي ئاۋۋالقىدەكلا كۈندۈزلىرى ئۆز خىزمىتى بىلەن، كېچىلىرى ئىچىملىك بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇلپەتداشلىرىمۇ ساناقلىقلا ئىدى. ئۇزاق يىللىق خىزمەت تەجرىبىسى ئۇنىڭغا يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش خىزمەتچىلەرگە نېمىشقا شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەنىدى. باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالماسلىق ھەم ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش

ئۇچۇن ئۇ زىياپەتلەرگە، تەكلىپ قىلىنغان يەرلەرگە، مېھماندارچىلىقتا بىرىشقا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەي، ئۆزىگە ئىشەنچلىك، ھوقۇق مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن بىرنەچچە ئادۋوكات بىلەن ۋە بەزىدە جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش نازارىتىنىڭ رەئىسى بىلەن تىنچ ئولتۇرۇپ، ئاز ـ تولا ئىچىشىشنى خالايتتى.

ئادۋوكاتلاردىن ھۇلۇسى بەينىڭ تۇشقاندالادا چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جايى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بېغى ئەدرەمەت بويىچە بىردىنبىر كاتتا باغ بولۇپ، ئەتراپى شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان، يوللىرىغا شېغىل ياتقۇزۇلغانىدى.

ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا ئۈزۈم بارىڭى ۋە فونتانلىق كۆلچەك بار ئىدى. كەچقۇرۇنلىرى كۆلچەكنىڭ يېنىغا ئۈستەل قويۇلۇپ، ئۈستىگە تۈزلانغان چەيزە، قىزارتىپ پىشۇرۇلغان بېلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەر قويۇلاتتى. كۆلچەكنىڭ قىرغىقىغا بولسا، ھاراق بوتۇلكىلىرى تىزىلغان بولاتتى. قىش كۈنلىرى بۇ ئۈستەل ئۆينىڭ ئىچىگە ھازىرلىناتتى. ئەدرەمىتتە ئىشلىتىش ئانچە ئومۇملاشمىغان كۆك چىنەمەشكە ئوت يېقىلىپ، ھاراق مۇشۇ يەردە ئىچىلەتتى.

قىشنىڭ سوغۇق بىر كۈنى كەچتە سالاھىددىن بەي، جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش نازارىتىنىڭ رەئىسى ۋە بىرنەچچە ئادۋوكاتلار ھۇلۇسى بەينىڭ ئۆيىگە يىغىلدى.

ئۇلار ئوبدانلا كەيپ بولۇشقان ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلىپ ھىلمى بەي بىلەن ھاجى ئەتەم كىرىپ كەلدى.

ھىلمى بەي ئەدرەمىتنىڭ كونا مۆتىۋەر ئائىلىلىرىنىڭ بىرىدىن كېلىپچىققان ناھايىتى مەرد ئادەم ئىدى. مىدىللىدى ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتكۈزگەنلىكى ئۇچۇن يۇرتنىڭ بىلىملىك ئادەملىرىدىن ھېسابلىنىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. بىراق، بۇ ھۆرمەت يەنىلا ئۇنىڭ تۇگىمەس ـ پۈتمەس مال ـ دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئەلۋەتتە. دېمىسىمۇ ئەدرەمىتتە زەيتۇنلۇقى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىرەر ئادەم تېپىلمايتتى. ئۇنىڭ پۇلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ھېسابىنى بىرلا خۇدا بىلەتتى. «ھىلمى بەيىنىڭ دۇنياسىنىڭ ھېسابىنى ئالماق تەس، ئالتۇنلىرىنى ئاشلىق تارازىسىدا ئۆلچىمىسە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ بار ئىدى.

بۇ ئادەمنىڭ ئوغلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈگىمەس ھېكايە ئىدى. چۈنكى، ھىلمى بەي ئوغلى شاكىرنىڭ ئەخلاقسىزلىقلىرىنى تۈزىتىش ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلاش ئۈمىدىدە ئۇنى ئېغىر جازالاشقا ئۇرسۇن، شۇنداق بولمىغۇر قىلىقلارنى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ ئوغلى بىلەن بىللە قىلاتتى. ئىزمىرلىق، مىدىللىلىق ياكى يەرلىك رۇم باللىرى بىلەن يازدا جەننەت ئايىغىغا كېتىشەتتى، قىشتا سەرراپ پاھىشىخانىلىرىدا يۈرەتتى ۋە ئوچۇم ـ ئوچۇملاپ پۇل چاچاتتى. بۇنى كۆرگەنلەر شاكىرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئائىلىدىن چىققىنىغا قارىغاندا ھېلىمۇ بۇنىڭدىن بەتتەر يامان بولۇپ كەتمىگىنىگە ھەيران بولۇشاتتى.

ئوغلى بىلەن دادىسى ئوتتۇرىسىدا بەزىبىر يوشۇرۇن مۇناسىۋەتلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ قاتتىق سىر تۇتۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا سۆز ـ چۆچەك خېلى قويۇق ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ كەچتە كېلىشلىرى ھەر ھالدا مەقسەتلىك ئىدى. ھىلمى بەي بىلەن ھۇلۇسى بەي ئانچە يېقىن بۇرادەرلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تاسادىپىي قەدەم تەشرىپىنى مەنىسىز دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ھاجى ئەتەم بىلەن بىللە كېلىشىنىڭ ئۆزىدىمۇ چوقۇم بىر مەقسەتنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

مەلۇم ۋاقىت ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇشتى، بىرنەچچە قەدەھنى بىللە كۆتۈرۈشتى. ئۇلار بۇ يەرگە كەيىپ كەلمىگەچكە، بۇ بىرنەچچە قەدەھنىڭ ھېچقانچە تەسىرىمۇ بولمىدى، ئۇلار ئۆيدىكىلەرنى توختىماي كۆزىتىپ تۇراتتى.

بىرئازدىن كېيىن ھىلمى بەي جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش

نازارىتىنىڭ رەئىسگە:
— بىر ـ ئىككى قول ئوينىمايلىمۇ؟ قانداق دەيسىز؟ — دېدى.
رەئىس ناھايىتى نومۇسچان، ھەققانىيەتچى ئادەم ئىدى، قىمار ئويناشنى نومۇس كۆرەتتى، چوڭ سورۇنلارغا بېرىپ قالغانلىرىدا، بىرەر ـ ئىككى سائەتلىك قىمارغا نائىلاج قاتنىشىپ قالاتتى.
— سىز مېنى ياخشى بىلىسىز، باشقا ئادەتتىكى ئويۇنلارنى ئوينايلى، — دېدى رەئىس.
ھاراق ئۈستىلى چىقىرىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كىچىكرەك ئۈستەل قويۇلدى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك داستىخان سېلىنىپ، قارتا قەغەزلىرى قويۇلدى.
بۇ يەردە ئويۇنالماقچى بولغىنى ئاز ئۇچرايدىغان «ئوتتۇز بىر» دېگەن ئويۇن ئىدى. ھىلمى بەي كۆلۈمسىرەپ:
— رەئىس بەگ، بۇگۈن ئاخشام «قىلىچ چېپىش» ئوينامسىز يا؟ — دېدى.
— خۇدا ھەققى، بۇ تۇرمىدە ئوينىلىدىغان ئويۇن! — دەپ جاۋاب بەردى رەئىس.
— بۇلارنىڭ ھەممىسى قىمار ئەمەسمىكەن، بۇرادەر؟ چوڭ ئىش قىلمىساقمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن بىر ـ ئىككى قول قارتا ئوينايلى! — دېدى ھىلمى بەي.
— مەيلى، بوپتۇ!
كۆلكە ئىچىدە ھەممەيلەن ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشتى. تەلەيلىرىنى سىناپ، ئۆزلىرىگە ماسلاشمايدىغان بۇ ئويۇننى ئويناشقا باشلىدى.
ئالدى بىلەن ھىلمى بەي قارتىلارنى شىيلاشقا باشلىدى ۋە يېنىدا تۇرغان ھاكىمدىن:
— ئۆزلىرىگە نېمە كېرەك، بەي ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى.
ھاكىم ھەيران بولۇپ:

www.uyghurkitap.com

— بەي، مەن ئويۇن - پويۇن دېگەننى بىلمەيمەن. بۇ يەردە بىر سىر بارمۇ، نېمە؟ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى.

— بىلىپ - بىلمەيدىغان ئىش يوق، جانابلىرى بىلمىگەن بولسىڭىز ئۆگىنىسىز! — دېدى ھىلمى بەي ۋە بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئويۇننى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بىراق، مەن بۇ ئويۇننى ئوينىيالمايمەن.

رەئىس گەپكە ئارىلاشتى:

— گىرىيلىك قىلمىساڭچۇ ئاداش، بىر قول ئويناپ تارقىلىپ كېتەيلى.

سالاھىددىن بەي كۆلدى:

— مېنىڭ ئوينىيالمايدىغانلىقىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز!

— بۇنى چوڭ بىر ئويۇن قىلىۋالماڭ، بەي ئەپەندى. بۇ ئويۇندىن مەقسەت كۆڭۈل ئېچىش! ... سىزگە نېمە كېرەك؟ — دېدى ھىلمى بەي ۋە سالاھىددىن بەينىڭ ئالدىغا چارەك كۆمۈش پۇلنى قويۇپ، — بۇنىڭغا توققۇزلۇقنى بېرىڭ! — دېدى.

ھىلمى بەينىڭ قولى چاققان ئىشلەيتتى، سالاھىددىن بەينىڭ ئالدىغا توققۇزلۇق چۈشتى. ھىلمى بەي دەرھال يانچۇقىدىن چارەك ئالتۇننى چىقىرىپ:

— مەرھەممەت، ئەمدى سىز قارتىلارنى يىغىۋېلىپ تارقىتىڭ! — دېدى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئويۇن راسا قىزىغاندا ھەممەيلەن جىمىپ كېتىشتى. ئوچۇق چىرايلار ئورنىنى ھاياجان ۋە ئاچ كۆزلۈك ئىپادىلىرى ئېلىشقا باشلىدى.

— بىر بوپ، ئىككى لىراغا!

— بىر ئۆچلۈك، باراۋەر بولۇشىمىزغا! — دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئارقا - ئارقىدىن يەرگە چۈشۈۋاتقان قارتىلار ئاجايىپ ئاۋازلارنى چىقىراتتى.

ئۇستەلنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇلغان پانارنىڭ سارغۇچ يورۇقى ئويۇنچىلارنىڭ يۈزىنىلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ باشقا

جايلىرى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇستەل ئەتراپىدىكىلەرنىڭ يوغان ـ يوغان كۆلەڭگىلىرى تاملاردا غەيرىي ۋە چوڭ مەخلۇقلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتەتتى.

بۇلۇڭدىكى ئەينەكلىك تام ئىشكاپىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تۇرغان بىر نەچچە قەدەھ، ئازراق سۇرگۇش ۋە ئازغىنا چىلىغان سەيگە خېلىدىن بېرى قول تەگمىگەنىدى.

ئۇلار بىردىنلا چىرايلىرى سارغايغان، قوللىرى تىترىگەن، كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. قارتىلىرىنى شىلىغاندا يېرىمى يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى ۋە ئۇنى تېرىۋېلىپ دەرھال باشقىسىغا سۇناتتى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا يانچۇقلىرىدىن خوتۇنلىرى توقۇپ بەرگەن چىرايلىق ھەميانلىرىنى چىقىرىشىپ ئىچىدىن تىترەپ كېتىۋاتقان قوللىرى بىلەن پۇل ئېلىشاتتى.

ھۇلۇسى بەي بىلەن يەنە ئىككى ئادۋوكات ئانچە زىيان تارتمىدى. ئۆزلىرى چوڭ سۆزلىمەيتتى، چوڭ سۆزلىگەنلەرگە قارتا بەرمەيتتى. رەئىس ئۆزىنى قانچە تارتىپ تۇرسىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن ئورنىدا جىم ئولتۇراتتى، ئۇ كۆپ چىقىم تارتماسلىقنىڭ كويىدا ئىدى. چوڭراق زىيان تارتقانلار ھىلمى بەي بىلەن سالاھىددىن بەي ئىدى.

سالاھىددىن بەي ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئۇ يانچۇقىدىن ھەممە پۇلىنى چىقارغاندىن باشقا، ھىلمى بەيگە ئەللىك ئالتۇن قەرزدار بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئويۇنغا كىرىشكەنىدى. ئۇ قىمار ئويناشنى بىلمەيدىغان كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان ئەسەبىيلىك بىلەن ئويناپ ئۆزىنىڭ تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى، بىر قېتىم ئۇتتۇرۇپ قويسا، ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە، ئۈچىنچى قېتىم ئىككىنچى قېتىمدىن يەنە ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇلنى تىكەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئۇتتۇرۇشقا باشلىدى.

ھەممەيلەننىڭ پۇلىنى ھاجى ئەتەم ئۆتنۈۋالدى. ئۇ جىددىي قىياپەتتە، گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۆتنۈۋالغان پۇللارنى جايلاپ قويۇپ قارتىنى يەنە ئېچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۆپ پۇل يوق ئىدى. بۇ ئويۇندا ئۇتتۇۋالغان پۇل ئورتاق خەجلىنىشى شەرت بولمىغاچقا، ھاجى ئەتەم سىرىق رەڭلىك لىرالارنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئالدىغا بىرنەچچە مەجىدىيە[1] تاشلاپ قويغانىدى.

ھىلمى بەيمۇ زۇۋان سۈرمەي لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ مەردلەرچە كۆلۈمسىرەپ قوياتتى.

سالاھىددىن بەي بولسا، روھى چۈشۈپ بىچارە قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ چىرايى سارغايغان ھالدا ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— بىگىم، مانا پۇل! — دەپ ئۈستەلگە بىر سىقىم لىرا قويدى.

رەئىستىن باشقا بىرنەچچەيلەن ۋە ھۇلۇسى بەي بۇ ئويۇندا چوقۇم بىر خاتالىقنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلدى. بىراق، پاكىت بولمىغاچقا ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمىدى. بۇنىڭدىكى سىر نەق مەيداندا چېنىپ قالسا ئىدى، ئۆزلىرىگە تازا پايدىلىق بولاتتى. مانا شۇ تاپتا سورۇندىكىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىدا مەستلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھۇلۇسى بەي سالاھىددىن بەيگە ھېسداشلىق ۋە ئېچىنىش بىلەن قاراپ قوياتتى. بىراق، ھىلمى بەينىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. سالاھىددىن بەي بۇ ئويۇننى توختىتىش ھەققىدىكى تەكلىپلەرنى قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ رەت قىلىۋەتتى. ھىلمى بەيمۇ:

— قويۇپ بېرىڭلار، بەگ ئەپەندى ئوينىسۇن! بەلكى پۇلى چىقىپ قالار، قاراڭلار، بىزمۇ ئۇتتۇردۇقمۇ! ئويۇننى يېرىم يولدا تاشلاپ قويغىلى بولامدۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھېچ ئامال بولمىدى.

---

[1] مەجىدىيە — ئابدۇلمەجىدخان چىقارغان يىگىرمە خورۇچلۇق كۈمۈش تەڭگە.

پانارنىڭ سارغۇچ يورۇقى ئاستىدا ھاكىمنىڭ سوقىچاق يۈزى تېخىمۇ ئۇزۇنچاق كۆرۈنەتتى. ھۆرپەيگەن ئاق چېچى پېشانىسىگە چۈشۈپ ئۇنى مەينەت چىراي قىلىپ قويغانىدى. ساقاللىرى نەچچە سائەت ئىچىدىلا ئۆسۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن بارماقلىق قوللىرىدىكى كۆك تومۇرلار تېخىمۇ كۆپۈپ كەتكەنىدى. ئىچى ـ تېشى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ئەتراپقا قاراپ ـ قاراپ قويسىمۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرنەچچە قېتىم ھۆلۈسى بەينىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەپ قارىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن سالاھىددىن بەينىڭ كالپۇكلىرى ئەتراپىدا بىر خىل قورقۇنچ ۋە مەنىسىز تەبەسسۇم ئالامەتلىرى كۆرۈندى. سالاھىددىن بەي بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ئويۇننىڭ توختىغانلىقىنى بىلدى. تاڭ ئېتىپ ئەزان ئاڭلىنىۋاتاتتى. سالاھىددىن بەي ھىلمى بەي ئۇزاتقان بىر ئوچۇم پۇلنى چۈشكۈن قىياپەتتە ئىتتىرىۋېتىپ:

— بولدى! — دېدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ئورۇندۇق ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئىشىككە قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ھىلمى بەيگە قاراپ:

— دېمەك سىزگە قانچىلىك قەرزدار بولدۇم؟ — دەپ سورىدى.

ھىلمى بەي ئۈستەلدىكى تاماكا قۇتىسىنىڭ ئارقىسىغا قالايمىقان يېزىلغان رەقەملەرنى ھېسابلاپ:

— ئۈچ يۈز يىگىرمە لىرا[1] بوپتۇ، — دېدى ۋە يېنىك تەبەسسۇم بىلەن قوشۇمچە قىلدى، — بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، بەگ ئەپەندى! قىمارۋازنىڭ قىمارۋازغا بەش ـ تۆت تەڭگىسى ئۆتۈپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ بىر كۈنى مۇشۇنداق يىغلىغان ۋاقتىمىزدا تۆلىنىپ كەتمەمدۇ.

① لىرا — ئەينى ۋاقىتتا يەتتە گىرامچە ئالتۇنغا توغرا كېلىدىغان پۇل بىرلىكى.

www.uyghurkitap.com

## 13

سالاھىددىن بەي ئەتىسى چۈشتىن كېيىنلا خىزمەتكە باردى. ساقال - بۇرۇتلىرى ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۆگسۇلى يوق، ئۆيدە شاھىندە بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ قالغاچقا كاللىسى جايىدا ئەمەس ئىدى. ئىدارىدە ئادۋوكات ھۇلۇسى بەي ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ پەرىشان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— توغرا بالا - قازا دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە، — دېدى.

— ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي پۇلنىڭ چارىسىنى قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ھۇلۇسى بەي.

— قانداق قىلغۇلۇق؟ زەيتۇنلۇقۇمنى ساتسام، ئۇنىڭغا بىر يىللىق مائاشىمنى قوشسام يەنە يەتمەيدىكەن. بۇ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئالتۇن - دە ! تۈگەشتۇق ھۇلۇسى بەي، ئويلاپ بېقىڭ، بۇ يەردىن كۈدە - كۆرپىمىزنى يۇدۇپ كېتىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ ئەمدى يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتماق ۋە كۈلكىگە قالماقتىن باشقا چارە يوق. ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە چوقۇم قەرزىمنى تۆلەپ بولۇشقا تىرىشىمىسام بولمايدۇ !

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ھېساب - كىتاب قىلىدىغان بىرنەچچە ئادەم كىرىپ قېلىپ گەپ توختاپ قالدى. ھاكىم بىردىنلا بۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ھاجى ئەتەمنى كۆرۈپ قالدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. ئەتەم بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ سالاھىددىن بەينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بىر پارچە قەغەزنى ئۇنىڭغا سۇندى. قەغەزنى كۆرگەن سالاھىددىن بەينىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى ۋە ئاستاغىنا دېدى:

— مۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدىغۇ.

— ئەپەندى، سىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ يەنە ... بۇنداق قىلىشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق، بۇ بىر قائىدە بولغانلىقى ئۈچۈن قولىڭىزنى قويۇپلا قويسىڭىز بولدى !

ھاكىم قەغەزگە قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىمزا قويدى. ھاجى ئەتەم كۆزىنىڭ ھۆلۈسى بەي بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

ھاكىم باشقىلار قول قويۇشقا تېگىشلىك قەغەزلەرگىمۇ تۈزۈك قارىمايلا قول قويۇپ بېرىۋەتكەندىن كېيىن ئاستا ھۆلۈسى بەيگە قاراپ:

— ئاخشامقى پۇل ئۈچۈن قول قويدۇرۇۋالدى، — دېدى.

— نېمىشقا قول قويدىڭىز؟

— قانداق قىلىمەن، كۆرمىدىڭىزمۇ، شۇنداق قاملاشمىغان بىر پەيتتە كېلىپ تۇرۇۋالغىنىنى؟ بۇ ئەبلەخلەر خېلىدىن بېرى بۇ يەرگە ئادەم يىغىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن ـ دە ! ئىش تامام دېمىدىممۇ سىزگە !

— خۇدا بار، سىزنىڭمۇ ھىلمى بەيگە يامانلىق قىلغان يېرىڭىز يوق. شۇڭلاشقا ئۇلاردا سىزدىن ئىنتىقام ئېلىش دېگەن نەرسە تېخىمۇ بولماسلىقى كېرەك. ھەر ھالدا باشقا بىر مەقسەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. سىزدىن بىرەر مەنپەئەت كۈتىدۇ ياكى باشقا بىر ئىش. ھىلمى بەي سىزدىن ئۈچ يۈز نەچچە لىرانى ئالالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ھاكىمنى ئۆزىگە قەرزدار قىلىش ئارزۇسى بولغان تەقدىردىمۇ بۇنچىۋالا پۇلنى چىقىرىشقا چىدىمىغان بولاتتى. مەلۇم ۋاقىت كۈتۈپ باقايلى. ئۇنىڭغىچە بىرەر يولى بولۇپ قالار. ئەس ـ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويماي، سالاپىتىڭىزنى ساقلاپ تۇرۇپ تۇرۇڭ. دۇنيادا تۈزەلمەيدىغان ئىش بولماس؟

سالاھىددىن بەي مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تەسەللىي بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ بېشىنى چايقىدى.

كەچتە ئۆيىگە قايتقاندا، شاھىندە ئۇنى كۈلۈپ قارشى ئالدى. بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى بولغان جېدەلدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. خوتۇنىنىڭ بىر خىل ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئۇنى ئەجەبلەندۈردى.

www.uyghurkitap.com

شاھىندە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— قاراڭ، سىزگە مۇھىم بىر خۇش خەۋىرىم بار!

— قانداق؟

— سورىماڭ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە ھىلمى بەيىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى كەلدى. بىراق، سىز بىلىدىغان ئادەتتىكى كېلىش ئەمەس، كۆرگىلى كەپتۇ.

— نېمىنى كۆرىدىكەن، كىم ئۈچۈن؟

— كىم ئۈچۈن بولاتتى، بەي ئەپەندى، كېلىن بولغۇدەك قىزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— مۇئەززەز ئۈچۈن كەپتىما؟ ئۇنى تېخى كىچىك دېمىدىڭمۇ؟

— كىچىك دېگەن قانداق گەپ سالاھىددىن بەي؟ مەن سىزگە قانچە يېشىمدا كەلگەن، بىلىسىزغۇ؟

— مېنىڭ ھازىرچە ھېچكىمگە بېرىدىغان قىزىم يوق! كەلگەنلەرگە مۇشۇنداقلا جاۋاب بەر ھەم مۇنداق ئىشلارغا سەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمە!

— ئارىلاشمادىم؟ مەن ئۇنىڭ ئانىسى ئەمەسما؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ۋارقىرىماي گەپ قىلىڭ. مەن ئۇلارغا دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى دېدىم. ھەر ھالدا سىزنىڭ بالىنى يىگىرمە ياشلارغا كىرمىگۈچە ئۆي - ئوچاقلىق قىلىش نىيىتىڭىز يوق.

سالاھىددىن بەي ھۇجرىسىدا ئۇزاققىچە ئويغا پاتتى. بۇ ئىككى كۈندىكى ۋەقەلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ مەنە چىقىرىشقا تىرىشتى، بىرنەرسىنى سەزگەندەك قىلدى - يۇ، زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەگەر ھىلمى بەي مۇئەززەزنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولىدىكەن، نېمىشقا ئالدىنئالا ئاخشامقىدەك پىلاننى تۈزەيدۇ؟ مۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ توغرىدىن - توغرا دەۋىرىشكە بولاتتىغۇ. شەھەرنىڭ باي ۋە ئېسىلزادە ئائىلىسىنىڭ ئوغلى ئۆز تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىش

ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ دادىسىنى مۇشۇنداق يولغا سېلىشى توغرا ئەمەسقۇ؟

ئەتىسى سالاھىددىن بەي شاكىردىن ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن گەپ ئېلىپ سورۇشتۇرۇش ئارقىلىق نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىنىڭ چۈشەپ قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى.

ھۇلۇسى بەيمۇ بۇ مۇھىم ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تەرىنى تۇردى:

— قاراڭلار! بۇ ئىش مېنىڭ كاللامغا كىرىپمۇ باقمىغانىكەن! — دېدى ئۇ، — قىزغا بەكمۇ ئۇۋالچىلىق بوپتۇ.

— نېمىشقا ئۇۋالچىلىق بولىدىكەن، مەن ئۇلارغا قىز بەرمەيمەن!

— ئۇلارمۇ سىزنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى ئاللىقاچان بىلگەچكە، سىزنى ئۈچ يۈز نەچچە لىراغا قەرزدار قىلىپ قويدى ـ دە. بۇغۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس. بىراق، ئۇلار بىرەر قۇۋلۇق ـ شۇملۇق ئىشلىتىدىغان بولسا، ئىش باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە باشقا مەقسەتلەرمۇ باردەك قىلىدۇ. بىرلا نەرسىگە زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ. شاكىر بېشى قايغان يەردە كەيپ ـ ساپا سۈرۈپ يۈرگەن بىر بالا تۇرسا، ئەجەبا ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش خىيالى كىرىپ قاپتۇغۇ؟

سالاھىددىن بەي يەنە خىيالغا كەتتى. ئاللىكىملەر ئۇنى ھەرقانچە تەرىپلىگىنى بىلەنمۇ بەرىبىر ئىتتىقۇ ئۇ. ئەمدى شۇنىڭغا قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئەقلىگە زادىلا سىغمايتتى.

ھۇلۇسى بەي:

— بۇ بەلكى شاكىرنىڭ تەلۋىلەرچە ھەۋەسىدۇر. ئەتە ـ ئۆگۈن دەپ ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈپ ئىلاج بار ئىشنى ئارقىغا سۈرۈڭ، ئېنىق جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋېلىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ زېرىكىپ بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىدۇ. ئۈچ يۈز لىرا مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن ئېيتقاندەك ئۇ سىزدىن ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە سىز ھەرقانداق شارائىتتا ئۆلارغا لازىم. ھاجى ئەتەم دېمەك شاكىر دېمەكتۇر. ھىلمى بەيدىن چىققان پۇل ياتلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشمىدى دېگەن گەپ ! ــ دېدى.

سالاھىددىن بەيمۇ ھازىرچە ئىشنى ئارقىغا تارتىپ تۇرۇشنى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل ھېسابلاپ يۈسۈپكە ھېچ نەرسىنى تۇيدۇرماسلىقنى توغرا تاپتى. ئەگەر يۈسۈپ ئاڭلايدىغان بولسا، بۇ تەنتەك بالا دەھشەتلىك بىر ھۇجۇم باشلاپلا، بىر ەر ۋەقە چىقىرىپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن، ھېيتتا شاكىر بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقەدىن بىرئاز خەۋىرى بولغان سالاھىددىن بەي يۈسۈپنىڭ بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىشىدىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئارىلىقتا ئون ـ ئون بەش كۈن ئۆتتى. دەل شۇ كۈنلەردە، يۈسۈپنى بىر كېچىدە موزدۇز يۇنۇس ئاكا بىلەن ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى پەرىشان بىر ئايال ۋە ئۇنىڭ يېنىدا يۈسۈپنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي يىغلاپ تۇرغان كېسەل چىراي بىر قىز ئۆيگە ئەكېلىپ قويۇشتى.

بۇ قىز بىلەن ئانا شۇ كېچىدىن ئېتىبارەن يۈسۈپنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي مۇشۇ ھاكىمنىڭ ئۆيىدە قېلىشتى.

## 14

يۈسۈپنىڭ يارىسى ئېغىر ئەمەس ئىدى، دوۋسۇننىڭ يان تەرىپىگە ۋە بولجۇڭ گۆشىگە تەگكەن پىچاق ئۇنى ئون ـ ئون بەش كۈن ياتقۇزۇپ قويغاندىن باشقا ھېچ ئىش بولمىدى.

سالاھىددىن بەي، ھەتتا شاھىددەمۇ ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى، بولۇپمۇ سالاھىددىن بەي ئۆزى ئۈچۈن يۈسۈپنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى دەل شۇ چاغدا چۈشەندى. ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم ئۆيگە كەلسە، شۇنچە قېتىم ئىككىنچى قەۋەتتىكى يۈسۈپنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ يوقلاپ

تۇراتتى.

سالاھىددىن بەي كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ:

— قارا سىنى شاكىچىك، سەن تېخى مۇشۇ يېشىڭدا نوچىلىق قىلماقچىمۇسەن؟ قانداقلا بولسا بولسۇن بۇنىڭ بىر سەۋەبى بار. سەن بۇنى بىزگە قاچان دەپ بېرىسەن؟ — دېدى ۋە باشقىلارغا چاندۇرماي، ئىشارەت ئارقىلىق بۇ ئايال بىلەن قىزنىڭ كىملىكىنى سورىدى. يۇسۇپ بۇ ھەقتە جاۋاب بەرمىدى ۋە ھارغىن كۆزلىرىنى تامغا تىكىپ تۇرۇۋالدى.

كۇبرا بىلەن ئانىسى بۇ ئۆيدە خىزمەتچى قاتارىدا تۇراتتى. ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇلارغا خىزمەتچى نەزەرىدە مۇئامىلە قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلاردىن بەكمۇ گۇمانلىنىپ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ كېتىشمىدى. بىراق، ئەل ئىچىدە بۇ ئىش نۇرغۇن سۆز - چۆچەككە سەۋەب بولدى.

ھىلمى بەي بىلەن شاكىر كۇبرا مەسىلىسىدە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇشۇپ كەتتى، ھەتتا ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان ھاجى ئەتەمنىڭمۇ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. يۇسۇپنىڭ كۇبرالارنىڭ ئۆيىدە يارىلانغانلىقى ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ بولمايدىغان ھەقىقەت ئىدى. بۇ ئىشلاردىن مىڭ تۇرلۇك مەنە چىقىرىدىغانلار بولمىدى دەمسىز!

سالاھىددىن بەي سىرتتىن قۇلىقىغا كىرىپ تۇرۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆز ئۆيىدە بولۇۋاتقان بۇ ئىشلار توغرىسىدا سىرتتا تارقالغان گەپلەرگە چىداپ تۇرۇش بۇ بىچارە ئادەمگە ئېغىر كەلدى. بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ يۇسۇپ بىلەن چېتىشلىق بولۇۋاتقىنىغا زادىلا ئىشەنگۇسى كەلمەيتتى.

ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئاڭلاپ قالغان بۇنداق پىتنە - ئىغۋالارغا بىرلا مۇئەززەز ئىشەنمەيتتى.

مۇئەززەز نىمىلا بولسا بولسۇن ئىشنىڭ ئەسلىنى بىلىشنى خالايتتى، بىراق سالامەتلىكى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەن يۇسۇپتىن سوراشقا پېتىنالمايتتى. كۇبرانىڭ ئانىسىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغانلىرى ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. ئايال ۋەقەنى قىسقىغىنا سۆزلەپ بەرگەندى:

— قىزىم ئاغرىق ئىدى. غوجايىنىمىز يۈسۈپ بەي گۈرۈچ بىلەن ياغ ئېلىپ يوقلاپ كەلدى. خۇدايىم ئۆمرىنى بەرسۇن. بىزگە ئىچى ئاغرىپ كەپتىكەن. ئۆيدىن چىقىشى بىلەنلا قاراڭغۇدا بىر ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ پىچاق سالدى. مەن ئويلايمەنكى، ئۇ مەخلۇق يۈسۈپ بەينى بىرەرگە ئوخشاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئاخىرى چىقار تېخى!

— ئۇ ئاخشام كۇبرا ئاغرىقمىدى؟

— ئاغرىق، كارىۋاتتا ياتقانىدى.

— يۈسۈپكە پىچاق سېلىنغاندىن كېيىن ئىككىڭلار ئېلىپ كەپسىلەر، قىز ئاغرىق تۇرسا، يامغۇردا قانداقمۇ كەلگەندۇ؟

— ۋاي قىزىم، بىز بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن. بىز ئاز جاپا تارتمىدۇق. قىزىمنىڭ قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتتى، چۇنكى ئۇ يۈسۈپ ئاكىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

بۇ گەپلەرمۇ مۇئەززەزنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئاخىر بۇ ئىشلارغا چىدىمىغان مۇئەززەز بىر كۈنى يۈسۈپ ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەلدى، كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سورىدى:

— يۈسۈپ ئاكا، دېگىنە، بۇ زادى قانداق ئىش؟ بۇ قىز زادى كىم؟

يۈسۈپ قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى ۋە:

— ئۇمۇ خۇدانىڭ بىر بەندىسى! — دېدى، — كۆپ ئازاب تارتقان بىر قىز. ئىشەنمىسەڭ، چىرايىغا قاراپ باققىنا!

مۇئەززەز بالىلارچە سۆزلەپلا كەتتى:

— يۈسۈپ ئاكا، بىلدىم. بىراق، بۇ قىزنىڭ تۇرقى ئاجايىپلىغۇ؟ يېشى مەندىن كىچىك بولسىمۇ، بىللە بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇنى بىر خىل تارتىنچاق، غەمكىن كۆرىمەن. مېنى كۆرسە شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. بەزىدە يۈگۈرۈپ كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلىۋېلىپ يۈزۈمدىن سۆيۈپ كېتىدۇ.

سىنىمۇ ياخشى كۆرسە كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم ... بىرنەچچە قېتىم سىنىڭ ھۇجراڭنىڭ ئىشىكىدىن ماراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مېنى كۆرۈپ قېلىپ خىجىل بولۇپ ئېتىشكەن پېتى دەرھال تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. بىراق، مەن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ قىز بىلەن يېقىنلىشالمىدىم. بۇ ئاجايىپ بىر ئىشقۇ !

يۇسۇپ جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى. ئۇ يوتقاننىڭ ئۈستىدىكى قولىنى ئويناۋاتقان مۇئەززەزگە خىيالچان قارايتتى. يۇسۇپكە بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز قىلىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى چۈشەنگەن مۇئەززەز گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولدى ـ يۇ، يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدى، ئاخىر چىداپ تۇرالماي:

— بىلەمسەن، يۇسۇپ ئاكا ! ماڭا ئەلچى كىرىپتۇ، — دېدى.

مۇئەززەز بۇ سۆزنى شۇنچە قىسقا، ئوچۇقلا ئېيتتۇەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالغاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يۇسۇپنىڭ چىرايىغا قارىدى. يۇسۇپ دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ سورىدى:

— كىم؟

— ھىلمى بەينىڭ ئوغلى شاكىرنىڭ ئانىسى ئەلچىلىككە كەپتۇ. بۇلار مەندىن يوشۇرۇۋاتىدۇ، بىراق شەھەردە بۇنى بىلمىگەن ئادەم قالماپتۇ.

— دادام نېمە دەپتۇ؟

— دادام ئانچە قوشۇلماي تۇرۇپتۇ. پەقەت ئاناملا بوپتۇ دەپتۇ. ئىككى كۈندە بىر يا ئانام ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ، يا ئۇلار بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرۇشۇۋاتىدۇ. ھىلمى بەيلەرنى بەك چوڭ باي دېيىشىدۇ، ئانامغا ھازىردىن باشلاپ سوۋغاتلار كېلىشكە باشلىدى ...

مۇئەززەز قولىنى يۇسۇپكە ئۇزاتقانىدى، يۇسۇپ ناھايىتى چىرايلىق بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكنى كۆردى.

— بۇلارنىمۇ شاكىرنىڭ ئانىسى ئەكەپتۇ ! — دېدى مۇئەززەز.

يۈز ـ كۆزلىرى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن يۇسۇپ

مۇئەززەزنىڭ قولىنى كۆچىنىڭ بارىچە سىقىپ:

— نېمە دەۋاتىسەن. ھوي، تېخى ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن گەپمۇ؟ دېمەك، سېنى ھېلىتىنلا كېلىدۇ دەپ قاراپ بىلەزۈكلەردىن تارتىپ بېرىپ كېتىپتۇ ـ دە! ئىنشائاللا، ساڭمۇ رەھمەت! قارا تېخى سېنى! باي ئىكەن دەپ شۆلگەيلىرىڭ ئېقىپ كېتىپتىغۇ! — دېدى.

مۇئەززەز يۈسۈپنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپ چىقىدۇ دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭمۇ يۈسۈپكە ئوخشاشلا يۈزى قىزىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى.

— يۈسۈپ ئاكا، يۈسۈپ ئاكا، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ ۋە قولىدىكى ئالتۇن بىلەزۈكنى غەزەپ بىلەن قولىدىن چىقىرىپ يوتقاننىڭ ئۈستىگە پىرقىرىتىپ ئاتتى.

يۈسۈپ يېنىغا چۈشكەن بۇ بىر جۈپ بىلەزۈكنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ پۈكلەپ مىجىپ خۇددى تۆمۈر ـ تەستەكتەك ئۈيىنىڭ بۇلۇڭىغا تاشلىۋەتتى. مۇئەززەز ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى، يۈسۈپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئاستا ئۆزىگە تارتتى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قۇلىقىغا:

— ساڭا تېخىمۇ ياخشى يىگىت چىقىدۇ، مۇئەززەز، نېمە قىلاتتىڭ ئۇ لالمىنى؟ تېخى بۇ ئىشلارغا بالدۇر ئەمەسمۇ؟ سەن شاكىرنىڭ قانداق بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىشىڭ ھاجەتسىز! — دېدى.

مۇئەززەز بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياش قۇرۇۋاغانىدى. ئۇ گەپ خۇشياقمىغاندەك بىر قىياپەتتە يۈسۈپنىڭ چىرايىغا قارىدى. بۇ قاراشتا ھەم ھەيرانلىق، ھەم تەنە، ھەم قىيىداش ئىپادىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يۈسۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مۇئەززەز، سەن تېخى كىچىك، كېيىن دېمەتلىكلىرىڭنى

كۆرۈپ قالساڭ، ئىچىڭ ئىچىشىپ كېتەرمىكىن؟ ئاشۇنداق شاكىرغا ئوخشاش بوزۇقلارغا ئامراق ئاياللار تولا. كېيىن ئۇلار بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ ئىشتا سەنمۇ گۆدەكلىك قىلما، ئۆزۈڭنى بىر ئاز بېسىۋال، بەختىڭ تېخى ئالدىڭدا. سېنى ئۆيدىلا ساقلاپ ئولتۇرمايدۇ، ھامان بىرىگە بېرىدۇ، ئاناڭ بولغۇچى خوتۇن ھە دېگەندىلا سېنى نېمىشقا ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە ئاپىرىدۇ؟ مىڭ قىلمىسا كىچىك بالىسەن، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ھەشەمەتلەر كۆزلىرىڭنى قىزارتىپ قويۇشى مۇمكىن. سەن يەنىلا ئەقلىڭنى تاپ، مۇنچىلىك ئالدىراپ كەتمە!

يۈسۈپ بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلالمىدى. چۈنكى، مۇئەززەزنىڭ چىرايى ئۇنى چۆچۈتكەن ۋە ھەيران قالدۇرغانىدى. ياش قىزنىڭ چولپان كۆزلىرىدە ئوت چاقنايتتى، لەۋلىرى تىترىمەكتە ئىدى، مۇئەززەز قاتتىق ئازابلىنىۋاتقاندەك، ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندەك كۆرۈنگەنىدى، بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى. ئۇ كارىۋاتتىن تۇرۇپ، ئالدىغا قارىغىنىچە سالماق قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھېچ نەرسە چۈشىنەلمىگەن يۈسۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

## 15

شاكىر ھېيت كۈنى يۈسۈپ بىلەن سوقۇشۇپ قالغاندىن كېيىن كەيىپلىكتە:

— ئۇ قىزنى ئەمرىمگە ئېلىپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلمەيدىغان بولسام، ئانام بىلەن زىنا قىلغاندەك بولاي، مەن شاكىر ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى يېتىم ئوغلاق يۈسۈپكە تونۇتۇپ قويىمەن، — دەپ قەسەم ئىچكەنىدى.

بۇنداق گەپلەرنى شاكىرنىڭ مەست بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئېيتىپ يۈرگەن پاختىسى دەپ قارىغانلار ئۆزلىرىنىڭ

www.uighurkitap.com

خاتالاشقانلىقلىرىنى ھېس قىلىشماي قالمىدى، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان بۇ ئەركە يىگىت ھېيتتا يېگەن تاياقنىڭ زەربىسىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىدى. ئۇ، مۇئەززەزنى قولغا چۈشۈرسەم يۇسۇپكە تېتىغان بولىمەن، دەپ ھېسابلايتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا يۇسۇپكە، سېنىڭ مەندىن قىزغانغان قىزىڭ شۇمىدى؟ ئۇنى مەن خوتۇنلۇققا ئالمىدىغان بولدۇم، دەۋالسىلا بولاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا گەپنىڭمۇ كېرىكى يوق ئىدى. شاكىرنىڭ دادىسى بۇ ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىۋاتقىنى يوق، ئەسلىدە ئوغلىغا بىرەر مەنسەپدارنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىشنى (بۇ مەنسەپدارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، پەقەت شاكىر بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ، ئۇزۇن تالاش ـ تارتىشىدىن كېيىن ماقۇل بولغانىدى. قانداقلا بولسا بولسۇن، ئاتا ـ بالا بىر ـ بىرىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى، ھەتتا ھىلمى بەي ئوغلىدىن سەل ئەيمىنەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق پىكىر ئىختىلاپلىرى بولۇپ قالغاندىمۇ مۇشۇنداق يوشۇرۇن تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن بىرلىككە كېلىشكەنىدى. كېيىن ئۇ بۇ ئىشتا ئۇنچە قاتتىق تۇرىۋېلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. چۈنكى، ھاكىم بولغان بىر ئادەم باي ۋە مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ قىزىدىنمۇ كۆپرەك پايدا يەتكۈزەتتى. بەلكى شاكىر دادىسى بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتلىرىدا مۇئەززەز بىلەن توي قىلسا قانچىلىك پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ دادىسىنى قايىل قىلغاندۇر، مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتا ـ بالا ئىككىسى توغرىدىن ـ توغرا قىزنى سوراتماي، ئاۋۋال سالاھىددىن بەيىنىڭ پۈت ـ قولىنى چۈشەپ قويۇشنى ئويلاشقان، شۇنداقتا ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ سالاھىددىن بەيىنىڭ بىقارار جاۋابلىرىدىن مەمنۇن بولماي، قەتئىي بىر نىيەتكە كېلىش توغرىسىدىكى سۆيلەشلىرىدىمۇ بۇ ئىشتا كۈتۈپ تۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بولۇپمۇ يۇسۇپنىڭ يارىلانغانلىقى، كۇبرا بىلەن ئانىسىنىڭ ھاكىملارنىڭكىگە كۆچۈپ كېلىشلىرى، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تېز ھەرىكەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇلار سۆزى ئۆتىدىغان يۇرت كاتتىلىرىنى ئارىغا سېلىپ، سالاھىددىن بەيگە بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئىلتىماس تەرىقىسىدە ۋە تۈرلۈك چىرايلىق ئۇسۇللار بىلەن قىلىنىۋاتقان بۇ سىلىق ـ سىپايە سۆزلەر سالاھىددىن بەي تەرىپىدىن داۋاملىق رەت قىلىنىپ تۇرۇلغاچقا، ئۇلار ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ بارا ـ بارا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى.

بۇ بىچارە ئادەم ئىشنىڭ مۇنچىلىك مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ئەسلىي تېگى ـ تەكتىدىن يۇرتنى ئۆزلىرى سوراۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بىر ھۆكۈمەت خادىمىنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى، بىر ھاكىم ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا، دەرھال ئىشتىن بوشىتىلىپ كېتىدىغان بىر قورچاق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگەچكە، ئۇ بۇ ۋەزىيەتتىن تامامەن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. سالاھىددىن بەي ئۈچۈن بىردىنبىر چارە بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىش ئىدى. بىراق، ھىلمى باينىڭ قولىدىكى ھۆججەت ئۇنىڭ ھېچنەگە كېتىشىگە يول قويمايتتى. ئۇ مانا شۇنداق ۋەزىيەتتە يەنىلا جاۋاب بەرمەي تۇرىۋەرسە يۇرتتىكى نوپۇزلۇق ئادەملەرنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىغا، ئىشتىن بوشىتىلىپ كېتىشىگە، ئەڭ ئاخىرىدا كۆلكىگە قېلىشىغا يول ئېچىپ بېرەتتى.

سالاھىددىن بەينىڭ ھاراق تەسىرىدىن زەئىپلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى چىدىغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا باشقىچە ئويلاپمۇ باقتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنۇ سوئاللارنى قويدى: نېمانچە قاتتىق تۇرىۋالىمەن؟ بۇنىڭدىن ماڭا نېمە پايدا چىقار؟ شاكىرنىڭ بۇ ئىشتىن ۋاز كەچمەك تۈگۈل، ئەكسىچە تېخىمۇ چىڭ تۇرىۋېلىشى ئۇنىڭدىكى بۇ ئارزۇنىڭ

ساختا ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ بۇنچىۋالا قاتتىق تورۇۋاتقان بۇ بالا كېيىنچە تۈزۈلۈپ قالماسمۇ؟ كىم بىلىدۇ، شاكىر ئۆزى ياشاۋاتقان ئىپلاس هاياتقا نەپرەتلىنىپ ۋە يىرگىنىپ، ئاخىربىر ئائىلە قۇرۇش ئارزۇسىغا كېلىپ قالدىمۇ تېخى! بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ۋە نارازىلىقى نېمىدېگەن مەنىسىز ـ هە! شاكىرنىڭ قىلغان قىلىقلىرىنى ئەيىنەن بولمىسىمۇ ئۆزىمۇ ياشلىقىدا قىلمىغانمىدى ...

ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ بىكاردىن ـ بىكارغا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقىنىنى هېس قىلدى. ئادۋوكات هۆلۈسى بەيمۇ بۇرۇنقىدەك ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرۇۋالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— خەير، بوپتۇ، ئاقىۋىتى ئاۋات بولسۇن، — دېدى بىچارە ئادەم، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا مۇشۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنى، مۇشۇ يەرنىڭ نېنىنى يەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىقا مەجبۇر بولغانىدى.

هالبۇكى، بىر كۈنى سالاھىددىن بەي ئەھۋالنى يۈسۈپكە دېمەكچى بولۇپ، كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۇنى بىر چەتكە تارتتى.

— يۈسۈپ، مۇئەززەزنى ياتلىق قىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئۇنى خەق سوراۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ساڭا ئېغىز ئاچمىدىم. بىراق، سەن سىرتتىن ئاڭلىغان بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن، هېلىقى هېلمى بەينىڭ ئوغلى شاكىر ... سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئەمەسلىكىڭنىمۇ بىلىمەن. بىراق، ئەڭ مۇھىم مەسىلە سىڭلىڭنىڭ بەختى ـ پېشانىسى. دەسلەپتە مەن بۇ ئىشقا قارشى چىققانىدىم. چۈنكى، مەن شاكىر بەينى تولىمۇ ئەدەپسىز بالا دەپ قارايتتىم. ئىشەنچلىك بىرمۇنچە ئادەملەر بۇ بالىنىڭ ئەسلىدە يامان بالا ئەمەسلىكىنى، پەقەتلا ياشلىقىنىڭ ۋە بەزى يامان ئاغىنىلىرىنىڭ تەسىرىدىن قالايمىقان يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى

دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇئەززەزنى سوراتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچقانداق يېنىكلىكلىرىنى كۆرگەنلەر يوقمىش. «جاھانغا پاتماي يۈرىدىغان بۇ بالا بىردىنلا مۇنداق ياۋاشلاپ كەتكىنىگە ھەيرانمىز» دېگۈچىلەرمۇ بار. دېمەك، بۇ بالىنىڭ تەبىئىتى ياخشىدەك قىلىدۇ. سىڭىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن كىچىك ئىشلارنى دەپ بۇ ئىشقا قارشى چىقمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

سالاھىددىن بەي يۈسۈپنىڭ گەپكە قۇلاق سالماي، پەردىنىڭ پۆپۈكلىرىنى ئۆرۈپ ئويناپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئوڭايسىزلىنىپ گېپىنى دەرھال توختاتتى. يۈسۈپ پەردىنىڭ پۆپۈكىنى ئۆرۈشنى تاشلاپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— ئۆزىڭىز بىر قارارغا كېلىپ بوپسىز، بۇلارنى ماڭا دېيىشىڭ نېمە ھاجىتى؟ قىزنىڭ دادىسى ئۆزىڭىز، مەندىن ياخشىراق ئويلىشىڭىز كېرەك. مەن نېمىدىم، — دېدى.

— ئۇنداق دېمە، يۈسۈپ، مۇئەززەزنى مەندىنمۇ جىق ئويلايدىغانلىقىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ سەن ئۇنىڭغا ھەم ئاكا، ھەم دادا، راستىنى دېسەم، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭكىدىنمۇ كۆپرەك سېنىڭ ئەجرىڭ سىڭگەن. ئەمدى مەن نېمىدىم، پالان ـ پۈستان دەپ تەتۈرلۈك قىلىشىڭ توغرىمۇ؟ قارىغىنا، مەن سەن بىلەن بىر تۇغقاندەك سۆزلىشىۋاتىمەن، سەندىن مەسلىھەت سوراۋاتىمەن. كونا ئاداۋىتىڭنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ ئىش زادى بولمايدىغاندەك بولسا، بولمايدىغان يېرىنى دېگىن. نېمىشقا گەپ قىلماس بولۇپ قالدىڭ؟ سەن بىلىدىغان بىرەر ئىش بارمۇ؟

— بىلىدىغىنىم بار، شاكىر بىر ئىت. مۇشۇنداقلارغا قىز بېرىشكە بولمايدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم، يۈسۈپ، بىراق شۇنداق دەپلا تۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟ ھەممە ئادەم شاكىر ھازىر كاللىسى بىلەن ئىش قىلىدىغان بولدى، ئۆزگەردى دېيىشىۋاتىدۇ.

— قانداق ئۆزگىرىپتۇ؟

www.uyghurkitap.com

— قانداقچە بولاتتى، ياۋاشلاپ ئادەم بولۇشقا بەل باغلاپتۇدەك.

— سىز يەنىلا شۇنداق دەپ يۈرۈۋېرىڭ! نېمىشقا ياۋاشلاپ كەتتى بىلەمسىز؟ قورقىنىدىن ... ھىلىمى بەي بىلەن شاكىر مۇشۇ كۈنلەردە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ يۈرىدۇ. سىز بۇلارنى سەزمەيسىز، مەن بىرنەرسىلەرنى سېزىۋاتىمەن، بىراق قولۇمدا نەق پاكىت يوق. ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيۋاتىمەن. ئەلىگە رەھمەت! ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنى بىرئاز بولسىمۇ ئېچىپ قويدى. ئۇ ماڭا شاكىر بەيلەرنىڭ بۇگۈنكى كۈندە گۇمانلىق بولۇپ قالغانلىقىنى يۈرىتىپ قويدى. گەرچە ئېنىق بىرنەرسە بىلمىسىمۇ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاڭلىغان ـ سەزگەنلىرى خېلى بار ئىكەن. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ ـ دە! ئاڭلىغانلىرىمىنىڭ ئوندىن بىرى توغرا بولىدىكەن، مۇنداق ئادەمگە قىز ئەمەس، سالام بېرىشمۇ توغرا ئەمەس ...

— ئاڭلىغانلىرىڭ مۇبالىغە قىلىنغان ياكى توقۇپ چىقىرىلغان گەپلەر بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىشقا بولامدۇ، ئوغلۇم!

يۈسۈپ بۇ توغرىدا ئارتۇق گەپ قىلىشتىن ئوڭايسىزلانغاندەك تەتۈر قارىۋالدى.

— ئۆزىڭىز بىلىڭ، مەندىن سوراپ قويغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سۆزلەپ قويدۇم، — دېدى ئۇ.

سالاھىددىن بەي يۈسۈپنىڭ بۇ قىلىقىدىن رەنجىدى بولغاي:

— ئەلۋەتتە ئۆزۈم بىلىمەن، لېكىن سېنىڭمۇ بىلگىنىنى ئېيتىپ باقسۇن دەۋاتىمەن. مۇشۇنداق ئورۇنسىز رەنجىشلىرىڭنى تاشلىساڭ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى.

يۈسۈپ مۇرىسىنى ئېتىپ قويدى.

بۇنىڭغا سالاھىددىن بەي چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاي يۈسۈپنى بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ بوغۇق ۋە تىترەك ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ھەممىڭلار بىرلىشىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇسىلەر؟ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ مېنى بۇ دۇنيادىن يوقىتىۋېتىشكە ۋەدىلەشكەن ئوخشىمامسىلەر؟ ھېچبولمىغاندا، يۇسۇپ بولسىمۇ مېنى قوللايدۇ دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ بىر ئايدىن بېرى تارتىۋاتقان ئازابلىرىمنى بىلگەن بولساڭ ئىدىڭ، ماڭا چوقۇم ئىچ ئاغرىتقان بولاتتىڭ. مەن ساراڭ بولۇپ قالاي دېدىم، ئوغلۇم! بىلىۋاتامسەن؟ مەن چوقۇم ئېلىشىپ قالىمەن. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ھەممىسى ماڭا قارشى ھۇجۇم قىلىۋەرسە، يا بېشىمنى ئېلىپلا بۇ يەردىن كېتىپ قالىمەن، يا بولمىسا بىر پاي ئوقنىڭ قۇربانى بولىمەن، مۇئەززەزنى شاكىرغا بەرمەيمىز دېمەكچى بولىسەنغۇ شۇنداقمۇ؟ ھەئە. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قاراشتا. بىراق، بەرمەسكە نېمە چارە؟ بولمىسا بىر ئەقىل كۆرسەتكىنە، مەن سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش قىلاي، مېنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارتۇقچە باش قاتۇرغۇچىلىكىم قالمىدى. ئەمدى بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئارقىغا تارتىشقا، بۇ ھىيلىگەر ۋە ئىنساپسىز بۆرىلەر بىلەن تەڭ تۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ھەربىر ىگە ھەركۈنى بىر ياڭزا باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ئەمدى ئۇنچە يوشۇرۇپ كەتمەيدىغان تەھدىتلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىشقا، ھەرقانداق ئىشقا ئوچۇق چىراي بىلەن سىلىق جاۋاب بېرىپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. مەنمۇ بىر ئىنسانغۇ، يۇسۇپ، مېنىڭ جېنىم تۆمۈر ئەمەسقۇ، ماڭا ئازراق بولسىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسا بولمامدۇ ...

بىچارە ئادەمنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. يۇسۇپنىڭ يۈرىكى بۇ ئادەمگە بولغان چەكسىز مەرھەمەت ۋە مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن ئېزىلەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ مەڭزىلىرىدىن سۆيۈپ كەتكەن بولار ئىدى. بىراق، ئۇ ئاددىيلا قىلىپ:

— ئىشنىڭ ئەۋزىلىگە قاراپ باقايلى، دادا. بۇ مەخلۇقلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، بىزنىڭ ئۆيدىكى كۈبرا بىلەن

ئانىسىدىن سورىسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلار ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

— كۇبرا بىلەن ئانىسىنىڭ ھىلمى بەيلەر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ئىكەن؟

— بىلمەيمەن، بىراق بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ چوڭقۇر مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن.

## 16

يۇسۇپ كۇبرا بىلەن ئانىسىنى ئۆيگە چاقىردى. ئۇلار سالاھىددىن بەينى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. يۇسۇپ ئايالغا قاراپ:

— ماڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقان ھېكايىڭىز ئۈزۈلۈپ قالغانىدى، ئەمدى شۇ ھېكايىڭىزنى باشتىن باشلاڭ، داۋامىنى ئاڭلاپ باقسۇن، — دېدى. سالاھىددىن بەي ئايالنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— ئاڭلىسام سىزنىڭ ھېكايىڭىز ھىلمى بەيلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، ھىلمى بەينىڭ ئوغلى شاكىر ھازىر قىزىم مۇئەززەزنى سوراۋاتىدۇ، مەن رازى بولاي دېسەم يۇسۇپ بۇلار توغرىسىدا سىزنىڭ خېلى كۆپ ئىشنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى، بۇنى ئاڭلىماي تۇرۇپ بىر قارارغا كېلىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ھېكايىڭىزنىڭ باش تەرىپىنى بىر ئاز سۆزلەپ بەرگەندەك قىلدى. ئەمدى ئۆزىڭىز ھىلمى بەيلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ، بەلكى بۇ ئىشلار كۇبرا بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، — دېدى.

ئانا بىلەن قىز كۈتۈلمىگەن بۇ گەپلەر ئالدىدا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىشتى. سالاھىددىن بەي بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان كۇبراغا قاراپ:

— قىزىم كۇبرا، مۇئەززەز ئىككىڭلار ھەدە - سىڭىلدەك،



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ياخشى بولۇشىنى سەنمۇ خالايسەن. مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ بىلگەنلىرىڭنى قويماي سۆزلەپ بەرگىنە، ماقۇلمۇ؟ — دېدى. كۇبرا بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— مۇئەززەزنى ھەرگىز ئۇلارغا بەرمەڭ، زايا كېتىدۇ، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، قىزىم، بىراق بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ باققىنا، نېمىشقا ھىلمى بەيلەرنىڭ ئۆيىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟ ئەگەر سوقۇشۇپ قالغان بولساڭلار، يۇسۇپنىڭ قولىغا ئۆتكۈچە يەنە نېمىشقا ئۇلارنىڭ زەيتۇنلۇقىدا ئىشلىدىڭلار؟

بۇنىڭ جاۋابىنى ئانىسى بەردى:

— ئىشلىمەي ئۆلەمدۇق، بېگىم. بىزگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن كېيىن يەنە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشنى كىممۇ خالايتتى؟ — ئايال يەنە كۆز يېشى قىلدى. يۇسۇپ ئەزەلدىن تارتىپ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە يىغلايدىغان ئادەمنى كۆرسە ئاچچىقى كېلەتتى. ئەمما، بۇ ئايالنىڭ كۆزىدىكى يېشى شۇنچىلىك ھەقىقىي ۋە يۈرەك قېتىدىن چىقىۋاتقاچقا، بۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭمۇ ئىچى ئاغرىماي قالمايتتى.

سالاھىددىن بەي ئورنىدىن تۇردى ۋە كۇبرانىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— ئاز دەرد تارتماپسەن، قىزىم ... ئەمما ھەر ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەممە نەرسە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، بۇ دەرد ـ ئەلەملەرگە ئۆزىنى قۇربان قىلماسلىق كېرەك. ئادەمدە بىر ئاز چىدام بولۇشى لازىم، — دېدى.

سالاھىددىن بەي كۇبرانىڭ بۇ سۆزلەرنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى قىياس قىلىپ سۆزىنى توختاتتى. بىراق، كۇبرانىڭ بەرگەن جاۋابىدا بۇ گەپلەرنى سۆزمۇسۆز چۈشەنمىسىمۇ گەپنىڭ ئۇرانىنى چۈشەنگەنلىكى مەلۇم ئىدى.

— دۇنيادا ھېچقاچان بولۇپ ئۆتۈپ كەتمەيدىغان،

ئۇنتۇلمايدىغان، ئۆلگۈچە ئېسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن، ئەپەندى، — دېدى ئۇ.

هاكىمنىڭ بېشىدا يالغۇز مۇئەززەزنىڭلا مەسىلىسى ئەمەس، بۇ قىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە دائىر مەسىلىمۇ ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن:

— قىزىم، دەرد ـ ئەلەملىرىڭنى ماڭا نېمىشقا ئوچۇق ئېيتمايسەن؟ هاكىمنىڭ ۋەزىپىسى شۇنداق يامان ئادەملەرنى جازاغا تارتىش ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— ئۇلارغا هېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، — دېدى قىز.

سالاهىددىن «مېنىڭ كۈچۈم يېتىدۇ» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، بۇ گەپنىڭ قۇرۇق سۆز بولۇپ قېلىشىدىن ئېهتىيات قىلىپ ئۇنداق دېيەلمىدى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلار ئالدىدا قانچىلىك ئاجىز ۋە ئىلاجسىز ئىكەنلىكى كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىنلا ئۆزىگىمۇ مەلۇم ئىدى. هازىر ئۇ قانچە چوڭ سۆزلىگەن بىلەنمۇ كۈلكىگە قېلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايتتى.

— بىز ئۆزىمىزنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇق، بىزنى خۇدايىم قۇتقۇزار ! — دېدى كۈبرانىڭ ئانىسى.

— قېنى، هېكايىڭىزنى باشلاڭ، دادامۇ ئېيتتىغۇ، مۇئەززەز مەسىلىسى ئۈچۈن هىلمى بەيلەرنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى بىلىشىمىز كېرەك، — دېدى يۈسۈپ ئايالغا.

— مەن قانداقمۇ ئېيتاي، مەندە بۇلارنى سۆزلەپ بەرگۈدەك يۈرەك نەدە بولسۇن، قىزىم كۈبرا، سەن بېشىڭغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىنە ! هەرگىز خىجىل بولما، قىزىم سېنىڭ نېمە گۇناهىڭ بار ئىدى؟ گۇناه قىلغانلار خىجىل بولسۇن.

كۈبرا بىر هازاغىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى، كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان كۆزلىرىنى ئەتراپقا بىرقۇر يۈگۈرتۈپ چىقتى، پەقەت يۈسۈپ بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندىلا ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالدى.

— ئانام دېگەندەك، — دەپ سۆزىنى باشلىدى كۇبرا، ئۇنىڭ ئاۋازى تىۋەن چىقاتتى، — ھىلمى بەيلەرنىڭ ئۆيىدە تازىلىق ئىشلىرىنى قىلاتتۇق. مەن ھەر كۈنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنى يىغىشتۇراتتىم. بىر كۈنى شاكىر بەينىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتى بولغاچقا، شاكىرنى ئورنىدىن تۇرغاندۇ دەپ ئويلاپتىمەن. تېخى يېتىپتىكەن. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىۋاتسام ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ: «ھەي قىز، سۇ ئەكەل» دەپ ۋارقىرىدى. يۈگۈرگەن پېتى بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ بىر ئىستاكان سۇ ئېلىپ چىقتىم. سۇنى بىر سومۇرۇپلا ئىچىۋەتتى. ئىستاكاننى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ يۈزۈمگە يەنە بىر قارىغاندا: «سەن قاچاندىن بېرى بىزنىڭ ئۆيدە؟» دەپ سورىدى. «بەش يىللىچە بولدى» دېۋىدىم، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئاجايىپ ئىش - ھە، ئانامۇ مالنىڭ ياخشىسىنى تونۇيدۇ. بىراق، بۇنى بىزگە نېمىشقا كۆرسەتمىگەندۇ» دەپ پىچىرلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدىم، قولۇمدىن تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە تارتتى. «نېمە قىلىۋاتىسىز، شاكىر بەي؟» دېدىم مەن. ئۇ مېنى يوتقىنىنىڭ ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ: «ھازىر كۆرىسەن» دېدى. قورققىنىمدىن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويايلا دېدىم. قاتتىق بىر سىلكىنىۋېتىپ تىۋەنگە قاراپ قاچتىم. شاكىر ئورنىدىن تۇرۇپ كالتە ئىشتان بىلەن ئارقامدىن قوغلىماقچى بولدى - يۇ، تۇتۇۋېلىشقا كۆزى يەتمىدى. خۇداغا شۈكۈر، يۈگۈرگەن پېتى ئانامنىڭ يېنىغا ئاران بېرىۋالدىم. ئانام مېنىڭ ئۆپكەمنى باسالماي ھاسىراپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ: «نېمە بولدى قىزىم، ئاجايىپلا بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟» دېدى. مەن خىجالەتچىلىك ئىچىدە راست گەپ قىلالماي: «يۈگۈرۈپ چۈشكەنىدىم، يۈرىكىم سېلىپ كەتتى» دەپ قويدۇم. «خەقنىڭ ئۆيىدە يۈگۈرۈشكە خىجىل بولمىدىڭمۇ، قىزىم» دېۋىدى، ئاندىن بولغان ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. شۇنىڭدىن

كېيىن مەن شاكىرنى كۆرسەم مۆكۈۋالىدىغان، ھۇجىرىسىغا چاقىرسا، ئىشىكنى يوغان ئېچىۋېتىپ كىرىدىغان بولدۇم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا شاكىر بەي ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان بولۇۋالدى، ھەر قېتىم ئۇچراپلا قالسا، يولۇمنى توسۇۋېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالاتتى. مەن قورققىنىمدىن ئاۋازىمنى چىقارماي تېپىرلاپ يۇرۇپ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ كېتەتتىم. بىرنەچچە قېتىم تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. بۇ ئىشلارنى ئانامغا زادىلا دېيەلمىدىم. «مۇشۇ ۋاقىتقىچە نېمىشقا دېمىدىڭ» دەپ خاپا بولۇشىدىن قورقاتتىم. بارا ـ بارا شاكىرنىڭ قىلىقلىرىغا چىدىمايدىغان بولۇپ قالدىم. چۈشكىچە ئورنىدىن تۇرمايتتى. ھەر خىل باھانە ـ سەۋەب بىلەن مېنى يېنىغا چاقىراتتى. بۇنىڭغا چىدىماي بىرنەچچە قېتىم ئانامغا: «ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئىشىنى سەن قىل، مەن سىنىڭ ئورنۇڭدا ئاشخانىدا ئىشلەي» دەپ باقتىم. بىچارە ئانام مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمەي: «ئىنشائاللا قىزىم، مەن ھازىر ساق، تېنىم ساقلا بولىدىكەن، سېنىڭ قولۇڭنى يۇندىغا تىققۇزمايمەن، سەن ماڭا ئىچىڭ ئاغرىپ شۇنداق دەۋاتىسەن، قىزىم، ئاناڭ سېنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىشقا قادىر» دېدى.

بىچارە ئانام مېنىڭ قانداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاكىر بەي بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنى ئۆيدىكىلەر بىلىپ قالسا، مېنى نېمە قىلىۋېتەر، ئانام ئىككىمىزنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەرمۇ، دەپ يۈرىكىم پوك ـ پوك ئىدى. ئاخىردا شاكىر بەيمۇ بۇ ئىشتىن زېرىككەن بولسا كېرەك، مېنى كۆرسە تۇتۇۋالمايدىغان بولدى، بۇنىڭغا قاراپ، خۇداغا شۈكۈر، بىرئاز بولسىمۇ جېنىم ئارام تاپىدىغان بولدى، دەپ خۇشال بولدۇم. بىراق، ئۇ مېنى كۆرگەنلا يەردە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىمنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئورنىغا، ئالىيىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتلاردا دەل باھار مەزگىلى ئىدى. ئۆيدە نەغمە ـ ناۋالار بولۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى

خانىم مېنى ئۆيگە چاقىرىپ: «جەننەتئايىغىدىكى باغقا ھارۋا بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەر توشۇلۇۋاتىدۇ. سەنمۇ بىللە بېرىپ باغدىكى ئۆيلەرنى راسلاپ قوي» دېدى. بىر ئىشلارنى سېزىپ قالدىمۇ نېمە؟ دەيتتىم ئىچىمدە. ئانام بولسا، تاڭ سەھەردىن بېرى كىر يۇيۇش بىلەن ئاۋارە، مېنىڭ ئۇ يەرگە كېتىشىمدىن خەۋىرى يوق ئىدى. بىراق، مەن باغنى ياخشى كۆرەتتىم. گىلاسنىڭ تازا پىشقان ۋاقتى ئىدى. خۇشاللىقىمدا «ماقۇل» دەپلا يۈگۈرۈپ بېرىپ ھارۋىدىكى گىلەم ۋە يوتقانلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردۇم، ھارۋىكەش تەلۋە بىر بالا بولغاچقا، ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قويۇپ بەردى. ھارۋا ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك چايقىلاتتى. مەن قورقۇپ ۋارقىرايتتىم. باغ جەننەتئايىغىنىڭ نېرىقى بېشىغا توغرا كېلەتتى. سوغۇقتۇلۇمبىدىن ئۆتۈپ باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. يولدا سۇ ئېقىۋاتاتتى. ھارۋىنىڭ چاقى سۇنىڭ ئىچىدە شىلىقلىشىپ ماڭاتتى. ھارۋىكەشمۇ ھاياجانلانغىنىدىن ناخشا ئېيتىپ باراتتى. شۇنداق قىلىپ، باغقا يېتىپ كەلدۇق. مەن ھارۋىدىن چۈشۈپلا گىلاسلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتىم. شېخىنى ئېگىۋېلىپ گىلاسلارنى يېگىلى تۇردۇم. ھارۋىكەش نەرسىلەرنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ بولغۇچە گىلاسقا تويۇۋالىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىردەمدىلا ھېلىقى تەلۋە ھارۋىكەش: «كۇبىرا بىز كەتتۇق. نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋال» دەپ ۋارقىرىدى. مەن دەرھال گىلاسنى تاشلاپ ئۆي تەرەپكە يۈگۈردۈم. نەرسە ـ كېرەكلەر يەرگە ناھايىتى قالايمىقان تاشلانغانىدى. ئۇلار يازنىڭ يېرىمىنى مۇشۇ باغدا ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، ھەممە نەرسىنى دېگۈدەك ئالغانىكەن. سېۋەتلەرنىڭ ئىچىدە، ھەتتا مىس قاچىلاردىن تارتىپ ئۇۋاق لازا سېلىنغان قۇتىلارغىچە كەم ئەمەس ئىدى. مەن نەرسىلەرنى ئۆيگە توشۇغاچ، ھازىرغىچە يادىمدا قالغان، مۇسا چاۋۇش شادىيەنى ئېلىپ قاچقاندا شادىيەگە ئاتاپ ئېيتقان ناخشىنى ئېيتتىم:

ئەي بەيلەر سەپەردىن كەلدىم ھېرىپ ــ ئېچىپ،
شادىيەنىڭ جىلۋىسىگە كۆڭۈل بېرىپ.

ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيگە يوغان بىر گىلەمنى سۆرەپ ئەكىرىۋاتاتتىم، پەلەمپەيدىن بىرىنىڭ يۇقىرىغا چىقىۋاتقان شەپىسى ئاڭلاندى، يۇرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى. يۇقىرىغا چىقىش زال تەرەپكە قارىسام، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ھىجىيىپ شاكىر چىقىۋاتىدۇ ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سالاھىددىن بەي بىلەن يۇسۇپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالماي قالدى. كۇبرا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ جىم بولۇۋالدى. ئۇنىڭ چىرايى بىلىپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل تۇس ئالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئەسكى پاتىفوندىن چىقىۋاتقاندەك روھسىز ۋە تۇتۇق ئىدى.

ــ شاكىر بەي ھىجايغىنىچە ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. مەن ۋارقىرىغان پېتى تالاغا قېچىپ چىقماقچى بولۇپ ئىككى قەدەم ماڭغانىدىم، پەلەمپەيدىن ھىلمى بەينىڭمۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويايلا دېدىم ...

سالاھىددىن بەي بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى:

ــ دادىسىمۇ؟

ــ ھەئە، دادىسى ... ئۇمۇ ئاچ بۆرىدەك ھىجايغان پېتى كەلدى، جېنىم ئاپا، بۇ دۇنيادا بۇلارنىڭكىدىكىدەك رەزىللىق يوقتۇر، ــ قىزچاق ھوشىنى يوقىتىپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ نالە ـ زارلىق يىغىسىغا چىداپ بولمايتتى.

يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭغاندا كۇبرانىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قارىدى. ئايال ھاكىمغا قاراپ بوغۇق ئاۋازدا:

ــ قىزىم دېرىزىدىن ئۆزىنى ئاتقانىكەن، شاكىر ئېتىكىدىن تۇتۇۋاپتۇ، شۇ چاغدا سىرتتا ھاجى ئەتەم باغنىڭ ئىچىدىكى قۇدۇق بېشىدا چۈۋۇق ئۇشلاپ ئولتۇرغانمىش، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

# ئىككىنچى باب

## 1

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ناشتا ۋاقتى، شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. شاۋرۇن چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان يۈسۈپ تۆۋەنكى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ هاجى ئەتەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ باشقا تەرەپكە بۇرالغان هاجى ئەتەمنى توسۇۋېلىپ:

— توختاپ تۇرغىنا، — دېدى.

هاجى ئەتەم يېنىدىكى تاپانچىسىنى سىلاپ قويدى ۋە ئۆزىدىن بىر قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان يۈسۈپنىڭ هەرىكىتىگە سەپسالدى. يۈسۈپ قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئىتتىك ماڭغىنىچە يولنىڭ چېتىدىكى بىر دۇكاننىڭ لەمپىسى ئاستىدا توختىدى ۋە هاجى ئەتەمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي:

— دادامدىن ئالغان هۆججەت يېنىڭدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەندە هۆججەت نېمە قىلسۇن؟ بەينىڭ ئۆزىدە بولمامدۇ، — دېدى ئۇ ۋە، — نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ناماز دېگەردە چىنارلىق قەهۋەخانىغا كەل ... پۇلنى تۆلىۋېتىمەن، — دېدى يۈسۈپ.

هاجى ئەتەم بۇ قېتىم كاچىتىغا بىر تەستەك يېگەندەك تاتىرىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى:

— قانداق تۆلەيسەن؟

— بۇنىڭ بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن، هۆججەتنى ئېلىپ

كەل، پۇلنى بېرىمەن.

يۇسۇپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي سوغۇقتۇلۇمىيا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ زەيتۇنلۇققا بېرىپ كەچ كىرگۈچە ئىشچىلارغا كۆز ـ قۇلاق بولدى.

ھاجى ئەتەم قەھۋەخانىدا قارت ئويناش ئۈچۈن ئۆيىدىن خېلى بالدۇر چىققانىدى، يۇسۇپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھىلمى بەيلەرنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئىككى سائەتچە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشىنى زادىلا كۈتمىگەنىدى. ئۇلار سالاھىددىن بەينىڭ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۈچ يۈز نەچچە لىرانى تېپىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھاكىملارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت خادىملىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش يانچۇقىدا پۇلى يوق ئادەملەر. يەرلىكلەردىن بولسا، بۇنداق مەردلىك قىلىدىغان ياكى مۇنداق مۇرەككەپ ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئۆزىگە ئۆزى ئىش تېپىپ يۈرۈشنى خالايدىغان بىرەر ئادەم چىقىشى ناتايىن. ئۇنداقتا بۇ بىر ئويۇن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاشتى. ھىلمى بەي ھۆججەتنى ھاجى ئەتەمگە بېرىۋېتىپ:

— دىققەت قىل ـ ھە! قەغەزنى تارتقۇزۇپ قويما يەنە ... ئۇ بالىنى مەن ئانچە ياخشى بالا دەپ قارىمايمەن، — دېدى.

كەچقۇرۇن دېرىزە ئەينەكلىرى ئادەمنىڭ نەپىسىدىن ھورلىشىپ كەتكەن چىنارلىق قەھۋەخانىغا ھاجى ئەتەم ئارقىسىغا ئىككى ئادەمنى سېلىپ كىرىپ كەلدى، يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن ھۆججەتنى ئالدى. ھاجى ئەتەم يۇسۇپنى ھۆججەتنى ئېلىپلا يىرتىۋېتىپ قاچىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدى، ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى: يۇسۇپ ھۆججەتنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى ۋە شاۋۇرۇن چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن يوغان بىر بۇلغارى ھەميانىنى چىقىرىپ، ئاق سىرلانغان تۆمۈر ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئالتۇنلارنى تۆكۈپ

ساناشقا باشلىدى. ئۈچ يۈز يىگىرمە لىرانى تولۇق ساناپ
بەرگەندىن كېيىن ھاجى ئەتمەگە قاراپمۇ قويماي، بىرەر ئېغىز
گەپمۇ قىلماي ئىشىكتىن چىقىپ يامغۇردا كۆزدىن غايىب
بولدى.

قەھۋەخانىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئويناۋاتقان تاۋلا
ئويۇنلىرىنى تاشلاپ ھاجى ئەتەمنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار
ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ ئېغىزلىرى ئېچىلغان پېتى قارىشىپلا
قېلىشتى ۋە ھاجى ئەتەم ئالتۇنلارنى ئوچۇملاپ يانچۇقىغا
سالغاندا، ئاچ كۆزلۈك بىلەن كالپۇكلىرىنى يالىشىپ كەتتى.
قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ شاكىر كىرىپ كەلدى. ھاجى
ئەتەمنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلار شاكىرنى كۆرۈپلا ئۆز
ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. شاكىر ئىشىكنىڭ يېنىدىكى
ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە بىر ياغاچ ئورۇندۇقنى
لۈكچەكلەرچە ئالدىغا تارتىپ ھاجى ئەتەمنى چاقىردى. دەسلەپتە
ئۇلار بىر - بىرىگە گەپ قىلىشماي ئولتۇرۇشتى. شاكىر
قەھۋەخانىنىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى: خېلىلا
كەڭ قەھۋەخانا ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى، بىر بۇلۇڭدا
ئۆزۈن ئاق كىرگەن بۇرۇتلىرىنى ئوينىتىپ، رۇملارغا خاس
مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتىشىپ گىرېكلار ئولتۇراتتى.
نېرىقى تەرەپتىكى قەھۋە ئوچىقىغا يېقىن بىر يەردە تۆت - بەش
ئات جامبازلىرى بىر ئىش ئۈستىدە تالاش - تارتىش
قىلىشىۋاتاتتى. تورۇسنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويۇلغان
لامپىنىڭ يورۇقى خېرىدارلارنىڭ باشلىرىغا چۈشۈپ دوپپىدىن
تارتىپ كىگىز كۆلاغىچە، پاپاختىن ئەرەبلەرنىڭ باش
ياغلىقىغىچە تەخمىنەن يىگىرمە تۈرلۈك ھەر خىل - ھەر ياڭزا
باش كىيىملىرىنى بوراندا قالغان گۈللەردەك لەپىلدىتەتتى.
قەھۋە ئوچىقىنى خېرىدارلاردىن ئايرىپ تۇرغان، ئۈستى تەرىپى
ئىشكاپ شەكلىدە ياسالغان جاۋەننىڭ كۆزلىرىدە رەتلىك تىزىلغان
چىنىلار ۋە تىكلەپ قويۇلغان سىرىق مىس تەلەڭگىلەر پارقىراپ

تۇراتتى، بىر چېتىدە بولسا، قىزىل چىبەرقۇت بىلەن قاپلانغان چىلىم نەيچىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. قارىيىپ كەتكەن تاملاردىكى بېشىغا تاج كىيىپ، بويۇنلىرىغا قات ـ قات مەرۋايىت ئاسقان بەستلىك ئىران گۈزەللىرىنىڭ رەسىملىرى توختىماي قىمىرلاپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ باشلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا رەڭلىك تاشلاردىن ياسالغان «ئوتېلىلو»غا دائىر ئىككى ھەيكەل بار ئىدى، بۇنىڭ بىرسى، يەرگە ئېگىشىپ دېزىمونانىڭ چۈشۈرۈپ قويغان قول ياغلىقىنى ئېلىۋاتقان ياگو؛ يەنە بىرسى، ھەيۋەتلىك بېزەلگەن كارىۋاتتا ياتقان دېزىمونا ۋە ئۇنى بوغۇزلاش ئۈچۈن قولىغا خەنجەر ئالغان ئاق ساقاللىق قىزغانچۇق نېگىر تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلەر ئىدى.

شاكىر ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى مۇشۇ قەھۋەخانىدا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرگە زەن سالمىدى، پىكىر ـ خىيالى ئالدى بىلەن ھاجى ئەتەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ گەپ باشلىشىنى كۈتۈپ ئەتراپقا قارايتتى. بىراق، ھاجى ئەتەم گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن شاكىر بىر كۆزىنى قىسىپ بېشى بىلەن: «ھە، نېمە ئىش بولدى، گەپ قىل» دېگەندەك شەرەت قىلدى. ھاجى ئەتەم دەل مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا دەرھال زۇۋانغا كېلىپ:

— ئىش چاتاق ! — دېدى.

— پۇلنى بەردىمۇ؟

— ھەممىنى تولۇق بەردى !

— بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟

— بىلمىدىم !

— بىرەر چارە ـ تەدبىر تاپمىدىڭمۇ؟

— ئەزبىرايى، بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىشقۇ ! ئوتتۇرىدا مەن بالاغا قالىدىكەنمەن ـ دە ! ... مېنىڭچە قىزنى بۇ يەردىن ئەپقېچىش كېرەك !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاكىرنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— دادامچۇ؟ ... دادامنى سەن ماقۇل قىلالامسەن؟ — دېدى ئۇ بېشىنى يېقىن قىلىپ.

هاجى ئەتەم سوئال نەزىرى بىلەن شاكىرغا قارىدى.

— خالىسا شۇنداق قىلىمىز، بولمايدىكەن، ئۇچىمىزمۇ تۇرمىگە قاراپ ماڭىمىز ـ دە!

هاجى ئەتەم چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا غەرق بولغانىدى.

— بۇ ئىشنى هازىرلا باشلامدۇق؟ — ئاستا سورىدى ئۇ شاكىردىن.

— بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس ...

— نەگە ئەكېتىمىز؟

— بىزنىڭ يايلاقتا ... مەن ئۆزۈم ئەكېتىمەن، — دېدى شاكىر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

هاجى ئەتەم بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ شاكىرغا قارىدى:

— ئانىسىنى قانداق قىلارمىز؟

شاكىر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىدى:

— ئانىسىنى دەمسەن؟ ئانىسى ئۆيدە قالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، ماڭا قىزى كېرەك، — دېدى.

هاجى ئەتەمنىڭ يۈز ـ كۆزى ئوت ئالدى:

— سادىغاڭ كېتەي، خۇدا ھەققى سەن زادى كىمنى دەۋاتىسەن؟

— هاكىمنىڭ قىزىنى دەۋاتىمەن.

هاجى ئەتەم مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرغان ئوڭ پۇتىنى چۈشۈرۈپ تىزىككەن ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— خۇدا ھەققىدە بۇ ئىشنى تاشلا، شاكىر بەي ... سەن هازىر ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىڭ. مەن ھېلىقى بېشىمىزغا بالا بولىدىغان كۇبرانى دەۋاتسام، سەن تېخى مۇئەززەز بىلەن قاپسەن ـ دە، كۇبرانىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمەيدىغان بولساق بالاغا قالىمىز. هاكىم بۇ توغرۇلۇق هېچ نەرسە بىلمەستە

بىز نېمە دېسەك ئۇنايتتى. يۇرت ئىچىدە شەرمەندە بولايلى دەۋاتامسەن؟ سوتمۇسوت سۆرىلىپ يۇرسەك ياخشىمۇ؟

— سەن بۇ ئىشلارنى توغرىلاپ قويدۇم دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ — سورىدى شاكىر.

— دۇنيادىن بىغەمسەن، شاكىر بەي، «توغرىلاپ قويدۇم» دېگەن سۆزۈمنىڭ كاساپىتىدىن ھەرقايسىڭدىن بۇرۇن تۈرمىگە كىرىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. بالايىئاپەتكە يۇسۇپنى ئىتتىرىپ قويىمىز دېگەن بىلەن، ھېلىقى بۇزۇقنىڭ قىزى ھەممە ئىشنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، ھەتتا پىچاق كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتىم. ئىشنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقىدۇ، قاراپ باقارمىز. مېنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىم شۇ پۇلدا ئىدى. پۇلنى قايتۇرغاندىن كېيىن ھاكىمنىڭ بىزدىن قورقىدىغان يېرى قالمىدى، ئەمدى ھېلىقى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى يۇسۇپ دېگەن نەرسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتسەك بولار. پۈتۈن ھىيلە - مىكرىنى يۇسۇپ ئويلاپ چىقىرىدۇ. ئۈچ يۈز يىگىرمە لىرانى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلسەك بولاتتى، پۇلنى بەردى - دە، دەررۇ كەتتى، بۇ پۇلنى ئۇ بۇلاڭچىلىق قىلىپ تاپقانمىدۇ؟

شاكىر تۇرۇپلا قالدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

— خوپ، ئۇنداق بولسا، مۇئەززەزنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

ھاجى ئەتەم ئورنىدىن تۇردى، شاكىرمۇ تۇردى. ئۇلار ئىشىككە قاراپ مېڭىشتى. تالادا يامغۇر پەسىيىپ قالغانىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ھاجى ئەتەم:

— سىنىڭ كۆزۈڭنى ئىشق ئوتىلا قاپلىۋاپتۇ، بەي، ئىزمىرگە بېرىپ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كەلسەك بولامدىكىن، — دەپ قويۇپ ماڭدى.

## 2

يۇسۇپ ئۈچ يۈز يىگىرمە لىرا ئۈچۈن بۇلاڭچىلىق قىلغىنى يوق.

كۇبرانىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغان كۈنى يۇسۇپ كەچقۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ، شەرىف ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئەلىنىڭ دۇكىنىغا باردى. كەچ كىرگەندە دۇكانغا كەلگەن يۇسۇپنى كۆرگەن ئەلى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— سالام يۇسۇپ، نېمە بولدى ساڭا؟

يۇسۇپ ئۆمرىدە بولۇپ باقمىغان بىر ھاياجان ئىچىدە پۇرچاق قاچىلانغان بىر تاغارغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئەلىگە بىر ھازا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن مەيۈس، تىترەك ئاۋازدا:

— قانداق دېگەن ئادەمسەن؟ — دېدى.

سۆزنىڭ ئۇرانىدىن ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر تەلەپنىڭ بارلىقى ۋە چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل غەزەپ ئوتىنىڭ يېنىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئەلى چۆچۈپ كەتتى ۋە تەمتىرەپ قالدى:

— نېمە بولدى ساڭا، يۇسۇپ؟

دەل مۇشۇ چاغدا دۇكانغا بىر خېرىدار توسىيا گۈرۈچى سوراپ كىرىپ قالدى. ئەلى خېرىدارنى تېز يولغا سېلىۋېتىپ يۇسۇپنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ھەممىنى چۈشىنىدىغانلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان بىر خىل تەبەسسۇم پەيدا بولغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر بىر خىل چۈشىنىكسىز، ئارىلاشقۇچىلىكى يوق بۇ ئادەملەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا پولات تام بولۇپ تۇرغان بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ مۇراجىئەت قىلىدىغان ئاخىرقى چارىسى ئىدى.

ئۇ ئۆزىنى بۇ شەھەرنىڭ قورقۇنچلۇق ئېقىمىدىن پەقەت

مۇشۇ سۇرلۇك تام بىلەنلا قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى، خۇددى بىر زەمبىرەك ئوقىدەك قەلبىنى پارتىلىتىپ روھىي دۇنياسىغا تاقالغان كۇبرانىڭ ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىراتلىرىنى بۇ تامنىڭ ئىچىدە ساقلاپ قېلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى. ئەگەر ئۇنى ساقلاپ قالالمىسا، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تىلى بىلەن بۇ ئادەملەرنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق كېلىپ چىقىدۇ، ئۇلار يۇسۇپنىڭ گېپىدىن ھېچ نەرسە چۈشەنمەيدۇ، ئۇلارغا چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ بەرىبىر. ئۇنداق ئىكەن، ئۆزئارا ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدىغان پاراڭلار قىلىنىشى كېرەك. ھالبۇكى، يۇسۇپ بىرمۇنچە ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چۈشىنىپ كېتەلىشىگىمۇ كۆز يەتكۈزەلمەيدۇ، شۇنداق بولغاچقىمۇ، ھازىر ھاياتىنىڭ بۇ ئەڭ پاجىئەلىك ۋە ئەڭ بوران - چاپقۇنلۇق مىنۇتلىرىغا سۈكۈت قىلىپ ئەلگە پەقەت بولغان ئەھۋالنىلا ئېيتتى.

ئەلى ھېچقانداق سوئال سورىماي ۋەقەنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ ئولتۇردى، پەقەت يۇسۇپنىڭ سۆزى ئاخىرلىشاي دېگەندە يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئىككىسى بىر ھازاغىچە جىم ئولتۇرۇشتى. كېيىن ئەلى:

— مەن ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن، ئۇلار مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ قەبىھ ئادەملەر ئىكەن. دېمەك، داداڭنى قەرزدار قىلىپ قويۇشىدىكى مەقسەتلىرى مۇشۇ ئىكەن - دە! بىرەر يەردىن شەپە بولۇپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئېچىلىپ قالىدىغانىدەك بولسا، داداڭنى ئېغىز ئاچۇرماسلىق يولى بىلەن ئىشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولسا كېرەك ... دېمەك شاكىرمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق مۇئەززەزنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە ئىكەن - دە ...

— دادامدا پۇل يوق ... نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشى قېتىۋاتىدۇ.

ئەلى بىر ئاز تۇرۇپ بېقىپ ئاخىر چىدىمىدى:

— مۇئەززەزنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بارمۇ؟

— بىلمەيمەن ... ئۇمۇ بىلمىسە كېرەك.

— شاكىرغا تېگىشنى خالامدىغاندۇ؟

— ئۇ نېمىنى چۈشىنىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا ئەقلى يېتەمدۇ؟

ئەلىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— ئۇنىڭغا ئەقلى يەتمەسمۇ؟ ... شاكىرنىڭ قانداق بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلسىلا، ئۇنىڭغا تېگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىسمىنى ئاغزىغا ئېلىشنىمۇ خالىماس !

يۇسۇپ گەپنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي مۇرىسىنى قىسىپلا قويدى. ئەلى يەنە نېمىلەرنىدۇر دېيىشكە تەمشىلىپ ئاغزىنى ئۆمەللىسىمۇ گەپ قىلالماي قىينىلاتتى. يۇسۇپ ئىنتايىن تەقەززا بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر كۈلۈمسىرەپ:

— ئۇلار مېنىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇۋالماقچى بولدى دېگىنە ... — دېدى.

— قايسى ئىشقا؟ ... ھە، ھېلىقى پىچاق ۋەقەسىنى دەمسەن؟ ئۇ قىز كىم بولىدۇ؟ مەن ئۇ قىزنى زادى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

— بۇنى سورىمايلا قوي ... ئۇ بىرنىڭ كۆزى چۈشكۈدەكمۇ قىز ئەمەس، بۇ يەردە بىرلا گەپ بار. ئۇ قىزمۇ شۇ پېتى غەپلەتتە تۇرىۋەرمەيدۇ، بىر كۈنى ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ ... ئۆيدە ئۇ قىزنى كۆرۈپ قالسام چۆچۈپ كېتىمەن ...

ئەلى كاللىسىنى چىرمىۋالغان ئىشلارغا قايتىپ:

— ھەر ھالدا دادىڭ پۇلنى تۆلىۋېتىشى كېرەك ! — دېدى.

يۇسۇپ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— قانداق تۆلەيدۇ؟ ... نېمىسى بىلەن تۆلەيدۇ ... — دېدى.

شۇ چاغدا ئەلى بىردىنلا ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتكۈدەك غەيرەت بىلەن:

— مەن بېرەي ... — دېدى.

يۈسۈپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئالدىدا تۇرغان ئاغىنىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— مۇئەززەزنى سەنمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسەن - دە! — دېدى.

ئەلى قىزىرىپ كېتىپ يەرگە قارىۋالدى. يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلىنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويىدى ۋە:

— بۇ دۇنيادا بىكار ئىش يوق ئىكەن، شۇڭا سوراۋاتىمەن، — دېدى.

— قىزارما، شۇنداق بولۇشنى مەنمۇ لايىق كۆرىمەن، ئەھۋالنى بۈگۈن ئاخشاملا دادامغا ئېيتاي، مېنىڭچە داداممۇ ماقۇل كۆرۈشى مۇمكىن، ئەمدى سەن داداڭنى قانداق يوللار بىلەن ئۈنىتىپ بۇ پۇلنى ئالارسەن؟ — دېدى.

— بىر ئىش قىلارمەن، — دېدى ئەلى ۋە يۈسۈپ دۇكاندىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا يېقىن كېلىپ، — چوڭ ئاپامدا ئالتۇن دېگەن جىق، مېنىڭ سۆزۈمنى ھەرگىز يىرمايدۇ، بۇ ئىشنى داداممۇ ئۇقماي قالىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

ھەقىقەتەن ئەلىنىڭ چوڭ ئاپىسى ئەدرەمىتنىڭ مەشھۇر ئادەملىرىدىن ئىدى. ئۇ ئايال ياش ۋاقتىدىلا كىچىك بىر قىزى بىلەن تۇل قالغان بولۇپ، دادىسى ۋە ئېرىدىن قالغان مال - دۇنيالارنى ئۆزى باشقۇراتتى، پۇتىغا مەسە كىيىۋېلىپ ئاي - ئايلاپ زەيتۇنلۇقتا يۈرەتتى، بەزى ۋاقىتلاردا ئىستامبۇل، ئىزمىرلەرگە بېرىپ زەيتۇن يېغى سېتىپ كېلەتتى، ئاخىرىدا قىزىنى تولىمۇ كەمبەغەل شەرىف ئەپەندىگە بەرگەندىن كېيىن ئۆيىدە ئارام ئېلىپ ياتقانىدى. ھازىر ئۇنىڭ پۇل - ماللىرىنى كۈيئوغلى بىلەن نەۋرىسى باشقۇراتتى. ياشىنىپ قالغان غەنىيمەت خېنىمنىڭ يەنە تۆت بۇرجەك قۇتىدا «ئۆلۈملۈكۈم» دەپ ساقلاۋاتقان ساپسېرىق لىرالىرى بار ئىدى. ئۇنى يېشىل بۇلغارى

چامادانغا سېلىپ كارىۋىتىنىڭ باش تەرىپىدە قويۇپ ساقلايتتى ۋە ئۆيدىكىلەرگە: «ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، مېنى مۇشۇ پۇل بىلەن ئۇزىتىڭلار» دەپ ۋەسىيەتمۇ قىلغانىدى. پەقەت بۇنىڭ پارچە - پۇراتلىرى، يەنى بىرەر جۈپ ئالماس كۆزلۈك ھالقا، بىرەر قۇر مەرۋايىت ياكى ئۇستىگە «ئىنشائاللا» دېگەن خەت ئويۇلغان كۆك مونچاقلارلا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرىدە ھەدىيە قىلىناتتى.

تۆۋەندىكى قەۋەتتىكى پاكار ۋە سەل قاراڭغۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا سېلىنغان كۆرپىچەكتە ئولتۇرۇپ توختىماي ئايەت ئوقۇپ، خىنە قويغان قوللىرى بىلەن تەسۋى تارتىپ، يىلىغا ئۈچ ئايلاپ روزا تۇتىدىغان، كۈنىگە قانچە رەكەتلەپ نەپلە نامىزى ئوقۇيدىغان، كۈيۇئوغلىغا يالاڭباشتاق كۆرۈنمەيدىغان بۇ ئايالنىڭ ئەلىنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر ئاجىزلىقى بار ئىدى.

ئەلى مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندا، ئۇ:

— ئوغلۇم، مەندە ئۇنچىۋالا پۇل نېمە قىلسۇن ! — دېدى - يۇ، خۇپتەندىن كېيىن ئەلىنىڭ ھۇجرىسىغا ئاستا كىرىپ، — ئال ئوغلۇم، داداڭ ئۇقمىسۇن ! — دەپ ئۇنىڭ يەرگە سېلىنغان ئورنىنىڭ باش تەرىپىگە يوغانلا بىر خالتىنى قويۇپ قويدى. بۇ چاغدا ئۆينىڭ ئۇ بېشىدا يەرگە قويۇلغان شىرەدە تىزىلىپ ئولتۇرۇپ ھېساباب دەپتىرىنى ئاقا كۆچۈرۈۋاتقان ئەلى خۇشاللىقىدا چوڭ ئاپىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، موماي قولى بىلەن «جىم» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى ۋە خۇددى كىرگەن ۋاقتىتىكىدەك ئۈزۈن كۆڭلىكىنى سۆرىگىنىچە ئۈن - تىنسىز چىقىپ كەتتى.

ئەلىگە تاڭ ئاتقۇزۇش تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئۇ ئەتىسى كۈن پاتقۇچە دۇكاندا يۇسۇپنى كۈتۈپ ئولتۇردى، ۋاقىت ئۆتكەنچە شېرىن خىياللىرى يوقىتا چىقىپ دۇكاننىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ماڭاتتى، ئارىلاپ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ يولغا قاراپ قوياتتى، كېيىن خىياللىرىنى نېرى قىلىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ھېسابات دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ باقتى، يەنە تۇرۇپلا خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى: ئۇ ئۆزىنىڭ تويلۇق كىيىملىرىنى كىيگەنىدى، تويى بولغان يىگىت ھېلى ئاتقا مىنەتتى، ھېلى ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئوينايتتى، ھېلى ... كېيىن ئۇ بىردىنلا يۇسۇپنىڭ تېخىچە كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ بۇرۇقتۇم بولدى. كاللىسىنى ياخشى ـ يامان خىياللار چىرمىۋالدى، بىرنەچچە قېتىم كاللىسى ئىشلىمەي قېلىپ، خېرىدارلارنىڭ سىركە قاچىسىغا كىرسىن قۇيۇپ قويغىلى تاس قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. بەزىدە ھېسابات دەپتىرىگە يازىدىغانلىرى يېزىلمايمۇ قالدى. ئاچچىق ـ تاتلىق خىياللار بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆزىگە ياشمۇ ئالدى.

كۆن ئولتۇرۇپ خېلىدىن كېيىن ئۇ قاتتىق ئۇمىدسىزلىك ۋە ھارغىنلىق ئىچىدە دۇكىنىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى، دۇكاننىڭ قاپقاقلىرىنى يېپىپ قۇلۇپ سالدى ۋە ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە ماڭدى، ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئالدىراپ قىرائەت قىلىۋاتقان ئىمامنىڭ ئاۋازى ۋە جامائەتنىڭ سەجدىگە ئولتۇرغان چاغدىكى دۇررىدە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن سىنىكا سىلىپ ھاكلانغان خىش تاملىق ئۆيى كۆرۈندى. يوغان بىر تۇپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ شاخلىرى باغىنىڭ تېمىدىن كوچىغا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئەلى ھويلىغا كىرىپ جۈمەكتە يۈز ـ قوللىرىنى يۇغاندىن كېيىن كەچلىك تامىقىنىمۇ يېمەيلا ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئاق بەدىستە قاپلانغان گىلەم ياستۇقچاق قويۇلغان سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ خىيال سۈرۈپ كەتتى. «ئاددىي بىر دۇكاندارغا قىز بەرمەسمىكىن؟ ــ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ــ بىزغۇ بەش ـ ئون تەڭگە پۇلىمىز بار دەپ ئۆزىمىزنى خېلى چوڭ چاغلايمىز ... ئۇ دېگەن بىر كاتتا ھاكىم ـ دە ...»

ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ قويۇلغان كىتابلاردىن بىرىنى قولىغا ئالدى. بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان تۆتىنـ-
چى سىنىپنىڭ قىرائەت كىتابى ئىدى. ئۇ بەزىدە مۇشۇنداق
ئاخشاملىرى ماتېماتىكا، تارىخ كىتابلىرىنى قولىغا ئېلىپ
ئەللىك قېتىملاپ ئوقۇپ كەتكەن يەرلەرنىمۇ يەنە كۆزدىن كەچۈ-
رۈپ قوياتتى، مەكتەپتە ئوقۇغانلىرىدىن باشقا كىتابلارنى ئوقۇ-
مايتتى، چوڭ ئاپىسىنىڭ ئاندا - ساندا بەزى ياشانغان ئاياللار
بىلەن بىللە ئوقۇشۇپ، يىغلىشىپ كېتىدىغان «مۇھەممەدىيە»[1]
نى زېرىكىشلىك دەپ قارايتتى. رايون باشلىقىنىڭ ئوغلى
ۋەسفىنىڭ قولىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تەرجىمە رومانلىرىنىمۇ ئۇ
ئانچە چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ قىرائەت قىلىش ئېھتىياجىنى مۇشۇ
دەرسلىك كىتابلىرىلا تەمىنلىيەلەيتتى. بۇ ئاخشام كۆپ قېتىم
كۆزدىن كەچۈرۈلگەن قىرائەت كىتابلىرىمۇ ئۇنى زېرىكتۈردى.
ئۇ قايتا سافاغا بېرىپ ئولتۇرۇپ تۆمۈر رېشاتكىلىق دېرىزىدىن
تاشقىرىغا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: مۇئەززەز قولىدا
تەسۋى تۇتقان هالدا ئاستاغىنا هوجرا ئىشىكىدىن كىرىپ
كېلىۋاتقاندەك ... ئۇنىڭ ئالدىغا قەھۋە ئەكېلىۋاتقاندەك ... بۇ
شېرىن ئۇمىدلەر ئۇنىڭ چىرايىدا شادلىق تەبەسسۇمى پەيدا
قىلاتتى. ياش قىزنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، تويغا كېتىدىغان
يۇزلەرچە تۇلۇق زەيتۇن يىغى ۋە تۆۋەنكى بازاردا دۇكان ئاچماقچى
ئىكەنلىكىگە دائىر پاراڭلارنى سېلىپ بەرگۈسى كېلەتتى.

تاڭ ئاتقاندا ئۇ سافادا يېتىپ بوينى ئاغرىپ كەتكەنلىكىگە
قارىماي يەنىلا هېلىقى ئۇيقۇ ئىچىدىكى تاتلىق خىياللار بىلەن
مەستخۇش ئىدى. ئۇ خېلى بىر هازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ،
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە تۆۋەنگە
چۈشۈپ زەيتۇن يىغىغا نان تەگكۈزۈپ، يېرىم چىنە مېۋە سۈيى
بىلەن ناشتا قىلدى - دە، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان دۇكان
ئاچقۇچىنى ئېلىپ كوچىغا چىقتى. ئۇ قۇرۇق خىياللاردىن خالىي

---

[1] «مۇھەممەدىيە» — مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان دىنىي تەلىمات كىتابى.

بولۇش ئۈچۈن كاز تېغى ئېتىكىدىكى بىر يېزىدا تۇرۇشلۇق تاغىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشنى ئويلىدى.

ئەلىنىڭ بىردىنلا يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ كوچىدىن قايرىلىشى بىلەن تەڭلا نېرىقى دوقمۇشتا يۈسۈپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندى. ئۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە يۈسۈپكە تەلمۈرۈپ قارىدى.

يۈسۈپ ئەلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئادىتى بويىچە قولىنى ئاغىنىسىنىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇ كۈلۈمسىرەيتتى، بىراق ئۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ تېگىدە قانداقتۇر ئالدىدا تۇرغان ئاغىنىسىنى مەنسىتمىگەندەك بىر ئىپادە يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى.

— دادام رازى بولىدىغاندەك، — دېدى يۈسۈپ، — بىراق ئانام غودۇڭشىپ تۇرىدۇ.

ئەلى ھېچنېمە دېمىدى، يۈسۈپنىڭ دېگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىمىغاندەك، ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە سورايدىغاندەك چىرايىغا تىكىلدى. بۇنى كۆرگەن يۈسۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ مۇئەززەزنى ساڭا بېرىدىغان بولدۇق، يەنە نېمە قىلىپ بەر دەيسەن؟

ئەلى بۇ سۆزدە كىنايە، ھەتتا بىرئاز ھاقارەتنىڭمۇ بارلىقىنى ھەرگىز سەزمىدى ۋە بوغۇق ئاۋازدا:

— مۇئەززەز نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ تېخى خەۋىرى يوق، ئانام بۈگۈن دېمەكچى، — يۈسۈپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ شېرىن سۆھبەتنى قىسقارتماقچى بولغاندەك بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ تۇرۇپ جىددىي قىياپەتتە، — قېنى پۇلنى چىقار، — دېدى.

ئەلى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يۈسۈپنىڭ ھالىتىگە دىققەت قىلغان بولسا ئىدى، چوقۇم ھەيران قالغان ۋە كۆڭلى يېرىم بولغان بولاتتى. چۈنكى، «قېنى ئەمىسە پۇلنى چىقار» دېگەن بۇ سۆز ئاغىنىدارچىلىق مۇھەببىتى بىلەن دېيىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن،

ئادەتتە يات بىر ئادەمگىمۇ دېگىلى بولمايدىغان مەسخىرە بىلەن چىققانىدى. ئەمما، ئەلى ئۆزىنى يوقاتقان هالدا، چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر قاتار مۇرەككەپ ۋە شېرىن هېسسىياتلار ئىلكىدە تۇراتتى. ئۇ چوڭقۇر خىيال ئىچىدە قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى ــ دە، خېلى ئېغىر بىر ھەمياننى يۇسۇپكە ئۇزاتتى. يۇسۇپ ئۇنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

ــ ئېلىش ــ بېرىشىمىز تۈگىدىغۇ دەيمەن ــ ھە! ــ

دېدى ــ دە، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

## 3

دەل شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يۇسۇپ چىنارلىق قەھۋەخانىدا ھاجى ئەتەمگە ئۈچ يۈز يىگىرمە لىرانى تاپشۇرۇپ بېرىپ ھۆججەتنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قەھۋەخانىدىن چىقىپ يامغۇرلۇق كېچىدە كوچا ئايلاندى. ئوشۇقىغىچە پاتقاقتا پاتقان ئۆتۈكىنىڭ ئىزىدىكى ئويمانلارغا يامغۇر سۈيى يىغىلىپ كۆلچەك بولۇپ قالاتتى. ئۇ قاراڭغۇ، تار كوچىدا قولىدا پانار تۇتقان هالدا قوشنا ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئاياللارغا ۋە بىر نەچچە مەستكە ئۇچرىدى، ئاستا مېڭىپ ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىدىكى ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۆستەڭنىڭ دەل مۇشۇ جايىدا بىر ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ، ھاۋران ۋە كەمەر كەنتلىرىگە بارىدىغان هارۋىلار مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدا چوڭ چىنار دەرەخلىرى بار ئىدى. پەسىيىپ قالغان يامغۇر قايتا كۈچەيگەنلىكى ئۈچۈن يۇسۇپ ئۆزىنى چىنارنىڭ دالدىسىغا ئالدى، ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشى تاش سۇپىلارغا تاقىلاتتى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان لاي سۇ يۇسۇپنىڭ ئالدىدا قاينام پەيدا قىلاتتى. بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاي ئەتراپنى گىرىمسەن قاراڭغۇلۇققا پۈركىگەنىدى. يوغان ــ يوغان يامغۇر تامچىلىرى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىدە كۆپۈكلۈك ھالقىلارنى

پەيدا قىلىپ كېڭىيىپ بېرىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. چوڭ بىر تۈپ چىنار دەرىخىگە يۆلەنگەن يۈسۈپ كېچىنىڭ مانا شۇ گىرىمسەن مەنزىرىسىگە تىكىلەتتى. ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى دەرەخلەر؛ ناھىيە بازىرىغىچە سوزۇلغان، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ پارقىراپ تۇرغان پاتقاق يوللار؛ ھېلى تۆۋەنلەپ قويۇقلىشىپ، ھېلى يۇقىرىلاپ سوزۇلۇپ تۇرغان بۇلۇتلار بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ بىردەم پەيدا بولۇپ، بىر دەم غايىب بولۇشاتتى. يۈسۈپ مۇشۇ تۈن قاراڭغۇسىدا تۇيۇقسىز يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ چۆچۈپ كەتتى. ھۆل قوللىرى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى. كىرپىكلىرىدىن مەڭزىلىرىگە يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىدىن پەرىشان ئىدى. ئەتراپىغا قارىسا، دەرەخلەر، بۇلۇتلار، ھەتتا ئۆستەڭمۇ ئۆزىدىن شۇنچىلىك تېز يىراقلىشىۋاتقاندەك، بەزى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سارغۇچ، كۆڭگا يورۇقلۇق يۈسۈپنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە خۇددى دولقۇنلىنىپ تۇرغان سۇ ئۈستىگە شولىسى چۈشكەن يۇلتۇزلاردەك پارقىرايتتى. ئۇ غۇلىچىنى ئېچىپ كەينىدىكى چىنارنى قۇچاقلىغانىدى، سوغۇقتىن يېرىلىپ كەتكەن قوۋزاقنىڭ يېرىقلىرىغا بارماقلىرى كىرىپ قالدى، قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ كۆكسىگە قويغانىدى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگەن بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقىدىكى يېرىقتەك بىر بوشلۇقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈز - كۆزى ئوت ئېلىپ كەتتى. يا رەببىم، بۇ نېمىدېگەن يالغۇزلۇق - ھە !

كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن ئۆستەڭ تېگىدىكى تاشلارغىچە، كۈنچىقىشتىن سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇلۇتلاردىن كۈنپېتىشتىكى دېڭىزغىچە بولغان بۇ كەڭ مۇدھىش قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە يۈسۈپ تەنھا ئىدى. خىياللىرىنى مەيلى قايسى تەرەپكە يۈگۈرتمىسۇن، ئالدىغا ھېچكىم چىقمايتتى، ئۇ

شۇ تاپتا بۇ كەڭ ئالەمدە ئۆزىنى ئويلايدىغان بىرەرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىغا شۇنچىلىك ئىشىنەتتىكى، ھەتتا ئۆزىنى باشقىلار تەرىپىدىن ئويلاشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ئەمەس، دېگۇدەك دەرىجىگە يەتتى. ئەمما، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنەلمىگەن يۇسۇپنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئەجەبا، راستىلا ئۇنى ئويلايدىغان ئادەم يوقمىدى؟ ئۇ ئۆزىمۇ ھېچكىمنى ئويلىماسلىقتا، ئۆزىنى تەنھا دەپ قاراشقا شۇنچە ھەقلىقمىدى؟ بۇ بەلكى ئۇنىڭ چىدديلەشكەن نېرۋىلىرىنى بىرئاز سەگىتسە كېرەك، ئۇ يۆلىنىپ تۇرغان دەرەختىن ئاجراپ چوڭقۇر بىر تىنغاندىن كېيىن بازار ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يۇسۇپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يانچۇقىدىن ئاچقۇچىنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، ھويلىغا كىردى. قاتتىق ـ قۇرۇق قويىدىغان چوڭ ئىشكاپ ۋە ساندۇقلار تۇرىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە مېھمانخانا رولىنىمۇ ئوينايدىغان دالان ئۆيدە كۇبىرا بىلەن ئانىسى ياتاتتى. يۇسۇپنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ئايال يوقىرى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيىنىڭ تۈۋەندىكى باسقۇچلىرىدىن بىرىدە تۇرغان پانارنى ئېلىپ پىلىكنى كۆتۈرۈپ قويدى. يۇسۇپ قولى بىلەن «ئاۋارە بولماڭ» دېگەن شەرەتنى بېرىپ قويۇپ، زۇۋان سۈرمەي، يوقىرىغا چىقتى ئۇچۇن سۆپىدىكى بورىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئورۇنلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، كۇبرانىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى بايقىدى ۋە ئايالنىڭ قولىدىن پانارنى ئېلىۋېتىپ:

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خانىمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمىز ...

— خانىم نەگە كەتكەنىدى؟

— ئەسما خانىم بىللە تېلېگراف ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن. ئۇ يەردە نەغمە ـ ناۋا قىلىپ تاماشا قىلارمىش.

www.uyghurkitap.com

كەچ قايتىمىز، دېگەنىدى.

ئەسما خانىم كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلاردىن تارتىپ ئاشپەزلىككىچە ھەممە ئىشلارنى قىلىدىغان بىر قاقباش ئايال ئىدى.

يۈسۈپ يەنە سورىدى:

— داداڭمۇ كەلمىدىمۇ؟

— ياق كەلمىدى، چۈشلۈك تاماقتىمۇ يوق !

— مۇئەززەزچۇ؟

— كىچىك خانىم يۇقىرىدا ... تېخى ھېلىراقتا ياتتى.

يۈسۈپ بىر قولىدا پانار، ياغاچ پەلەمپەيلەرنى غىچىرلىتىپ يۇقىرىغا چىقتى. پانارنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كېتىش ياكى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويۇش ھەققىدە ئويلىنىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى، شاھسىدە تېخى كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ يەرگە قويۇپ قويۇش قارارىغا كەلدى ۋە پەلەمپەي بېشىدىكى سۇپىغا قاراپ بىر قەدەم تاشلاش بىلەنلا چۆچۈپ «ھۇي !» دېگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى، مۇئەززەز ئۇ يەردە يۈسۈپكە تىكىلگىنىچە ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتىدا مارجان بىلەن نەقىشلەنگەن كەش، ئۇچىسىدا ياقا، يەڭ ۋە ئېتەكلىرىگە گۈل چېكىلگەن، ئۇزۇن، ئاق، كىچىلىك كۆڭلىكى بار ئىدى. ئىككى تال ئۆرۈلگەن توم چېچى ئارقىسىغا تاشلانغان، لەۋلىرىدە بىر خىل مەيۈس تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى.

يۈسۈپ ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ:

— نېمە بولدى، قىزچاق، تېخى ياتمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— سېنى كۈتتۈم !

— نېمە بولغانىدى؟

— ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

— ئەتە دېسەڭمۇ بولاتتىغۇ؟

— بۈگۈن ئاخشام دېمىسەم بولمايدۇ، — مۇئەززەز سەل دۇدۇقلاپ قوشۇمچە قىلدى، — ئاڭلاشنى خالىمىساڭ، مەيلى !

يۈسۈپ پانارنى يەنە بىر قولىغا يۆتكەپ مۇئەززەزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:
— كەل، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى.
ئىككىسى مۇئەززەزنىڭ ھۇجرىسىغا يانداش يۈسۈپنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتى.
ئۇلار كارىۋاتتىكى كۆرپە ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى.
مۇئەززەز گەپنى باشلاشتىن بۇرۇن:
— ئاكا، مېنى قانچىگە ساتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.
يۈسۈپ چۆچۈپ قىزنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قارىدى.
مۇئەززەز سوئالىنى قايتا تەكرارلىدى:
— تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتسام، مېنى قانچىگە ساتتىڭ؟
— نېمە دېمەكچىسەن؟
— نېمە دېمەكچىسەن، دەيسەنا؟ بۈگۈن ئانام ھەممىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى ... دادامنىڭ قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن ...
— خوپ، نېمە بوپتۇ؟ سېنىڭچە ئەلى يامانمۇ؟ سەن ئۇنى ياخشى كۆرمەمسەن؟
— بۇنى مەندىن سوراش ئەمدى ئەقلىڭگە كەپتۇ - دە، مېنىڭ گېپىمدىن ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، دېگەن مەنە چىقمايدۇ، بىراق مەن ئەلى - پەلىلەرنىڭكىگە بارمايمەن. بۇنىمۇ بىلىپ قوي.
يۈسۈپ تالاش - تارتىشنىڭ ناھايىتى جىددىي كېتىپ بارغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدا ئۆزىدىمۇ كەمچىلىك بارلىقىنى سېزىپ، مۇلايىملىق بىلەن چاقچاق ئارىلاش:
— ئۇنداق بولسا كۆڭلۈڭ شاكىرنى تارتىدىكەن - دە، — دېدى.
مۇئەززەز ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇنىڭ قوللىرى سوغۇقتىن تىكەنلىشىپ تۇرسىمۇ يۈزى قىزىرىپ ئوت ئېلىپ كەتتى:
— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولما،

www.uyghurkitap.com

يۈسۈپ ئاكا، سەندىن سوراپ قالاي، مۇنداق گەپلەرنى قىلما ...

يۈسۈپنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى. بىراق، ئۇ ئىچىدە نېمىشقىدۇ سەل يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى ـ دە:

— خوپ، ئۇنداق بولسا سەن زادى كىمنى ياخشى كۆرىسەن؟ — دېدى.

مۇئەززەز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغان، كۆزىدىن ئاققان ياش تاراملاپ كۆكسىگە چۈشەتتى. يۈسۈپ ئۇنى قولىدىن تارتىپ قايتا كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى ۋە چىرايلىقچە ئاستا سورىدى:

— دېگىنە، سەن زادى كىمنى خالايسەن؟

مۇئەززەز ياش يۇقى كۆزلىرىنى يۈسۈپكە تىكىپ تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ھېچكىمنى ... چۈشەنمىدىڭمۇ؟ ... ھېچكىمنى ... — ئۇ ئۇزاققىچە يۈسۈپكە تىكىلگەن كۆزلىرىنى ئۈزمەي تۇرۇۋالدى. يۈسۈپمۇ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ پانار لېپىلداپ يورۇتۇپ تۇرغان يۈزى چىمىلداپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ مۇئەززەزنىڭ چېچىنى ئاستاغىنا سىلىدى، مۇئەززەزمۇ دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە يۈسۈپنىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ:

— كىمنى خالايدىغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى.

يۈسۈپ تۆۋەن كالپۇكىنى چىشلەپ تۇرۇپ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ:

— چۈشەندىم، — دېدى.

مۇئەززەز يۈسۈپنىڭ يوغان قوي كۆزلىرىدە ياش ئەگىگەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆردى.

ئۇلار يېرىم سائەتكە يېقىن گەپ قىلىشماي يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. ھەر ئىككىلىسى سوغۇقتىن تىترىمەكتە ئىدى.

يۈسۈپ مۇئەززەزگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ:

— ئەمدى چىقىپ ياتقىن، — دېدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مۇئەززەزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتى. قىز يوتقاننىڭ ئىچىگە كىردى، يۈسۈپ بېشىدا ئولتۇردى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار ئېغىزلىرىدىن بىرەر گەپنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. يىگىت ھېلىدىن ـ ھېلىغا، ياتقان قىزنىڭ چېچىنى سىلايتتى، ئەمما تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلىنىۋاتقان بۇ ھەرىكەت مۇئەززەزنى شۈبھەگە سېلىپ قويىدى.

ھۇجرىدا بىر خىل رىتىملىك نەپەس ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا يۈسۈپ تىنۇش چىقارماسلىققا تىرىشىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خۇمارلاشقانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇئەززەزنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كېلىپ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان كۈبرانى كۆرمىدى. يۈسۈپ ھۇجرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ھازا پەس تۇرۇپ قالدى. بۇلۇتلار تارقاپ ئەتراپ سۇزۇلۇشكە باشلىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىدىكى سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئاسماندىكى شالاڭ، كۈمۈشكە ئوخشاش ئاقىرىشقا باشلىغان بۇلۇتلارغا تۆۋەندە، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان تۇتۇندەك قارا بۇلۇتلارغا كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئاخىر تاڭنى ئاتقۇزدى.

## 4

گەرچە باشقا ـ باشقا ئۆيلەردە ياتقان بولسىمۇ، بىر كېچىنى بىرلا قىز ئۇستىدىكى خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈپ تاڭنى تەستە ئاتقۇزغان ئىككى يىگىت ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئۇچراشتى. يۈسۈپ ئەلىنىڭ دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

قاتتىق تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئىشىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلمەي قالمايتتى. ئۇ مەسىلىنى تېزرەك ھەل قىلىۋېتىدىغان بىرلا ئېغىز سۆز تېپىشىنىڭ ئاۋارىچىلىكىدە «قىز رازى بولمىدى. سىنىڭ ئىشىڭ ئەمدى سۇغا چىلاشتى» دېگەندەك بىر نەرسە دېيىش ۋە مۇمكىنقەدەر ئاز ئىزاھات بېرىش نىيىتىدە ئىدى. بۇنداق بولغاندا ھە دېگەندىلا «دېمەك سەن مېنى مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئالداپتىكەنسەن ـ دە» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى تۇرغان گەپ. يۇسۇپ بۇنى ئويلىغاندا ئىختىيارسىز تەرلەپ كەتتى، ھېيتگاھ مەيدانىغا كەلگەندە، ئەلىنىڭ دۇكىنىغا بېرىشىنىڭ ئورنىغا ئۇدۇلدىكى قەھۋەخانىغا كىرىپ دېرىزىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. مۇنداق چاغدا قەھۋەخانىدا ئادەم يوق دېيەرلىك بولاتتى. ئۇ تۇرغان يەرنىڭ نېرىراقىدا ئىككى بوۋاي ئۈستىگە چىخ كۆرپىچەك سېلىنغان ئۇزۇن ياغاچ دىۋاندا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئېڭەكلىرىنى تۇتقان ھالدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن دامكا ئويناۋاتاتتى. يۇسۇپ ئەلىنىڭ دۇكىنى تەرەپكە قارىدى. دۇكاننىڭ ئىچىگە ئىككى خېرىدار كىرىپ كەتتى. ئۇلار دۇكاندىن چىققاندا ئەلىنىڭ چىرايى ئىشىك ئالدىدا غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالدى. يۇسۇپ گويا ئۇنىڭ بىلەن روبىرو كېلىپ قالغاندەك ھودۇقۇپ كەتتى. ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى بولمىغان ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بىز سىنىڭ پۇلۇڭنى ئالدۇق، ئەمما قىزنى ساڭا بېرەلمەيدىغان بولدۇق. قىز ئۆزىمىزدە قالىدىغان بولدى» دېيىشىنىڭ ئۆزى ئانچە ئوڭاي گەپ ئەمەس ئىدى. ئەلىدە بالىلىق مىجەز خېلى ئېغىر، ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى مۇشۇنداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ يۇسۇپ بىرلا نەرسىدىن قورقاتتى: ئەگەر ئەلى ۋارقىراپ ـ جارقىرىماي، تىل ـ ھاقارەت قىلماي يىغلىۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ نېمە دېگۈلۈك؟ بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى. ئۇ سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاپقاقلىرىنىڭ يېرىمى يېپىپ قويۇلغان

ئۇدۇلىدىكى دۇكاننىڭ ئالدىدا، بىرئازدىن كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ يامان ئەسكىلىكنى ئۆزى قىلماقچى. ئۇ شۇ يەردە، ياز كۈنلىرى ئەلى بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئەمەسمىدى. ئۇنىڭ قىزغۇچ، دومىلاق يۈزى ۋە بىرنەرسىنى چۈشەندۈرگەندە ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان ھالىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قانداقمۇ نېرى كەتسۇن.

يۈسۈپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرگەندە ھېچ ئىشنى ھەل قىلالماي قايتىپ كېتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بۇگۈن قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك. بولمايدىغان بولسا، ئاغىنىسىگە كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ ئەسكىلىك قىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئىشنىڭ باشقا چىقمايدىغانلىقىنى دېيىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق بولغان تىل ـ ئاھانىتىنى زۇۋان سۈرمەي ئاڭلاش كېرەك.

يۈسۈپ قەھۋەخانىدىن چىقىپ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ مەيداننىڭ ئۇدۇلىغا قاراپ ماڭدى. يەر قۇرۇق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى گويا قېلىن پاتقاق ئىچىدە كېتىپ بارغاندەك، ئاياغلىرى ئېغىرلىشىپ، كېكىردەكلىرى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. يۈسۈپ دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۈستىگە كۆرپىچەك سېلىنغان قومۇش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەلى يۈسۈپنى كۆرۈپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنى ئىككى قولى بىلەن دۇكاننىڭ ئىچىگە تارتىپ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ يۈسۈپۈم ... جېنىم ئاداش ... — دېدى، — قاراپ تۇر، مەن قانداق توي قىلىدىكەنمەن ... ئانام بەك خۇش بولدى. داداممۇ گەپ قىلمىدى ... ياشاپ كەتسۇن بۇ دۇنيا! ...

يۈسۈپ ئاغىنىسىنىڭ قولىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە بىردىنلا كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قورقىدىغان نەرسىسى ئاخىر بېشىغا كەلدى. ئەلى

www.uyghurkitap.com

ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىگە ياش ئالغانىدى. ئۇنىڭ قىزغۇچ سېرىق تۇكلۇك مەڭزىلىرىگە ياشلىرى تارىلاپ چۈشكىنىنى تۇردى، ئۇ زورغا كۈلۈمسىرەيتتى. ياتقۇزۇپ قويۇلغان بىر ئاغار گۈرۈچنىڭ ئۈستىدە ئۇلار يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. ئەلى كۆز يېشىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېرتىۋېتىپ:

— مۇئەززەزنىڭ خەۋىرى باردۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار !

— نېمە دەيدۇ، يۇسۇپ، خۇدا ھەققى، راست گەپ قىل، كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇ مېنى ياراتماسلىقى مۇمكىن ... ئەمما يۇسۇپ، سەن دەپ باققىنا، مەن يامان ئادەممۇ؟ مەن شاكىرغا ئوخشاش ئادەممۇ؟ ... مۇئەززەز سېنىڭ سۆزۈڭدىن چىقمايدۇ. يۇسۇپ سەن ئۇنىڭغا مېنى چۈشەندۈرۈپ قوي، بولامدۇ؟ سەنلا مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم ! ... بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ باشلىدىڭ، ئاخىرىنىمۇ ئۆزۈڭ تۈگەت. مەن ساڭا راست گەپنى ئەمدى ئېيتاي: كىچىك ۋاقتىمىزدا ھېيت كۈنلەردە، ھەتتا چىنارلىق بۇلاققا بارغان ۋاقىتلاردىن تارتىپلا بۇ ئىش يۈرىكىمدە بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئانچە كۆزۈم يەتمەيتتى. ئەمدى بۇ ئىش سېنىڭ سايەڭدە بولۇۋاتىدۇ. ئانامنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، سەن ھازىر مېنىڭ ئۈچۈن دادامدىنمۇ، قېرىنداشلىرىمدىنمۇ ئەۋزەلسەن، يۇسۇپ ...

ئەلى قولىنى يۇسۇپنىڭ دولىسىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئۆز بەختىدىن يۈرىكى تىترەيتتى:

— ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە ئانام سىلەرنىڭكىگە بارماقچى. چاي ئېلىپ كىرىش بىلەن تويىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشەر، مەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمايمەن. بىراق، مەن ساڭا دېگەنىدەك توي مەرىكىمىزنى شۇنداق ئۆتكۈزىمەنكى، پۈتۈن ئەدرەمتتە قىرىق يىلغىچە ئۇنتۇلمىغۇدەك دەرىجىدە بىر ئىش بولىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە يەنە دەرھال بىر ئىش ئېسىگە يەتكەندەك، —

راست، سىنىڭ خەۋىرىڭ بارمىكىن؟ بىزنىڭ ھاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئىھسانمۇ يىقىندا ئۆيلىنىدىكەن، ئىككى ھەپتە ئىچىدە توي بولماقچى. چوقۇقتىن بىر قىزنى ئەكەلمەكچى. ئاجايىپ ھەشەمەتلىك توي قىلارمىش! — دېدى.

ھازىر بۇنداق گەپلەر يۇسۇپنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي يەرگە قارىغىنىچە تۇرىۋەردى.

ئەلى كۇلۇپ:

— ئۇلار توي قىلىپ باقسۇن، بىز كۆرۈپ باقايلى، بىز تويىنى شۇنداق قىلىۋېتىمىزكى، ئەيىۇھەنناس ... — دېدى.

يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئەلى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ؟ كېتەمسەن؟ بوپتۇ كەتسەڭ كەت. لېكىن، مۇئەززەزگە مېنىڭ ئۇچۇن سۆزلەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما. قولۇڭدىن كەلگەن ھەممە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇنى ماڭا ئۇنتىدىغان ئىشنى قىل - ھە!

يۇسۇپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن «بولىدۇ» دېدى - دە، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل كېچىلىرىنى ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈندۈزلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش يۇسۇپنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان قىسمەتلەرمىدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن مۇشكۇل، مۇرەككەپ ئىشلار - ھە! كۆپكۆك ئاسمان مەنزىرىسىدىن ياكى مەشۇقىنىڭ ۋىسالىدىن ۋاز كېچىش نەقەدەر ھار كېلىدىغان ئىش - ھە؟ يۇسۇپ شۇ تاپتا گويا تار بىر قەپەسكە سولىنىپ قالغاندەك، يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر تىغ سانجىلىۋاتقاندەك ئازابلىناتتى.

يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا بەخت تۇيغۇسى ئورۇنلاشقانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ئاخىرقى ھېسابتا بۇ بەختكە ئېرىشەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بىئارام بولاتتى. تۇرمۇشتا ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئالدىدا

www.uyghurkitap.com

ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. ئۇ جاھاندا ئۆزىنى تارتىپ تۇرىدىغان ھېچنېمە قالمىغاندەك ئەتراپىقا يات بىر نەزەر بىلەن قارايتتى، يالغۇزلۇقنىڭ غۇرۇرى ئىچىدە ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ھازىرغىچە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلاپ كەلگەن، ھاياتىدىكى بىردىنبىر ئارزۇسىنى ئۇتتۇرىغا چىقىرا ـ چىقارمايلا بەربات قىلىۋېتىشكە نېمىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى؟ نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن ۋە كىم ئۈچۈن؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەلى گەۋدىلىنىش بىلەن كالپۇكلىرى ئېچىنىش ئارىلاش ناپىسەنتلىك ئىچىدە پۈرۈلدى. شۇ تاپتا ئاغىنىسى ئۇنىڭغا بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئوقۇغانلىرىدىن ھېچنېمىسى قالمىغان، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقان پەمىدۇر، كۆكمۇچ، زەيتۇن يېغىنىڭ باھالىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە كاللىسى ئىشلىمەيدىغان تولىمۇ ئەخمەق ۋە ساددا ئادەمدەك بىلىنگەنىدى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇلار يېقىن ئۆتكەن بولسىمۇ، يۈسۈپ بۇنداق چوڭ ئىشتا ئەلىگە يول قويالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. دېمىسىمۇ يۈسۈپ بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ياخشى تەرەپلىرى بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى. ھۆرمەت قىلىشقا ۋە مەدھىيەلەشكە ئەرزىگۈدەك بىر يېرى بولمىغان، ھەتتا كۆزگە ئىلغۇچىلىكى يوق ئادەملەرنى قانداقمۇ ياخشى كۆرگىلى بولسۇن؟ توغرا، يۈسۈپ سالاھىددىن بەينى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، سالاھىددىن بەي يۈسۈپ قايىل بولمايدىغان ئاجىزلىق تەرەپلىرى بولغان بىلەن پەۋقۇلئاددە ياخشى نىيەتلىك ئادەم.

ئەسلىدە شاھىندەگە ئوخشاش بولۇمىسىز، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ۋالاقتەگكۇر خوتۇنغا پەيغەمبەرلەرچە سەۋرچانلىق ۋە چىدام بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم يۈسۈپنى يېڭى كەلگەن كۈنلىرىدىن باشلاپلا ھەيران قالدۇرغانىدى.

ھالبۇكى، يۈسۈپنىڭ مۇئەززەزگە بولغان ھېسسىياتى تامامەن

باشقىچە ئىدى. ئۇنى سىرتقى بىر مەۋجۇدىيەت، يات ۋە باشقا بىر
ئادەم دەپ قارىمايتتى، بەلكى ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسى، يەنى قولى،
كۆزى ياكى يۈرىكى قاتارىدا ھېسابلايتتى. بۇ يەردە ياقتۇرۇش —
ياقتۇرماسلىق، ياخشى كۆرۈش — كۆرمەسلىك، ئەجەبلىنىش ياكى
كۆزگە ئىلماسلىق دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ
ھازىرقىدەك بولىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى.
مۇئەززەزگە نىسبەتەن تۇنجى قېتىم ئويغانغان ۋە پۈتۈن
ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ھېسسىياتنىڭ ئۆزىدىن كۆتۈرۈلۈپ
كېتىش ئېھتىمالىغا بولغان قايغۇ — ھەسرىتى ئۇنى ئىنتايىن
قاتتىق ئازابلايتتى.

بىراق، ھازىر بىر — بىرىنىڭ ئارقىدىن ئۇلىشىپ
كېلىۋاتقان، ئالدىنى ئالغىلى بولمايۋاتقان بىر قاتار ھادىسىلەر
ئۇنى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر
قىلاتتى. ئۇ غەزەپ — نەپرىتى قانچىلىك ئۆرلەپ — تېشىپ
كېتىۋاتقان بولسىمۇ ھامىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشى
لازىملىقىنى، بىلىم سەۋىيەسى قانچىلىك يۇقىرى، كۈچ —
قۇۋۋىتى قانچە زور بولسىمۇ بەرىبىر ئۆزىگە ياردەم
بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

غۇۋا خىيال كارتىنىلىرى يۈسۈپنىڭ كاللىسىدىن بىر —
بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ قوللىرىنى گەجگىسىگە قويۇپ
كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلاپ
ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىرلىدى. يۈسۈپ شۇ ھامان
بۇرىلىپ قاراپ ئۆيگە مۇئەززەزنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆردى — دە،
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مۇئەززەزنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

مۇئەززەزنىڭ يۈرىكى خۇددى كۆكرەك قەپىسىدىن ئېتىلىپ
چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىتتىك سوقۇۋاتاتتى. بىراق، يۈسۈپ
ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ مەڭزىدىن ۋە كۆزلىرىدىن سۆيۈشنىڭ
ئورنىغا يېنىدىن ئۆتۈپ ئىشىك تەرەپكە كەتتى ۋە ئارقىسىغا
بۇرىلىپ، ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپلا قالغان قىزغا:

— سىرتقا چىقماقچىمەن، ئالدىراش بىر ئىشىم بار ئىدى، — دېدى.

— يۈسۈپ ! ...

— ئەته ياكى ئۆگۈنلۈككه ئەلىنىڭ ئانىسى سېنى كۆرگىلى كېلەرمىش، قېنى سېنى شۇ چاغدا كۆرەرمىز، ئۆزۈڭنىڭ هاكىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ قوي ! ... — دېدى يۈسۈپ.

— يۈسۈپ ! ... — توۋلىدى مۆئەززەز.

— ئاناڭنىڭ گېپىگه بەك قۇلاق سېلىپ كەتمە. ئەلى يامان بالا ئەمەس، پۇلى بار، مېلىمۇ بار، ئەخلاقىمۇ بولىدىغان بالا ...

سۆزىنىڭ ئاخىرقى قىسمى ئاغزىدىن چىقمۇاتقاندا يۈسۈپنىڭ چىرايىنى زەھەرلىك كۈلكه قاپلىدى. بۇنى سەزگەن مۆئەززەز بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، هېچ نەرسە دېيەلمىدى، بىرنەچچه قېتىم گەپ قىلىشقا تەمشىلىپمۇ ئوچۇق قىلالماي، خۇددى گېلىغا بىرنەرسه تۇرۇپ قالغاندەك، چۈشەنگىلى بولمايدىغان هالدا گۇدۇڭشىپ قويدى. ئۇ بىرنېمه دېدىمغۇ دەپ پەرەز قىلغان بىلەن گېپى ئاغزىنىڭ ئىچىدە قېلىپ تېشىغا چىقالمىغانىدى.

يۈسۈپنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قەلبىدە ئوت چاقناپ تۇرغان ياش قىزغا يېقىنلىشىپ:

— ئۇن ـ تىن چىقارما، مۆئەززەزىم، مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ! — دېدى.

## 5

يۇقىرىدىكى ۋەقەلەردىن كېيىن ئارىدىن ئىككى هەپته ئۆتتى. يۈسۈپ ئۆيگه ناهايىتى ئاز كېلىدىغان، كۆپ ۋاقتىنى زەيتۇنلۇقتا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپىنچه يېرىم

كېچىدە كېلىپ، تاڭ سەھەردە كېتەتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇئەززەز بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئەلىنىڭ ئانىسى مۇئەززەزنى كۆرگىلى كەلگەندە، «ئويلاپ باقايلى» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ كېتىپتۇدەكمىش. بۇ ئەلۋەتتە مۇۋاپىق، شۇنداقلا خېلى دەرىجىدە ئېنىق جاۋاب ئىدى. ئىككى تەرەپ ئىلاج بار ئازراق ئارىلىشىدىغان، ئوتتۇرىدا بولىدىغان سوئال ـ جاۋابلارغىمۇ ئۇنچە ئالدىراپ كەتمەيدىغان، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ باردى ـ كەلدى قىلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. بىراق، ئەلىلەرنىڭ ئۆيىدە چاي ئەكىرىشنىڭ تەييارلىقى قىزغىن كېتىۋاتاتتى، ھەتتا تۇركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە چايغا پىشۇرۇلىدىغان باقلاۋا[1] تاۋىقىنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان قىزىل گاز ياغلىقلاردىن تارتىپ تەييارلىنىپ قويۇلغانىدى.

ئۈچ يۈز يىگىرمە لىرا تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن سالاھىددىن بەيىنىڭ ئىسى خېلى جايىغا چۈشۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. تاڭ ئاتقۇچە ئويلىنىپ بېشى قاتقان كۈنلەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ، ھازىر ھېچ نەرسىنى ئويلىماسلىقا تىرىشاتتى ۋە ئۆي ئىچىدە سورالغان ئەڭ ئاددىي سوئاللارغىمۇ مۇرىسىنى قىسىپلا قوياتتى.

شاھىندە خېنىم بولسا، بۇرۇنقىدەكلا قولۇم ـ قوشنىلار ئارا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جاۋۇلداپ جاھاننى بېشىغا كىيىپ يۈرەتتى. ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەنلىكىگە قارىماي، ھىلمى بەيلەرنىڭ ئۆيىگىمۇ بېرىپ ـ كېلىپ تۇراتتى، بىراق ئۇ يەردە مۇئەززەزنىڭ باشقا بىرىگە دېيىشىپ قويۇلغانلىقى ھەققىدە زادىلا ئېغىز ئاچمايتتى. باشقا يەرلەردە بولسا، «تېخىچە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمىز، نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپتىمىز ... كۆيۈئوغۇلنىغۇ بەكلا باي دېيىشىدۇ. ئەخلاقىمۇ ساپ، ئاق كۆڭۈل

---

[1] باقلاۋا ــ ئىچىگە ياڭاق، بادام مېغىزلىرى سېلىنىپ قات ـ قات قىلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاتلىق تورت.

www.uyghurkitap.com

يىگىتمىش !» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەللىنى ماختاشنى قولدىن بەرمەي، «كويۇئوغۇل» دەپ تۇرۇپ، ئەمدىلا باشلانغان بىر ئىشنى خېلىلا پىشىپ قالغاندەك قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئەمما، شاھىنىدەنىڭ بىرەر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققۇچىلىكى يوق، سالاھىددىن بەي بىلەن يۇسۇپ بولسا، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئۆز ئىشلىرى بىلەن تېنەش. شۇ سەۋەبتىن ماقۇل چاينىڭ قىلچىمۇ تەييارلىقى يوق ئىدى.

بۇ ۋەزىيەتتىن ئىنتايىن ئوڭايسىزلانغان ۋە نېمە بولغانلىقىنى، نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى، نېمە بولىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىگەن مۇئەززەز ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە يۇسۇپنى يالغۇز ئۇچرىتىپ سۆزلەشكۈسى كېلەتتى. بىراق، بەزىدە ئۆزىنىڭ جۈرئەتسىزلىكى، بەزىدە بولسا يۇسۇپنىڭ ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيگە كېلىپلا ئۇخلاشقا يېتىپ قېلىشى تۈپەيلىدىن سۆزلىشەلمەيتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئانىسى بىلەن دادىسى ئۆيدە بولماي قالغان كەچلەردە يۇسۇپنى خېلىغىچە ساقلىدى ۋە ئۇ كېلىشى بىلەنلا ئالدىغا چىقىپ:

— يۇسۇپ ئاكا ... — دەپ ئېغىز ئېچىشىغىلا يۇسۇپ دەرھال ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— تېخىچە ياتمىدىڭمۇ، مۇئەززەز، قىشتىمۇ مۇشۇنداق يالاڭ كىيىم بىلەن دالانغا چىققان بارمۇ؟ ھۇجراڭغا كىرىپ كەت. مەن بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم، دەرھال يېتىپ قالماقچىمەن، — دەيتتى ـ دە، قىزچاقنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يۇسۇپكە نارازىلىق ۋە قېيىداش بىلەن قارىغان، كېيىنچە بۇ خاپىچىلىقى ئاستا ـ ئاستا ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەتكە ئايلانغان مۇئەززەز كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، يۇسۇپنىڭ روھىي ھالىتىدىن چۆچۈشكە باشلىدى. چۈنكى، ئاكىسى ئۆزىنى باسالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى يۇسۇپ يەنە قوپال گەپ قىلىپ سالدى ۋە باشلىنىش

ئالدىدا تۇرغان تالاش ـ تارتىشنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن مۇئەززەزنىڭ مەڭزىنى سىلىغانىدى، مۇئەززەز بۇ قولنىڭ بەزگەكتەك تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. بەزىدە ئۇنىڭ قىزنىڭ گەپلىرىنى خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلاپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان ئۇچقۇنلاردىن ھېسسىياتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما، مۇئەززەزنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، ئۇ خۇددى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغان ۋە ئۇيقۇدىن ھېلىلا ئويغانغان ئادەمدەك، بىر ـ ئىككى ئېغىز مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلىپ قوياتتى ـ دە، شۇ ھامان كېتىپ قالاتتى. يوسۇپنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرگەن مۇئەززەزنىڭ پەرىشانلىقى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. ئۇ ئەمدى پۈتۈن كۈننى ئۆيدە يالغۇز، ئۆزىنى ئۆزى تىڭشاپ ئۆتكۈزىدىغان، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۆڭلى بۇزۇلىدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە لەۋلىرىدە يېنىك بىر تەبەسسۇم پەيدا قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

كوبرا بىلەن ئانىسى بۇ ئۆيدە خىيالىي ئادەملەرگە ئوخشايتتى. كىرەك بولمىغاندا كۆزدىن غايىب بولاتتى، ئىزدىگەندە بولسا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك دەرھاللا پەيدا بولۇشاتتى. ئۇلارمۇ ئۇزۇندىن بېرى چارچاپ كەتكەن نېرۋىلىرىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن سالاھىددىن بەيگە ئوخشاش مەنزۇى ئۇيقۇغا پاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

كوبرا بىرئاز ئەسلىگە كېلىپ ئوڭشىلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا كېسەل چىراي كۆرۈنەتتى، بەزىدە يوقىرىقى قەۋەتتىكى مۇئەززەزنىڭ يېنىغا چىقاتتى، دوم يېتىپ ئويغا چۆمگەن قىزچاق بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇسى كېلەتتى. بىراق، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىلىدىغان گەپ تاپالماي جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇزاققىچە ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر مۇئەززەز كوبرادىن پۈتۈنلەي قاچىدىغان، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئاچچىقى باردەك، ئۇ قىزنى كۆرسىلا جۇدۇنى تۇتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، ھازىر ئۆزى بىلەن

مۇڭداش بولىدىغان بىر ھەمراھقا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، لېكىن كۇبرانى ئويلاپمۇ قويمايتتى، كۇبرا ئۇنى ئىزدىگەن ۋاقىتلاردىمۇ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلماقتا يوق، رۇۋان سۇرمەي قارىشىپ تۇرغان ئارىلىقتا ئۇنى چايناپ پۇركۆۋەتكۈسى كېلەتتى، كۈندۈزلىرى ئۇنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتكۈسى ياكى بىر بۇلۇڭغا كىرىپ مۆكۈۋالغۇسى كېلەتتى.

خۇدا ئىنساپ بەرسۇن، ئۆيگە قامالغان ۋە ئۆي ھايۋانلىرىغا ئوخشاش، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ بەتتەر مەقسەتسىز چوڭ بولۇۋاتقان قىزلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۆزىنى ۋە كاللىسىنى ھېچ ئىشقا بەند قىلماي، سائەتلەپ، كۈنلەپ، ھەتتا ئايلاپ ـ يىللاپ كەلگۈسىنى كۈتۈش قابىلىيىتى بار ئىدى. لېكىن، مۇئەززەز قەلبىنى ئازابلايدىغان ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئوي ـ خىياللاردىن دەرمانسىزلانغاندا مۇتلەق مەۋجۇت بولمىغان بىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتاتتى.

## 6

ئويلىمىغان يەردىن چىققان بالا ـ قازا ھەممە ئىشنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

بىر ھەپتىدىن بېرى ھاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئېھساننىڭ تويى بولۇۋاتاتتى. چارشەنبە ئاخشىمى، نەغمە ـ ناۋا تازا ئەۋجىگە چىقتى. «چايئىچى» مەھەللىسىدىكى بىر ھويلا ئىچى ئاياللار بىلەن، ھويلا سىرتىدىكى مەيدان ئەرلەر بىلەن لىق تولغانىدى.

باشلىرىغا ھەرەم ياغلىقلىرى چىگىۋالغان ئاياللار چۆرىدەپ قاتار ئولتۇرۇشاتتى. توي ئىگىلىرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن تەكلىپ قىلىنمىغان سەمىمىي مېھمانلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيگە تىزىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى تاماشا قىلاتتى. ھاۋا خېلىلا سوغۇق بولسىمۇ، بەلكى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان

باھارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، توي ئۇچۇقچىلىقتا ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاشلىقتا بىرنەچچە سىگان ئاياللىرى قوڭغۇراقلىق داپلىرىنى ئىتتىك ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىشماقتا، مەھەللىنىڭ ياش قىز - چوكانلىرى سېرىق پۆپۈكلۈك سىگانچە ئۆتۈكلىرى بىلەن ئۇششاق چامداپ يەرلىك ئۇسسۇللارنى ئويناشماقتا ئىدى.

كېلىننىڭ بېشىدىكى تۈركچە قالپاق ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن، ئۈستىدە شايى لېنتا ئارقىسىغا تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىككى تۇتام سېرىق كالۋۇتۇن يىپ يۈزىدىن كۆكسىگىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. كېلىن شۇ كۈنگە ئاتاپ ياسالغان مەخسۇس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغانىدى، ئۇ يىغلامسىرىغىنىچە ئەتراپقا تېڭىرقاپ قاراپ قوياتتى ۋە ئالدىغا قاراپ مىدىرلىماي بىر خىلدىلا ئولتۇرىدىغان مۇنداق زېرىكەرلىك مىنۇتلارنىڭ ئاياغلىشىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. قول ئۇچلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يەڭلىك، ئېتەكلىرى يەردە قات - قات سېلىنىپ تۇرىدىغان ئالۇچا رەڭ بەرقۇت يوللۇق كۆڭلىكى قىزنىڭ چىرايىغا ھال رەڭ بەرگەنىدى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يېقىلغان چىراغنىڭ يورۇقىدا قىزنىڭ نەملىك كىرپىكلىرى پارقىرايتتى. يېنىدا ئولتۇرغان ئانىسى پەلتوسىنىڭ يېڭى بىلەن توختىماي كۆز ياشلىرىنى ئېرتاتتى ۋە بىردەم - بىردەمگە قۇلىقىغا پىچىرلىغان ئوغۇل تەرەپ ئاياللار بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى.

كېلىن ئۇسسۇلغا تارتىلدى. سىگان ئاياللىرىنىڭ توختىماي چالغان داپ سادالىرى پەلەككە يەتتى. قىسقا مىسرالىق چوڭقۇر مەنىلىك شەھۋانىي ناخشىلار ئەۋجگە چىقتى. ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ تۇرۇپ قالغان كېلىن ھودۇققان ھالىتىدىن ئاستا ئېسىگە كېلىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى، ئېتەكلىرىنى سۆرەپ، ئالدى - كەينىگە مېڭىپ بىرنەچچە ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن، سەكرىگەندەك

ھەرىكەتلەر بىلەن قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ ھويلىنى ئايلىنىپ ئويناۋەردى. ئۇنىڭ چىراغ يورۇقىدا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ كالۇۋتۇن يىپ بىلەن نەقىشلەنگەن كۆڭلىكىدىن بالىلارغا خاس نازۇك ۋۇجۇدى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇزۇن يەڭنىڭ ئىچىدىكى قوللىرىنى كۆكرىكىگىچە كۆتۈرۈپ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس قاسمۇ چىقىرىپ قوياتتى. بېشىدىن سېلىنىپ تۇرغان سېرىق كالۇۋتۇن تالالىرىنىڭ ئاستىدا، بېلىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئىنچىكە ئۆرۈم چاچلىرى ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ پۇلاڭلايتتى. ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەيتتى. يوتىسىغا يۆگەلگەن كەڭ كۈمۈش كەمەر ساغرىسىنىڭ يېنىك ۋە رىتىملىك ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ مەشئەل ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتاتتى. بۇ ئۇسسۇلدا كېلىنىنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس، تەكشى رىتىمدا لەرزان ھەرىكەتلىنەتتى. كېلىنىنىڭ ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ تۇرغان ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ يانلىرىدا باداشقان قۇرۇپ جىم ئولتۇرغان بالىلار خۇددى كېلىنىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ تازا نازۇك يەرلىرىنى كۆرەلمەيۋاتقاندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا زەن سېلىشاتتى. پەلەمپەينىڭ ئاستىدىكى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئېھسانىنىڭ ئانىسىمۇ خىزمەتچىلەرگە ئىش بۇيرۇشتىن توختاپ قىزىقىپ ئۇسسۇل كۆرۈۋاتاتتى. ئانا ئارسلاندەك ئوغلىغا كۆڭلىدىكىدەك قىز ئېلىپ بەرگەنلىكىدىن مەمنۇن ئىدى.

تاشقىرىدىكى ئەرلەرنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى ئاياللارنىڭكىدىنمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. كەڭ مەيداننىڭ ئەتراپىغا قادالغان خادا ياغاچلارنىڭ ئۇچىدىكى مەشئەللەر مەيداننى تېخىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر تەرەپتە داقا ـ دۇمباقچى، كاناي ـ سۇنايچىلاردىن تەركىب تاپقان سازچىلار گورۇپپىسى ئارقا ـ ئارقىدىن توختىماي نەغمە قىلماقتا. مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ سۇنىيىنى كۈچەپ چېلىۋاتقان سۇنايچىلارنىڭ ئېتىلىپ كەتكۇدەك كۆپۈپ كەتكەن

قوۋۇزلىرى خۇددى ماي سۇركىۋالغاندەك پارقىرايتتى. ناھىيە بازىرىنىڭ داڭدار يىگىتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەتراپتىكى كۆتەكلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشاتتى. قارا كۆك موۋۇتتىن تون كىيگەن نوچى يىگىتلەردىن تارتىپ قارامتۇل يېشىل شەيتان تېرىسىدىن چاپان كىيگەن ئەپەندىلەرگىچە ئېھسانىنىڭ ھەممە دوستلىرى تويغا كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاز ـ تولا كەيپ ئىدى. ئېھسان بىر قولىدا يوغان بىر ھاراق بوتۇلكىسى، يەنە بىر قولىدا قەلەي قەدەھ، دوستلىرىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ يۈزىدە ھارغىنلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئاغىنىلىرى ئالدىدا ھاياجانلىنىپ ھىجايغاندا ئۇنىڭ تەر تامچىلىرىدىن نەملىشىپ كەتكەن شالاڭ ئىنچىكە بۇرۇتلىرى تېخىمۇ شالاڭلىشىپ كېتەتتى. چوققىسىغا كىيىۋالغان پۆپۈكلۈك قالپىقىنىڭ چېتىدىن قارا بۇدرە چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتكۇل پىكىر ـ خىيالى بۇگۈن ئاخشام ئاغىنىلىرىگە ياخشى خىزمەت قىلىش، ئۇلارنى ياخشى ئويىنىتىپ رازى قىلىشتا ئىدى. شوڭلاشقا سۇنايلار ئازراقلا توختاپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال شۇ تەرەپكە قاراپ يۇگۇرۈيتتى ـ دە، بىچارە سىگانلارنىڭ پات ـ پاتلا قۇرۇقدىلىپ قالىدىغان رومكىلىرىغا ھاراق قۇيۇپ تۇرۇش ھەققىدە خىزمەتچىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى.

سازچىلار ھالاي① پەدىسىگە چالغاندا، كۆتەكلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ياشلاردىن بەش ـ ئونەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىنىڭ كەينىگە تىزىلىپ ئاستا رىتىم بىلەن سورۇننى چۆرگۈلەپ ئويناشقا باشلىدى. ئۇلار قوللىرىنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ جۇپلەپ يەنە پەسكە چۈشۈرۈپ ئوينايتتى. چاۋاكىنى ئۇنلۇك چىقىرىش ئۈچۈن نەمدىشىپ قالغان ئالىقانلىرىنى يەردىكى توپىدا قۇرۇقداۋېتىپ بىر ـ بىرىگە قاتتىق ئۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەيپىكتە قىلىشقان قىيقاس ـ سۈرەنلىرى ئەتراپنى

① ھالاي ـــ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاناتولىيە خەلق ئۇسسۇلى.

بىر ئالاتتى.

ئەلى خېلى بالدۇرلا كېلىپ بىر تەرەپتىرەك ئولتۇردى. ئۇ ئانچە كەيپ ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ئېھساننىڭ رەنجىپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا ئىككى يۇتۇم هاراق ئىچكەنىدى. ئۇ ئوتتۇرىدا تىزلىرىغا ئۇرۇپ چۆرگىلەپ ئويناۋاتقان ئىككى ئاغىنىسىگە خوشاللىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە ئۆزىنىڭ تويىنىڭمۇ مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى ئويلاپ، ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ چىقتى.

ئېھسان ئەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە:

— هە، قانداق ئەهۋالىڭ؟ تويى قاچان؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ گەپنى قىلما، ئاداش، هازىرچە جىم !

— مەندىن يوشۇرۇۋاتامسەن نېمە؟ ساڭا ئاچچىقىم بار جۇمۇ، ئەلى، — دېدى ئېھسان ۋە ئەلىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئەلى ئۇ كەتكەن تەرەپكە قارىۋىدى، بىرنەچچە كىشى بىلەن تۇرغان شاكىر بىلەن هاجى ئەتەمنى كۆردى. شاكىر ئادەتتىكىدەكلا مەست ئىدى. ئۇ هاجى ئەتەمنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالغان، قارامتۇل يېشىل گەلەپىسىنىڭ تۈگمىلىرى ئوچۇق، ئۈستىدە قارا كۆك پىنجەكلىك كاستۇم.

ئولتۇرغانلار يېڭى كەلگەنلەرگە ئورۇن بوشىتىشتى. ئېھسان ئۇلارنى چوڭقۇر هۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. شاكىر ئۆزىگە سۇنۇلغان قەدەهنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتىۋەتتى. هاجى ئەتەم يانچۇقىدىن قورۇلغان نوقۇت بىلەن كىشمىش چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئېھساننىڭ ئادەملىرىدىن بىرى چوڭ بىر سىرلىق كورىدا چىلىغان كۆكتات ئېلىپ كەلدى.

دەل شۇ چاغدا شاكىرنىڭ كۆزى بىردىنلا ئۆزىدىن بەش - ئالتە قەدەم نېرىدا تۇرغان ئەلىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ هامان ئۇ ئۆزىچە ئېچىلىپ ئەتراپىدىكىلەرنى جەينىكى بىلەن تۈرتكىلى تۇردى، بېشىنى هېلى يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىپ، هېلى ئوڭ -



www.uyghurkitap.com

سولغا چايقاپ، جاھاننى تىترىتىۋەتكۈدەك قاقاھلاپ لوكچەكلەرچە كۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ بىرنەچچىسى ئىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزدى. ھاجى ئەتەم بولسا ئۆز ـ ئۆزىگە: «بېشىمىزغا بالانى ئۆزىمىز تېرىۋالدۇق» دەپ پىچىرلىدى. چۈنكى، ئوتتۇرىدا ھېچقانداق گەپ ـ سۆز بولۇنمىغان بولسىمۇ، ئەلىنىڭ مۇئەززەزنى ئالىدىغانلىقى پۈتۈن ناھىيەگە يېيىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھىندە خېنىمنىڭ «بولمايدۇ» دېگەن قارارىدىن يانغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر تېخى يېقىندىلا شاكىرنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ھاجى ئەتەم بىلەن شاكىر يۇسۇپنىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە لىرانى نەدىن تاپقانلىقىنى ئوڭايلا بىلىۋالغانىدى. ھاجى ئەتەم بۇ يىگىتكە «چىرايلىق ئويۇن»لاردىن بىرنى ئويناشنى پىلانلاپ پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى. شاكىر بولسا ئۆزى ئوت ـ چوغ بولۇپ كۆيۈپ يۈرگەن قىزنى بىرنەچچە يۈز سېرىق لىرانى ساناپ تۇرۇپ قولىدىن تارتىۋېلىپ پۈتۈن قارا نىيەتلىرىنى بىر تىيىن قىلىۋەتكەن رەقىبىنى كۆرۈپلا دەرغەزەپكە كەلگەنىدى. ئاخىر ئۇ ئەلىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ئۇنى ئاغزىغا كەلگەن ئەپسانە تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىدى. باشقىلار ئۇنى بېسىپ:

— ۋاي شاكىر بەي، ساڭا بۇنداق قىلىق ياراشمايدۇ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! — دېيىشتى. شاكىر ئۇلارنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ:

— قويۇپ بېرىڭلار مېنى، بۇگۈن مەن كۆرىدىغىنىمنى كۆرىمەن! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئەلى ئەھۋالنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ بۇ يەردىن كېتىپ قېلىشنىمۇ ئويلىدى، بىراق ئۇنداق قىلغاندا كېيىن ئەدرەمىتتە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرۈشىمۇ بىر گەپ بولۇپ قالاتتى، شۇڭا كەتمەسلىكنى توغرا تېپىپ بولۇۋاتقان ئىشلارغا پىسەنت قىلماي تۇرىۋەردى.

www.uyghurkitap.com

شاكىر بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ تاپتا مۇئەززەز ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى. ئەلىگە قارىغانسېرى ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان غەزەپ ـ نەپرىتى دەمبەدەم ئۇلغىيىپ كەلكۈندەك ئۆرلەيتتى. شۇنداق قورقۇنچاق، ياۋاش بىر دۇكانچى فابرىكا غوجايىنىنىڭ ئوغلى بولغان مەندەك بەگزادىدىن ئۈستۈن تۇرامدۇ، دېگەن ئوي ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجىلايتتى. ئۇ ھەممە ئىشقا ئەلى سەۋەبچى دەپ قارايتتى، شۇڭا ئەلەم بىلەن:

— ماڭا تەڭ كېلەلەيدىغان يىگىت بولسا، قېنى مەيدانغا چىقسۇن ! — دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى.

— يوق، بېگىم، سەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يىگىت ئەدرەمىتتە نېمە قىلسۇن ! — دەپ ئەتراپىدىكىلەر چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— مېنىڭ رىزقىمغا كىم قول ئۇزىتىدىكەن قېنى، كۆرۈپ باقايچۇ؟ ...

ئەتراپىدىكىلەر يەنە:

— مۇنداق قىلىش كىمنىڭ ھەددى ئىكەن، شاكىر بەي ! ... ئۆپكەڭنى بېسىۋال ... — دېيىشتى.

ئەلى ئولتۇرالماي قالدى. شاكىر كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يەنە چالۋاقىدى:

— ئۇنداقلار بولىدىغان بولسا قېنىنى ئىچىمەن !

— ئىچىمىز، شاكىر بەي، ئىچىمىز، خاتىرجەم بول !

بۇ چاغدا دۇمباق ـ سۇنايلار يەنە ھالاي پەدىسىگە چېلىنىشقا باشلىدى. بارغانسېرى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان پۇتلار يەرگە سۈرىلىپ چاڭ چىقىرىپ، بىر ـ بىرىنىڭ كەينىگە تىزىلىپ ئايلىنىپ ئويناشقا باشلىدى. ئۇسسۇلچىلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا بەللىرىدىكى تاپانچىلىرىنى چىقىرىشىپ ھاۋاغا تۆت ـ بەش پاي ئوق ئېتىشاتتى.

شاكىر ئەتراپىدىكىلەرنى ئىتتىرىۋېتىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئويناۋاتقانلارغا قوشۇلدى.

شۇ چاغدا ھالەپ يېپىكىدىن ئىشلەنگەن بەلبېغى يېشىلىپ كېتىپ پۈتىغا سۆرىلىۋالدى. ئۇ بەلبېغىنى سول قولى بىلەن يەردىن ئېلىپ بېلىگە باغلىۋېلىپ ئويناشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ تۇرغان يېرىدە ئارانلا چۆرگىلەيتتى. ئۇ تىزىغا ئۇرۇش ھەرىكىتىنى قىلماق بولۇپ ئېگىلگىنىدە توپىغا يانچە يىقىلىپ چۈشتى ۋە مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەتراپقا قاراپ قويدى.

ئاخىر ئۇ ئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلگەن پېتى ئالدىدا تىك تۇرۇشقا تىرىشتى، يۈزى ۋە كالپۇكلىرى لىپىلداپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ئۆچمەنلىك ئوتى چاقناپ كەتتى. ئەلىمۇ چىرايى تاتارغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئۇ ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلىدىغان بولسا، شاكىر ئەمەس، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بولغانىدى.

شاكىر يېنىك بىر سىلكىنگەندەك قىلدى. ھالقا شەكلىدىكى سورۇن ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەۋاتقان دۇمباقچىلار بۇلار تەرەپكە يېقىنلىشىپ كېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن توقمىقىنى دۇمباققا ئۇراتتى؛ سۇنايچى بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تولغىنىپ سۇنىيىنى كۈچەپ پۈۋلەيتتى، بىردەم سۇنىيىنىڭ ئۇچىنى ئويناۋاتقانلارنىڭ بىرەرىگە قاراتسا، بىردەم تېخىمۇ قىزىپ كېتىپ ئاسمانغا قارىتىۋالاتتى.

شاكىر ئويناۋاتقانلارغا بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا ماڭدى. بۇ چاغدا تاماشىبىنلار بىلەن ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئىچىدىن بىرقانچىسى تاپانچىلىرىنى چىقىرىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. شاكىرمۇ قولىنى سول يېنىغا ئاپىرىپ قارا كۆك چاپىنىنىڭ ئىچىدىن يوغان بىر تاپانچىنى چىقاردى ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. ئاندىن ئۇ خۇددى قورالىنى كۆتۈرەلمەي ھېرىپ قالغاندەك دەرمانسىز كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئەلى بىلەن روبىرو كېلىپ قالدى ـ دە، دەررۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ھارغىنلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ جىددىي تۈس ئالدى، يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى يوغىناپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى، بېشى بىر ئاز ئوڭ تەرەپكە ئېگىلگەندەك قىلىدى ـ دە، تاپانچىسىنى قارىغا ئېلىپ ئىككى پاي ئوق چىقاردى.

ھاۋاغا قارىتىپ ئېتىلىۋاتقان تاپانچا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئەلىگە توغرىلىنىپ ئېتىلدى. شۇ ھامان ھەممەيلەن دېگۈدەك ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

ئوق تەگكەن ئەلى ئولتۇرغان كۆتەكتىن دومىلاپ چۈشۈپ توپىغا مىلىنىپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى.

سورۇندىكى ئۇسسۇلچىلار، دۇمباقچىلار، سۇنايچىلار، ھاراق ئىچكەنلەر، مەستلىكتە خۇدىنى بىلەلمەي قالغانلاردىن تارتىپ ھەممەيلەن ئوپۇر ـ توپۇر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ يەردە ياتقان ئەلىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئېھسان تىزلىنىپ تۇرۇپ ئەلىنىڭ بېشىنى كۆتۈردى، يېنىدا تۇرغان بىرىگە شەرەت قىلىۋىدى، ئۇ ئەلىنىڭ كۆكرىكىنى ئاچتى. ئىككى پاي ئوق ئارىلىقى تۆت ئىلىك بولۇپ، كۆكرەكنىڭ دەل سول تەرىپىگە تەگكەنىدى. قارىداپ كەتكەن تۆشۈكتىن قان ناھايىتىمۇ ئاز چىقىۋاتاتتى. ئېھسان ئەلىنىڭ بېشىنى يەرگە قويۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە «كۆردۈڭلارغۇ، مانا ئۇ دۇنيادىن كەتتى» دېگەندەك نەزەردە قارىدى. ئۇ يەردە تۇرغانلاردىن مەلۇماتلىق بىرى:

— ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار ... ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — دېدى. ھەممەيلەن بىردەك:

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن! — دېيىشتى. ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ خىياللىرىغا شاكىر كەلدى. ئۇلار باشلىرىنى بۇراپ قاراشقانىدى، شاكىر تېخىچىلا تۇرغان يېرىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى. تاپانچا تۇتقان ئوڭ قولى ئۆلۈكنىڭكىدەك جانسىز ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ سول قولى بىلەن بولسا، ئۆزىنى قاچۇرۇۋەتمەكچى بولغان ھاجى ئەتەم ۋە باشقىلارنى «كېتىڭلار» دەپ شەرەتلەۋاتاتتى.

# 7

كوچىنىڭ بېشىدا ئىككى ژاندارما بىلەن ياش بىر چاۋۇش[1] پەيدا بولدى. مۇستەقىللىق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى خېلى ئوبدانلا كۆرسەتكەن بۇ دۆلەت مۇداپىئە كۈچلىرىگە نىسبەتەن خەلق كونا ژاندارمىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ھۆرمەتسىزلىك قىلالمايتتى. بىر يەردە بىرەر ژاندارما كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولسا، ھەممە ئادەم بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ دەرھال كۆزدىن غايىب بولۇشقا تىرىشاتتى.

مانا بۇ قېتىممۇ ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەنلا ھەممەيلەن تارقىلىپ مەيدان قۇرۇقدىلىپ قالدى. ژاندارمىلار گۇۋاھچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەقەت تۆت ـ بەش كىشىنىلا نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىشتى. بۇ گۇۋاھچىلاردىن ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنى ناھىيە دوختۇرىغا ۋە ئەلىنىڭ دادىسىغا ئەۋەتتى.

قوللىرى باغلانغان شاكىر بىر ژاندارما بىلەن بىللە ئېغىر قەدەم تاشلاپ ماڭدى. ھاجى ئەتەم بولسا، قالايمىقانچىلىق چىققان ھامان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

توشقاندالانىڭ يېنىدىكى ساقچىغا بارغۇچە ھېچقايسىسى زۇۋان سۈرۈشمىدى. ھال سىرلانغان ياغاچ ئۆيلۈك بىناغا كىرگەندىن كېيىن گۇۋاھچىلار بىلەن شاكىر دالاندا توختىتىپ قويۇلدى. چاۋۇش ئىشخانىسىغا كىرىپ قەغەز ـ قەلەملەرنى تەييارلىدى، شاكىرنىڭ قولىدىن ئېلىنۋالغان تاپانچىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

ئالدى بىلەن چاقىرتىلغان شاكىرنىڭ سۆزلىگۈدەك مادارى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ھەم مەست، ھەم قورقۇپ كەتكەنىدى.

---

① چاۋۇش ـــ ژاندارما باشلىقى.

شاكىر چاۋۇش سوڭغان تاماكا قۇتىسىدىن بىر ئورام تاماكا ئېلىپ يۆگىمەكچى بولۇۋىدى، قوللىرى تىترەپ تاماكا قەغىزى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چاۋۇش تامدا ئېسىقلىق تۇرغان پايانىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئالدىدا تۇرغان قەغەزگە قاتىللىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئاران يازالىدى. كېيىن ئىشىكتە پوستتا تۇرغان ژاندارمىغا شاكىرنى ئاچىقىپ كېتىپ گۇۋاھچىلاردىن بىرىنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇق بەردى ــ دە، ئۆزىنى ئارقىغا تاشلاپ تازا بىر ئەسنىۋالدى. شاكىر پۇتلىرىنى سۆرەپ ئىشىككە ماڭدى، سىرتقا چىقىپلا ھاجى ئەتەم بىلەن دوقۇرۇشتى. ھاجى ئەتەم شاكىرنى كۆرمىگەندەك، ھەتتا ئۇنى تونۇمايدىغاندەك قاراپمۇ قويماستىن چاۋۇشنىڭ بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

— ياخشىمۇسىز، جامال چاۋۇش، — ھاجى ئەتەم بۆلۈمگە كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى، — ئەزبىرايى، يولۋاستەك بىر يىگىت ئىدى، ئۇۋال بولدى ... تولىمۇ ئۇۋال بولدى!

جامال چاۋۇش ياش ۋە كەسپىي جەھەتتىن تېخى تەجرىبىسىز بىر ژاندارما باشلىقى بولغان بىلەن ھاجى ئەتەمنىڭ بۇ يەرگە ئەلى ئۇچۇن كەلمىگەنلىكىنى چۈشىنەلمەيدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان ھاجى ئەتەمگە گۇمانسىراپ قارىدى.

ھاجى ئەتەم پەرۋاسىز ھالدا ئىشىكتە قاراپ تۇرغان شاكىرنى كۆرسىتىپ:

— ئانىسى بۇ ئوغۇلغا مەندىن ئورۇن ـ كۆرپە ئەۋەتكەنىدى. بىچارە ئايال چاچلىرىنى يۇلۇپ، داد ـ پەرياد سېلىپ ياتىدۇ. ھالى بەك پەرىشان، — دېدى، كېيىن شاكىرغا قاراپ، — چىقىپ ئورنۇڭنى سېلىپ ئۇخلا ... ئەتىگەنلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن ... بۇ سېنىڭ دىققەتسىزلىكىڭدىن كېلىپ چىققان ھادىسە، مەست ئادەم ئوق ـ سولىغا ئوبدان قاراپ ئىش قىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ! — دېدى.

شاكىر بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپلا ئاستا تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە ھاجى ئەتەم بىلەن چاۋۇش ئىككىسىلا

قالدى. ئۇلار بىردەم سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشتى. ئاندىن چاۋۇش هاجى ئەتەمگە نېمە ئىشنى بارلىقىنى سورىغاندەك بىر سوئال نەزەرىدە قارىدى.

زۇۋان سۈرمەي خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان هاجى ئەتەم قورسىقىدا بىرمۇنچە پىلاننى تۈزۈپ بولۇپ ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ بۇ ئوغۇلنىڭ ئەهۋالى قانداق بولار؟ ــ دېدى.

ــ بۇنى بىر بولسا خۇدا، بىر بولسا بەستىلىك رەئىس بىلىدۇ!

بەستىلىك رەئىس دېگىنى شۇ چاغدىكى ئېغىر جىنايى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان سوتنىڭ رەئىسى ئىدى. ياشىنىپ قالغان، ئەمما ئېيىقتەك بەستىلىك كەلگەن بۇ كىشىنى خەلق، بولۇپمۇ سوتقا ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەملەر شۇنداق لەقەم بىلەن ئاتىشاتتى.

هاجى ئەتەم ئۇنىڭغا يېنىك بىر تەبەسسۇم بىلەن مەنىلىك قاراپ قويدى ۋە:

ــ بەستىلىك رەئىس نېمە دەپ هۆكۈم چىقىرار؟ بۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن هادىسە ياكى پىلانلاپ قىلىنغان ئىش ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، بۇنى جىنايەت دېگىلى بولمايدۇ ـ دە! ــ دېدى.

چاۋۇش قولى بىلەن شەرەتلەپ دېدى:

ــ ئۇنداق دېمىگىن، بۇ ئىشلارنى بىزگە چۈشەندۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق. گۇۋاهچىلار ئەنە تۇرۇپتۇ. پۈتۈن ئىشلارنى ئۇلاردىن سورايمىز ...

ــ سادىغاڭ كېتەي، گۆهەردەك چاۋۇشۇم، ئالدىدا مېنىڭكىنى ئاڭلاڭ، ئاندىن گۇۋاهچىلارنىڭكىنى ... بۇ يەردە مەنمۇ بىر گۇۋاهچىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندا مەنمۇ بار، هەتتا مەستمۇ ئەمەس ئىدىم.

هاجى ئەتەم ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋۇشنىڭ ئۈستىلىگە يېقىنلاشتى ۋە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي نېمىلەرنىدۇر

پىچىرلاپ ئەلنىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ تۇيۇقسىز بولغان ھادىسە ئىكەنلىكىگە ئاخىر ئۇنى ئىشەندۈردى. چاۋۇش ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ ئۇستەلنىڭ چېتىدە تۇرغان تاپانچىغا كۆز سالدى ـ دە:

— قەدىردانىم، — دېدى، — بوپتۇ، بۇنى بىر ھادىسىمۇ دەيلى، بىراق بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارى شاكىر ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر؟!

جامال چاۋۇش ئۇنىڭ گېپىنى شۇنچىلىكلا ئاڭلىيالايدىغانلىقىنى ۋە بۇ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان خالتىچاقتىكىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقىدى. بۇ چاغدا ھاجى ئەتەم چاپىنىنىڭ ئوڭ يانچۇقىدىن يەنە بىر خالتىچاقنى چىقىرىپ، بايىقى خالتىچاقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى، ئاندىن شىمىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىك بىر تاپانچىنى چىقىرىپ چاۋۇشقا ئۇزاتتى. چاۋۇش تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سورىغاندا، ھاجى ئەتەم ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ تاپانچىنى ئېلىپ بېلىگە قىستۇرۇۋالدى.

جامال چاۋۇش گەپ ـ سۆز قىلمىدى، ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. ھاجى ئەتەم تاشقىرىغا قاراپ ماڭغاندىلا ئۇ:

— بۇ ئىشلارنى ئاشكارىلاپ قويۇپ مېنى بالاغا قويماڭ يەنە ! ... ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ ! ... — دېدى.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ ... رۇخسەت قىلسىڭىز، تاشقىرىدىكى گۇۋاھچىلارغا بىر تالدىن تاماكا تۇتسام ...

چاۋۇش كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ئۇستەلدىكى خالتىچاقلارنى چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سالدى، قولىدىكى كىچىك تاپانچىنى تارتمىغا سېلىپ تارتمىنى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سالدى.

ئىشخانىدىن چىققان ھاجى ئەتەم نۆۋەت كۈتۈپ مۆگدەپ ئولتۇرغان گۇۋاھچىلارنى نوقۇپ ئويغىتىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە

ئەتكەس تاماكىدىن بىر تالدىن تۇتتى ۋە تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ كېلىپ ئەلىنىڭ كىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى.

گۇۋاھچىلاردىن ئۈچىنىڭ كېلىنىنىڭ يۇرتى چورۇقتىن ئىدى. ئۇلار ھاجى ئەتەمنىڭ ئۆگەتكىنىدەك دېسەك سوتقا تېخىمۇ ئاز كېلىدىكەنمىز، ئۆز بېشىمىزغا ئۆزىمىز پىت سېلىپ يۈرگۈچە شۇ ياخشى ئەمەسمۇ، دېگەن يەرگە كېلىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولۇشتى. تۆتىنچى كىشى دومباقچى سىگانلاردىن ئىدى. ئۇ ژاندارما قولىغا چۈشۈپ قالدىم، دەپ قورقۇپ غال - غال تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىگە پايدىسىز بولغان بۇ ئىشقا ئارىلاشماسلىقنىڭ كويىدىلا ئىدى. ھاجى ئەتەم چاۋۇشقا قىلغان مەردلىكىنى بۇلارغا كۆرسىتىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى، شۇڭلاشقا دومباقچىنىڭ دولىسىغا قېقىپ تۇرۇپ:

— ھەي سىگان، — دېدى، — مەنمۇ شۇ مەيداندا بار ئىدىم. ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەممە ئىش مېنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىمدەك بولىدىغان بولدى. ناۋادا سەن مېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان باشقا نەرسىلەرنى دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولساڭ، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن!

دومباقچى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا:

— خۇدانىڭ ئالدىدا قەسەم بېرەيكى، سىز دېگەندەك گۇۋاھلىق بېرىمەن. بىز تۇرىدىغان قىشلاق بۇ يەرگە يىراق، بېرىپ - كېلىشمۇ ئوڭاي ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىم شۇ پېتى قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئالدىرايمەن، — دېدى.

ھاجى ئەتەم ئۇنىڭغا بىر ئورام تاماكا سۇنۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ساقچىدىن چىقىپ كېچىنىڭ شۇ سائەتلىرىدە ھېلىمى بەيلەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

چاۋۇشنىڭ ئالدىغا كىرگەن گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى

بىردەك:

— ئۇ يەردە بىز ھېچ ئىشنى كۆرمىدۇق، ھەتتا نېمە بولغىنىنىمۇ تۇيمىدۇق. ھەممە ئادەم ھاراق ـ شاراب ئىچىپ كەيپ سۇرۇۋاتاتتى. بىر هازادا ئەلىنىڭ «ۋايجان» دەپ يەرگە يىقىلغانلىقىنى كۆردۇق، ئەسلىدە ئوق تەگكەنىكەن، — دېيىشتى.

گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى ئىسپات قەغىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بارماقلىرىنى بېسىشتى ـ دە، ساقچىدىن چىقىشىپ ئۇچى بىر تەرەپكە، بىرى باشقا بىر تەرەپكە قاراپ يولىغا راۋان بولۇشتى.

جامال چاۋۇش نۆۋەتچى بولغاچقا، كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى سىگارىيان دىۋاندا ھەربىيچە پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ ياتتى. شاكىر ژاندارمىلار ئوپچە ياتاقخانىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ كارىۋاتلاردىن بىرىنىڭ تۆۋەندىكى قەۋىتىدە ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى سېلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتىكى، يا ھەر سائەتتە بىر ياتاققا كىرىپ ـ چىقىپ نۆۋەت بىلەن ئالمىشىۋاتقان ژاندارمىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقىغا ياكى ئىشىك ئالدىدا پوست تۇرغان ژاندارمىنىڭ نال قويغان ئۆتۈكلىرىنىڭ كوچىنىڭ شېغىللىق يوللىرىدىكى ئاۋازىغا ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

سوت ئۇزاق داۋاملاشمىدى. شاكىر قولغا ئېلىنغان ھەپتىنىڭ ئۆزىدىلا قويۇپ بېرىلدى. شاكىر تۇتۇپ تۇرۇلغان بۇ بىر ھەپتىنىڭ كۈندۈزلىرىنى مۇدىرىيەت بۆلۈمىدە تاماكا چېكىش ياكى گارنىزوننىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدىكى باغچىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى، كېچىلىرى ئۆيىگە قايتۇرۇلدى. مەخپىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنى ھاكىم، پروكرور ۋە جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەئىسىدىن تارتىپ ھەممىسى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھېچقايسىسى ئېغىز ئېچىشمايتتى. چۈنكى، كېتىۋاتقان يول شۇ، مۇشۇنداق

بولماي مۇمكىن ئەمەس. مۇستەقىللىق ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن بىرمۇنچە باراۋەرلىك قانۇنلىرى تۇرۇپتۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ھىلمى بەينىڭ ئوغلىنىڭ رەسمىي قولغا ئېلىنىشى شەھەر كاتتىلىرىنىڭمۇ ئەندىيەسىدىن ئۆتمەيتتى. تۇرمە پەقەت سەرگەردانلارغا، دېھقانلارغا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەملەرگە قارىتا ئېچىلغان بولغاچقا، ھىلمى بەينىڭ ئوغلى ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش تۇتۇلمايتتى، ھەتتا بەيلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىش بىلەن تۇتۇلغان، ئون بەش يىلغا كېسىلگەن ئەۋلادلىرىمۇ گۇناھىنىڭ جازاسىنى ئاساسەن ئۆيلىرىدە تارتاتتى، تۇرمىدە بولغان ۋاقىتلىرىدا بولسا، ۋالىينىڭ ياكى ئەدلىيە مۇپەتتىشىنىڭ خاس زىياپەتلىرىگە ئېرىشەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ساقچى باشلىقى ياكى تۇرمىنىڭ مۇدىرى كېلىشىپ ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشاتتى، بىراق ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن بىراقلا ياۋاشلىشاتتى. چۇنكى، ئۇلارنىڭ قوپاللىقىنىڭ تۇپ مەقسىتى بىرەر پايدىنى كۆزدە تۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

شاكىر ئىچكىرىكى ھويلا بىلەن گارنىزون دەرۋازىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان ئېگىز ياغاچ سالاسۇنغا يۈزلىرىنى يېقىپ زۇۋان سۈرمەي تالاغا قارىشىپ تۇرغان مەھبۇسلارنى كۆرگەن ۋە ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بىراق، بۇ ئىش ئاران بىر ھەپتىلا داۋام قىلدى. كېيىن سوراق باسقۇچى باشلاندى. بىراق، سوراقچى بۇ قاتىللىق ۋەقەسىدە شاكىرنىڭ ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىرەر ماتېرىيال تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن سوتلاش ھاجەتسىز دەپ قارىدى.

بىراق، بۇ ئىش ئەلىنىڭ دادىسىنىڭ دەۋاسى بىلەن ئازراق كەينىگە سۈرۈلدى. شەرىپ ئەپەندى تويى كېچىسى شۇ سورۇندا بولغانلاردىن تۆت ـ بەشىنى گۇۋاھچىلىققا تارتتى. بۇ

گۇۋاھچىلار بىرىنچى قېتىملىق يۈز كۆرۈشۈشتە ۋەقەنى ئۆز ئېيىنى چۈشەندۈرۈشتى، ھەتتا شاكىرنىڭ تاپانچىسىنى ئەلىگە قارىتىپ تۇرۇپ ئاتقانلىرىغىچە سۆزلەپ بېرىشتى. ئەمما، بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ بەزىلىرى نېمە ئۈچۈندۇر كېيىنكى سورۇشتۇرۇشلاردا ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ ئاۋۋال دېگەنلىرىدىن تېنىپلا، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا ساقچىغا چاقىرىلغان دەسلەپكى تۆت گۇۋاھچى بۇ ئەنزىگە دائىر ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇ كېچە ھەممەيلەننىڭ ھاياجانلىنىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقانلىقىنى ۋە بۇ قالايمىقانچىلىقتا كىمنىڭ ئوقى ئەلىگە تېگىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ تۇرۇۋالدى.

شاكىرنىڭ ئادۇوكاتى ھامى بەي خېلى قول ـ ئىلكىدە بار ئادەم بولۇپ، ھىلمى بەيگە يىراقراق تۇغقان ئىدى. كەسكىن ۋە توم ئاۋازلىق بۇ ئادەمدە كىشىنى قايىل قىلىدىغان قابىلىيەت بار ئىدى. ئۇ ئۆز ئۇستىگە ئالغان دەۋا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك غەلىبىگە ئېرىشەتتى. بىراق، غەلىبە قىلىش يولىدا بەزىدە ناتوغرا يوللارغا دەسسىمەيمۇ قالمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەڭدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ۋاستە قانۇنلۇق بولسا، سوتتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈنمۇ مۇمكىن بولغان ھەرقانداق چارىگە مۇراجىئەت قىلىش خاتا ئەمەس ئىدى. بىر ئادەمنىڭ كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان، گۇناھنى باشقىلارغا يۈكلەپ قويالايدىغان، ساختا گۇۋاھچى تاپالايدىغان، بەش ـ ئون تەڭگە پۇلنىڭ بەدىلىگە بىر بىچارىنى: «بۇ ئىشنى مەن قىلدىم» دېگۈزۈپ، جاۋابكارنى قۇتقۇزالايدىغانلىقى ئوخشاش ھىيلە ـ مىكىرلەرگە ھامى بەي بەكمۇ ئۇستا ئىدى. بىراق، شاكىرنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ناھايىتى قاتتىق كۈچ چىقىرىپ تۇرۇلۇك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ بېقىشنىڭ ئورنى بولمىدى،

چۈنكى ھاجى ئەتەم ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئادۋوكاتقا ئىش قالدۇرمىغانىدى.

شاكىرنىڭ ئەلىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى رەئىس بىلەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇنى بىلمەيدىغانلارمۇ يوق ئىدى. بىراق، بۇ ھەقىقەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان باشقا ئامىللارمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، گۇۋاھچىلار ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلار ـ دە ...

بۇلارنىڭ ھەممىسى شاكىرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ئەلىنىڭ دادىسى سوت مەزگىلىدە: «دەۋايىم بار، قانغا قان ئالىمەن !» دەپ ۋارقىراپ تىركىشىپ باققان بولسىمۇ رەئىسنىڭ: «ھەقىقەتكە ئىشىنىڭ» دېگەن گېپى بىلەن بېسىقىپ قالغانىدى.

چۈنكى، شاكىرنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارغا قارشى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە رەت قىلىپ بولمايدىغان بىر دەلىل ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانىدى. بۇ دەلىل ئالدىدا پۈتۈن گۇۋاھچىلارنىڭ دېگەنلىرى ۋە پۈتۈن تۆھمەتلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

ئۇ بولسىمۇ بىر دوختۇرنىڭ دىياگنوز ئىسپاتى ئىدى. بۇ دىياگنوز دوكلاتىدا، ئۆلتۈرۈلگەن شەرىپ ئوغلى ئەلىنىڭ سول كۆكرىكىدىن ئېلىنغان ئوقلار ئادەتتىكى ئوق سېلىنىدىغان چوڭ بىر تاپانچىنىڭ ئوقى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ھالبۇكى، سوتتا ئېنىقلىنىپ خاتىرە دەپتەرگە يېزىلغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ژاندارمىلار ۋەقە يۈز بەرگەن مەيدانغا يېتىپ بېرىپ شاكىرنىڭ قولىدىن ئالغان تاپانچىنىڭ كىچىك تاپانچا ئىكەنلىكىگە سۆز كىرمەيتتى. دوختۇرنىڭ بۇ دوكلاتى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن گۇۋاھچىلار شاكىرنىڭ ئەلىگە قارىتىپ ئاتقان تاپانچىسىنىڭ ماركىسىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىگەنىدى. شەرىپ ئەپەندى بىرنەچچەيلەنگە: «بىز شاكىرنىڭ قولىدا چوڭ، راۋۇرۇس تاپانچا كۆرگەنىدۇق» دېگۈزگەن بولسىمۇ بۇ سۆزلەر پۈت تىرەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش تور بېكىتى

تۇرالمىدى.

شۇ كېچە شاكىر ئۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا:

— بىلمەيمەن، مەست ئىدىم، ھېچ ئىشنى بىلمىدىم، — دەپلا تۇرۇۋالدى.

— ئەلى بىلەن ئوتتۇراڭلاردا بىرەر زىددىيەت بارمىدى؟

— يوق، بىز بىر مەھەللىلىك قولۇم - قوشنىلار تۇرساق ئوتتۇرىمىزدا نېمە ئىش بولسۇن؟

— خوپ، ئۇنداق بولسا، سېنىڭ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقارغانلىقىڭنى كۆرگەنلەر بار ئىكەنغۇ؟

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەن ھېچكىمگە قارىتىپ ئوق چىقارمىدىم، ئاسمانغا قارىتىپ ئاتقىنىم راست، — بۇ جاۋابلارنى بېرىۋاتقاندا ئۇ «ھە، ئەمدى بولدى، دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، ئەمدى تىلىمنى تارتاي» دېگەندەك بىر قېشىنى ئېگىز، بىر قېشىنى پەس قىلىپ كالپۇكلىرىنى سالپايتىپ تۇراتتى.

ھامى بەي شۇنچىلىك ئوچۇق - ئاشكارا ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن ھەيران بولغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر تەبەسسۇم بىلەن سۆزلەشكە باشلاپ مەسىلىلەرنى بىر قۇر خۇلاسىلىدى. ئالدى بىلەن ئۇ شاكىر بىلەن ئەلىنىڭ دوستلۇقىدىن، بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغانلىقىدىن گەپ باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلەشكۈدەك ھېچ ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە ھەل بولمايدىغان بىرەر مەسىلىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

ئەپسۇسكى، مۇئەززەز مەسىلىسى بۇ سوتتا بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمىغانىدى. چۈنكى، ھەر ئىككىلا تەرەپ ھاكىمنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇپ بىئارام قىلىشنى خالىمىدى. مۇئەززەزگە ئەلچى كىرگۈزگەنلىك مەسىلىسى ئاياللار ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، شەرىف ئەپەندى ئايالىنى سوتتىكى گۇۋاھچىلىققا

ئەۋەتكۈدەك دەرىجىگە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. پۈتۈن ئەھۋالنى تولۇق بىلىدىغان رەئىس ھامى بەيىنىڭ سوت مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن:

— ئۆلگۈچى ئەلى بىلەن شاكىر بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، باشلىرىغا بىرەر خەتەرلىك ئىش كېلىپ قالسا، بىر - بىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلىشىدىغان سەممىي دوستلار ئىدى، — دېگەن سۆزلىرىنى ئاخىرغىچە چىداپ ئاڭلاشقا مەجبۇر ئىدى.

ھامى بەي ۋەقە يۈز بەرگەن كېچىدىكى ئىشلارنى چۈشەندۈردى، ئۇ كېچە ھەممەيلەننىڭ مەست ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقانلىقلىرىنى، بۇ قالايمىقان ئېتىلغان ئوقلارنىڭ بىرى بىچارە ئەلىگە تېگىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا بۇ بىر جىنايەت بولماي، تاسادىپىي يۈز بەرگەن بالا - قازا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— بىراق، جاۋابكار شاكىر بەي ئەمەس، چۈنكى ھۆكۈمەت دوختۇرىنىڭ دىياگنوزىغا ئاساسلانغاندا، جىنايەتكە بىۋاسىتە ئالاقىسى بولغان قورالنىڭ شاكىر شۇ چاغدا ئىشلەتكەن قورالغا زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىقلاندى. ھۆرمەتلىك سوتچىلىرىم! بۇ يەردە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ھادىسىگە ۋە مۇقەددەس ئارزۇنىڭ بىر جىلۋىسىگە گۇۋاھچى بولۇۋاتىمىز. بۇ ھادىسە يۈزىسىدىن بىر ۋەتەن ئوغلى قۇربان بولدى. بۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بەختسىزلىك. بۇنىڭدىن باشقا بىرەر پالاكەتكە سەۋەب بولمىغان بۇ تاسادىپىي ئەھۋال مەقسەتسىز بىچارە ئەيىبكارنىڭ مۇشۇ يەردە ئۇنتۇلۇپ كېتىشىگە دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ، — ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە رەئىسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھەيئەتلەردىن ئىككىسى مۈگدەشكە باشلىدى. شەرىف

ئەپەندى ئوغلىنىڭ قاتىلىنى ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ گۇناھسىز قىلىشىۋاتقانلىقلىرىغا چىدىماي، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى ـ دە، «تۇۋا» دېگىنىچە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. شاكىرمۇ ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ھامىي بەي سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، رەئىس سوتنىڭ باشقا بىر كۈنگىچە قالدۇرۇلغانلىقىنى ۋە چىقىرىلىدىغان قارارنىڭ شۇ كۈنى ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ قارار ھەممەيلەننىڭ كۈتكىنىدەك شاكىر ئاقلىنىدىغان قارار ئىدى.

## 8

ھاكىم سالاھىددىن بەي ئۈچۈن قايغۇلۇق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتمەكتە يوق، كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋېرىپ ئاخىر ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىنى قاتتىق قوزغىۋەتتى.

ئوتتۇز بەش يېشىدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا سىزىلىشكە باشلىغان، ئۇزۇن يول يۈرۈشكە، ئېگىز پەلەمپەيلەردىن چىقىشقا يار بەرمەيدىغان ۋە بەزىدە ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ قالسا، تاڭ ئاتقۇچە يۈرىكىنى ئازابلاپ چىقىدىغان بۇ كېسەللىككە ئۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئانچە پىسەنت قىلمىغان، ئېغىر چارچىغاندا ۋە ھاياجانلانغاندا ھەممە ئادەمدە مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەدرەمىتتە بىر خىل نورمال تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيى تۈزلەڭدە بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بۇ يۈرەك كېسىلى بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى بىر كۈنى كېچىدە قاتتىق قوزغىلىپ، ھەتتا ئۇنى خېلى ئۇزاققىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئەلى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنلەر، ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ئىچى زېرىكەرلىك ۋە مەنىسىز تۇيۇلاتتى. يۈسۈپ سالاھىددىن بەيگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى.



www.uyghurkitap.com

مۆئەززەز تېخىمۇ جىمىپ زۇۋان سۈرمەس بولۇپ قالغانىدى. شاھىندە بولسا بارغانسېرى ئەدەب، ۋات ـ ۋاتلىقتا كىشىنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان ھالغا يەتكەنىدى. بۇ ئىشلار سالاھىددىن بەينى تېخىمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. ھاكىم ھەتتا، ھۆكۈمەت ئىشىنى ئويلاپمۇ قويمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يېپىنچىسىنى يېپىنچاقلاپ كوچىغا چىقاتتى ـ دە، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە قاراپ سەيلىگە ماڭاتتى.

ئۇ ئىبراھىمكۆيىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل كەلگەن زەيتۇنلۇقلار ئارىسىدىن پاتقاقلارنى كېچىپ كېتىۋېرەتتى، مۇشۇ ئەتراپتا بىر بۇلاق بارلىقىنى بىلەتتى ـ يۇ، دەل ئورنىنى بىلمەيتتى. مانا ھازىر ئۇ شۇ بۇلاقنى ئىزدەپ يۈرەتتى.

زەيتۇنلۇقلارنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدىغان دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە توپ ـ توپ دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ دەرەخلەرنىڭ بەزىلىرى قۇرۇپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغانىدى. سالاھىددىن بەي ئۆزى ئىزدەۋاتقان نامەلۇم بۇلاقتا، ئەيتاۋۇر يېقىنراقتىكى بىرەر بۇلاققا قاراپ ماڭدى. زەيتۇن كۆچەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاندا ـ ساندا ئۆرۈك ۋە ئالۇچا كۆچەتلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ كۆچەتلەر خۇش پۇراقلىق ھال رەڭ چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى.

سالاھىددىن بەي پۈتۈن ئەزايىنىڭ ھەر يېقىدىن قەلبىگە قاراپ ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئېقىمنى، كىشىنى ياشارتىدىغان ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئېتىدىغان بىر خىل سېزىمنى ھېس قىلدى، ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ـ دە، تەبىئەت بىلەن ئۆزىنىڭمۇ خېلىلا جانلىنىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە دۇنياغا يېڭىدىن تۆرەلگەندەك ئىدى. قارامتۇل يېشىل يوپۇرماقلىق زەيتۇن دەرەخلىرىنىڭ كۆلەڭگۈسى ئاستىدىكى نەم توپىلاردا ئوت ـ چۆپلەر شالاڭ ئۈنۈشكە باشلىغانىدى. سۆگەتلەرنىڭ يوپۇرماقسىز ئىنچىكە

تاللىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىن بىخ ئۇرۇپ چىقىۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەر بۇك ـ باراقسانلىقتا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

ئۇدۇلدىكى دۆڭنىڭ ئېتەكلىرىدە بىرمۇنچە زەيتۇن دەرەخلىرى بار ئىدى. دۆڭگە چىققانسېرى ئاستى تەرەپتىكى تاش پەلەمپەيلەرمۇ ئېگىزلەپ باراتتى.

هاكىم بۇ پەلەمپەيلەردىن بىرنەچچىنى ئاتلاپ ئۆتكەندە، پەلەمپەي شەكلىدىكى تاش تاملارنىڭ ئاستىدا ئۇنۇپ قالغان قارىقات تىكەنلىرى ئۇنىڭ قولىنى جىراپ قانىتىۋەتتى.

ئۇ قوڭۇر، تۈكلۈك كەلگەن قارامتۇل تومۇرلۇق قولىدا تىكەن جىراپ كەتكەن سىزىقچىلاردىن چىققان قانلارنىڭ شۇ هامان قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇددى يىللاردىن بېرى يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان زەهەر تېشىغا تېپىپ چىقىپ كەتكەندەك ئۆزىنى شۇنچە راهەت ۋە يېنىك هېس قىلدى.

بىرنەچچە پەلەمپەيدىن ئاتلاپ تۆۋەندىكى تۈزلەڭلىككە چۈشكەندىن كېيىن كۆزلەپ كېلىۋاتقان دەرەخلىككە كەلدى. بۇ يەردە بۇلاق كۆرۈنمەيتتى. يوغان بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى بىلەن ئىككى تۈپ ياش چىنار دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. سالاهىددىن بەي دەرهال شۇ ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئاخىرقى دۆڭ ئۇنى خېلىلا چارچاتقانىدى. ئۇ دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ تېز ـ تېز نەپەس ئالدى ـ دە، تەرلىرى سەل قۇرۇغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەڭ دالاغا كۆز سالدى.

ئەتراپ خۇددى يۇيۇلغاندەك پارقىراق ۋە يورۇق ئىدى. كۈننى توسۇۋالغان بۇلۇتلار ئالدىدىكى تاغنىڭ چوققىلىرىغا سايە تاشلاپ خۇددى تۇمانغا ئوخشاش چۆكۈپ، تۈزلەڭلىكتىن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىمەكتە ئىدى. كۈن چىقمىغان ۋاقىتلاردىمۇ بۇ يەر شۇنچە يورۇق ۋە هاۋالىق ئىدى. سالاهىددىن بەي ئالدىدىكى تۇمانلىق تاغلارغا يېقىن جايلاشقان يېزىلارغىچە قاراپ

تاماشا قىلدى. ئۇ بېشىنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىۋىدى، دېڭىز كۆرۈندى. ئون كىلومېتىرچە نېرىدىكى بوك - باراقسان ئورماندىن كېيىن باشلانغان بۇ دېڭىز بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنگەن قۇياشنىڭ نۇرىدا گاھ پارقىراپ، گاھ قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇپۇق تەرەپتە مىدىللى ئارىلى تۇمان ئىچىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئارالدا شۇ تاپتا يامغۇر يېغىۋاتقاندەك ئىدى.

سالاھىددىن بەي بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇنچە كەڭ، گۈزەل ۋە يېقىملىق تەبىئەتنىڭ ئىچىدە ئۇ ھاياجانلانغانىدى. ئۇ ئەتراپىغا قايتا كۆز يۈگۈرتكەندە تۆۋەن تەرەپتە قارا تۇمان پەردىسى قاپلاشقا باشلىغان كىچىك شەھەر كۆزىگە گۈمبەزدەك كۆرۈنۈپ تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭمۇ كىچىككىنە چوڭقۇر يەرنىڭ تېگىگە كۆمۈلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ خىيالىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ قەدەملىرىنى تېزلىتىپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇنىڭدىن ئازراقلا ئىلگىرىكى راھەتلىنىشلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىر خىل ھارغىنلىق تۈپەيلىدىن بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ئۇ بازارغا يېقىن بىر جايغا كەلگەندە ئالدىغا بىرنەچچە پادىچى يولۇقتى. ئۇلار ئالدىغا سېلىۋالغان بەش - ئون ئورۇق ئۆكۈزنى ھۇش - ھۇشلاپ بىر يەرگە يىغىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. پاتقاق يولدا نەم ۋە سېسىق قىغ پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلاتتى. ئۇ يەردىكى بىرنەچچە پاكار ئۆينىڭ تۇرخۇنىدىن چىققان قارىغاي تۈتۈنى ئەتراپقا يېيىلغانىدى. سالاھىددىن بەي كەچ قالماسلىق ئۈچۈن پاتقاق يولدا تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى. ھاۋا تۇتۇق ۋە نەملىككە قارىماي، ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ يېپىنچىنىڭ ئىچىدە خېلى ئوبدانلا تەرلەپ قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيگە كېلىپلا يېشىندى - دە، پوپايكىسىنى يېپىنچاقلاپ تۇرۇپ، جۈمەكتىكى سۇدا يۈز - قوللىرىنى يۇدى، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ

www.uyghurkitap.com

كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ يېرىم سائەتتىن كېيىن تاماقنا چاقىرتىلدى، كوچا تەرەپتىكى ئۆيدە يەرگە سېلىنغان داستىخانغا كېلىپ خوتۇنى ۋە قىزى بىلەن ئولتۇردى ۋە نېمىشقىدۇر سۇرۇشتۇرمەكچى بولغاندەك:

— يۇسۇپ كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شاھىندە مەقسەتسىز لا:

— قاچان ۋاقتىدا كەلگەن ! — دەپ قويدى.

ھاكىم سورىغىنىغا پۇشايمان يەپ جىمىپ قالدى.

— يۇسۇپ ئاكام مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيگە كەلمەسلا بولۇپ كەتتى. نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىكىن، ھېچ بىلمىدۇق، سىز ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ باقسىڭىز بولامدىكىن، — دېدى مۇئەززەز ئالدىغا قاراپ.

ھاكىم مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. ئۇ گويا بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسىگە قىزىقمايدىغاندەك پوزىتسىيەدە ئىدى.

داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇرغان كوزىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇچەيلەن مېۋە شەربىتى ئىچىشكە باشلىدى. ئۆيدە تۆمۈر قوشۇقلارنىڭ چىنىگە ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى. تاماق يېيىش مۇشۇ مېۋە شەربىتى بىلەن ئاياغلاشتى. بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇرغان ھاكىم مۇئەززەزگە:

— ماڭا بىر كىتاب ئەكېلىپ بەرگىنە، — دېدى.

مۇئەززەز ئىچىگە قەھۋە قاچىلىرى، كىر قىسقۇچلىرى سېلىپ قويۇلغان بىر ئىشكاپنى ئېچىپ، ئوتتۇرىدىكى كۆزدە ئۈستى ـ ئۈستىگە بېسىلىپ كەتكەن كىتابلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ قېلىنىنى ئېلىپ دادىسىغا بەردى.

سالاھىددىن بەي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ باش تەرىپىدىكى مىخقا ئېسىقلىق پانارنىڭ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈشكە باشلىدى. كونىراپ، سارغىيىپ كەتكەن ۋاراقلىرىدىن بەزىلىرى ئاجراپ، بەزىلىرى يىرتىلىپ، قېلىن قارا تېشىدىن تامامەن ئاجراپ كەتكەن بۇ كىتاب «سەرۋەتى فونۇن» مەجمۇئەسىنىڭ كونا

يىللاردىن قالغان بىر توپلىمى ئىدى.

ھاكىم كىتابنى بىر ـ بىرلەپ ۋاراقلىدى. ئۇ بۇ مەجمۇئەنىڭ ئىچىدىكىلەرنى سۆدەك يادلىۋالايتتى. ئۇ كىتاب كۆرۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ «بۇلاققا كېتىپ بارغان قىز» دېگەن شېئىرنى يادلىغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلىدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ھاكىم ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شاھىندە بىلەن مۇئەززەزمۇ بالدۇرراق يېتىپ قېلىشتى.

يېرىم كېچىدە شاھىندە يېنىدىكى كارىۋاتتىن بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان يۆتەلدىن ئويغىنىپ كەتتى:

— نېمە بولۇۋاتىسىز، بەي؟

ئىنجىقلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى. شاھىندە پانارنى ئېلىشقا مېڭىۋىدى، ھاكىم بوغۇق ئاۋازدا:

— ئەتىر قۇتىسىنى ئېلىپ كەل ! — دېدى.

شاھىندە كەشنى ناھايىتى تەسلىكتە تېپىپ ئالدىراپ تاشقىرىغا چىقتى ۋە پەلەمپەيىنىڭ بېشىدا تۇرغان پانارنى ئالدى ـ دە، تاراقلىغان پېتى تۆۋەنگە چۈشۈپ، كوچا تەرەپتىكى ئۆيدىن ئەتىر قۇتىسىنى ئالدى، ئاندىن خىزمەتكار ئايال بىلەن كۇبرانىڭ ئانىسىنى نوقۇپ ئويغاتتى:

— تۇرۇڭلار، بەي بىر قىسما بولۇۋاتىدۇ ! — شاھىندە تاراقلاپ يۇقىرىغا چىقىپ ئۆيگە كىرگەندە سالاھىددىن بەي ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. خوتۇنى ئۆيگە كىرىش بىلەن تەڭ ھاكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ رەنجىگەن قىياپەتتە:

— بۇ نېمىدېگەن داۋراڭ، ئۇنۇڭنى چىقارماي بىر ئىش قىلىشنى بىلمەمسەن؟ — دېدى.

ئېرىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇۋالغىنىنى كۆرگەن خوتۇنى شۇ يەردىلا ئۇنىڭ ئايىغىدا تىزلىنىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ ئىشىك ئالدىغا يىغىلىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئەندىشىلىك قاراشتى. پەقەت مۇئەززەزلا ئويغانمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

هاكىم «كىتىڭلار» دىگەندەك قول ئىشارىتى قىلدى. ھەممەيلەن كەينىگە داجىشتى. بىر ئازدىن كىيىن ھاكىم خوتۇنىغا:

— بولدى، ھىچ ئىش يوق ... ماڭا ئەتىر قۇتىسىنى ئىلىپ ياتقىن. يۈرىكىمدە ئازراق ئۆزگىرىش بولۇپ بىئارام بولدۇم. بۈگۈن كۆپرەك يول ماڭغانلىقىمدىن شۇنداق بولغان بولسا كىرەك، ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. دەسلەپ بەك قاتتىق تۇتتى، خۇددى بىر ئادەم كۆكسۈمنى بىسىپ تۇرۇپ كىكىردىكىمدىن بوغقاندەك بولدى. مانا ھازىر سەل قويۇپ بەردى. ئەمدى ياتقىن، يىغلىما، نىمىشقا يىغلايسەن، — دىدى.

خوتۇنى ئاستا ئۇنىڭ يىنىغا باردى. يىغىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىشىنى ئىرىنىڭ تىزىغا قويۇپ ئۆكسۈپ – ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ھاكىم ھارغىن كۆزلىرىنى ئالدىغا، قۇچىقىدا ياتقان خوتۇنىغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئىچىنىشلىق خاتىرىلەر قاپلىۋالدى. ئۇ قورۇق كىرىشكە باشلىغان ۋە يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بۇ چىرايىنىڭ كەينىدە بىر ياش قىزنىڭ چىھرىنى كۆرگەندەك بولدى، ئۆزلىرىنىڭ توي كىچىسىدىكى ئۈمىد ۋە خۇشاللىققا تولغان ھالەتلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇ خاتىرىلەر بىر دەقىقە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىيالدىن غىل – پاللا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدا تۇرۇپلا خوتۇنىغا قارىتا چوڭقۇر مىھىر – شەپقەت پەيدا بولدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇرۇنقى ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ۋە ئۇزاق يىللاردىن بىرى مىڭىسىگە سىڭىپ كەتكەن، ئاياللارنى كەمسىتىش كۆز قارىشىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ خوتۇنىنى ئىنتايىن سەممىمىي بىر ئايال سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى.

ئۇزاق يىللاردىن بىرى بىرەر ئادەمدىن بۇنچىلىك يېقىنچىلىقنى كۆرمىگەن ھاكىم خوتۇنىنىڭ ياش يۇقى يۈزىنى سىلىدى ۋە ئۇنىڭ بىشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ياستۇققا قويدى – دە،

ئۆزىمۇ بىللە يېتىپ شۇ ھامان ئۇيقۇغا كېتىشتى.

سالاھىددىن بەينىڭ سالامەتلىكىدىكى بۇ ئۆزگىرىش پات ـ پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ۋە بەزى ۋاقىتلاردا خېلى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان بولۇپ قالدى. ناھىيەنىڭ دوختۇرى قېرىغانسېرى گاللىشىپ، ھەتتا جاراھەتنى تازىلاپ تېڭىشتەك ئاددىي ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھازىر ئەدرەمىتتە بولسىمۇ ھاكىم ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىماي، شۇ كۈنلەردە بالقان ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن ئەدرەمىتتىكى دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان يۈز بېشى دەرىجىلىك بىر دوختۇرغا كۆرۈندى. بۇ ياش دوختۇر ئۇزۇن تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇنىڭغا نەپەس يوللىرىنىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىشىدىن، ھەرىكەتنىڭ ئاز بولۇشىدىن، قورساقنى تويغۇزۇپ يېتىپ ئۇخلاشتىن ساقلىنىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى.

سالاھىددىن بەي بۇ تەۋسىيەلەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ جاۋغايلىرى ساڭگىلاپ، ھارغىن ھالدا توختاپ ـ توختاپ سۆزلەيدىغان، پۈتۈن چىشلىرى كۆرۈنگەندەك دەرىجىدە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نەپەس ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شاكىر ئۇستىدىكى سوت دەل مۇشۇ كۈنلەرگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، ھاكىم بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ كېتەلمىدى. ئەسلىدىمۇ ئۇ ھاياتتىن سەل كۆڭلى سوۋۇپ قالغاچقا، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغىمۇ ئۇنچە ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، قولىغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كۈبرا مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا ھىلمى بەيلەرگە شىددەتلىك زەربە بېرەلەيتتى. «كاللىسىنى يانچىۋېتىدىغان يىلانلار» دەپ ئاتالغان بۇ ئاتا ـ بالىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا پاكىت ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ ئۇنداق قىلىش تۇرماق، ھەتتا يۇسۇپنى چاقىرىپ ھېچقانداق ئىشقا

ئارىلىشىپ قالماسلىقىنى، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقىنى، ۋەقەگە ئارىلىشىپ قېلىپ قېيىنى قايىنىتىدىغان ئىشلارنى چىقىرىپ قويماسلىقىنى ئۆتۈندى. شۇڭلاشقا، تۆت ئاي داۋام قىلغان بۇ سوت جەريانىدا هاكىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئىشقا قىلچە ئارىلاشماي، مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر قاتارىدا چەتتە تۇردى.

ئائىلىنىڭ هاكىمدىن باشقا ئۈچ ئەزاسى، هەتتا بۇ جىنايەتتىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. شاهىنىدە بۇ دۇكاندارغا قىزىنى بەرمەيدىغان بولغانلىقىدىن خۇشال بولسا، يۇسۇپ بۇ ئىشقا بىر تەرەپتىن ئېچىنسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزىنى يەڭگىل هېس قىلاتتى. مۇئەززەزگە كەلسەك، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولغانىدى.

## 9

هالبۇكى، يۇسۇپ ئۇنىڭغا ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىنى بەرمىدى هەم بېرىدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى.

ئەلگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مۇئەززەزنى قۇربان قىلغان يۇسۇپ مۇئەززەز: «كىمنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟» دېگەن هېلىقى كېچىدىكى پۈتۈن خاتىرىلەرنى كاللىسىدىن تامامەن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشاتتى.

ئۇ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە ساقلىنىپ قالغان بۇ خاتىرىلەرنى خىيالىدىن ئاسانلىقچە كۆتۈرۈۋېتەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ هەقتە ئويلىماسلىق ۋە بىر قارارغا كەلمەسلىك دەرىجىسىگىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. يۇسۇپ هېسسىياتلىرىنى ئۆلۈك بىر هالەتكە كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقاندا بۇ ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بەردى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ئىشەنمىدى، كېيىن بۇ تاسادىپىي ئەهۋالدىن چۆچۈپ كەتكەن كاللىسى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىدىكى هالىتىگە كەلدى، شۇنداقتىمۇ بىرمۇنچە

چۈشىنىكسىز خىياللار ئۇنى بىئارام قىلاتتى.

بىر ياقتىن ئەلىنىڭ ئۆلۈمى، بىر ياقتىن مۇئەززەز مەسىلىسى ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭغا ئۆز نەپسىدىن كېچىشتەك بۇ ئالىيجانابلىقنىڭ ئەمدى بىر ئۆلۈكنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئورنىغا قويۇلىدىغانلىقى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەتتەك سېزىلەتتى، مۇئەززەزنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەمدى مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن، مەن سېنى ئۆز مەنپەئەتىمىز ھېسابىغا قۇربان قىلغانىدىم، چۈنكى ئۇ چاغدا، سەن مەن ئۈچۈن ئۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ئەمەس ئىدىڭ، ھازىر ھېچقانداق توسالغۇ مەۋجۇت ئەمەس، باشقا بىر مەسىلە تۇغۇلۇپ قالمىسىلا ھازىرچە مەن سېنىڭ» دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە ئوڭايغا توختىمايتتى.

يۇسۇپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئىزاھلاپ بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ھەممىنى ئىچىدە بىلىپ ئېغىز ئاچماسلىقنىڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى توغرا تاپتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۆيگە بۇرۇنقىدەكلا ئاندا ـ ساندا قونغىلى كېلىدىغان، باشقا ۋاقىتلىرىنى تالادا، زەيتۇنلۇقتا ياكى بولمىسا قىرلاردا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۇسۇپ خىيالچان بولۇپ قالدى. ئۇ ئويلىغانسېرى چىقىش يولى تاپالماي «زادى بۇ نېمە ئىش؟»، «ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» دېگەندەك سوئاللار بىلەن بەنت بولاتتى.

يۇسۇپكە دادىسى ھېچ نەرسە دېمىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچ نەرسە دېيەلمەيتتى. بىراق، بۇ سۈكۈت قىلىش يۇسۇپنىڭ غەيرىي بىر ۋەزىيەتتە قېلىشىغا توسالغۇ بولالمايتتى. ھاكىمنىڭ ئوغلى بولدۇم دەپ ئوتتۇز ياشقىچە بىكار يۈرۈپ تەييار تاماقنى يەپ يۈرۈۋېرىش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ تا ھازىرغىچە نېمە ئۆگەندى؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىدا نېمە قىلماقچى؟ ئۇ ئوقۇشنى تاشلاپ قويغان ۋاقىتلىرىدىلا مەلۇم

مەزگىل شاگىرتلىقتا كىرىشنى، مۇزدۇز ياكى تىككۈچى بولۇشنى، ھەتتا قەنتچىلىككە ئوخشاش ئىشلارنىمۇ قىلىشنى ئويلىغان. لېكىن، ئۇستىلارنىڭ زالىملىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئۆزى كۆرگەن بەزى ۋەقەلەر ئۇنى بۇ پىكىرىدىنمۇ ۋاز كەچتۈرگەنىدى. ئۇ زەيتۇنلۇق ۋە خامان ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ يۈردى. بىراق، ھازىر ئۇ چوپچوڭ بىر يىگىت بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى. ئۇ ئەمدى قانداق ئىشنى تۇتماقچى؟

مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە مۇئەززەز ھەققىدىكى خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغانىدى. نېمىشقا؟ دادىسىنىڭ نېنىنى ئىككىسى تەڭ يېيىش ئۈچۈنمۇ؟ خوپ، شۇنداقمۇ بولسۇن، مۇبادا مۇئەززەزنى ئالسىچۇ؟ ئۇ ۋاقىتتا خىراجەت تامامەن ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، دادىسى بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈشى كېرەككۇ؟

بۇلارنى ئۇ كۈنلەپ، ئايلاپ ئويلىغان بىلەنمۇ مۇۋاپىق چارە تاپالمايتتى. بۇ ئەھۋال يەنە قانچىلىك داۋام قىلار؟

كۆپ قېتىملاپ ئۇ بېشىنى ئېلىپلا چىقىپ كېتىشنى، بالىكەسىردە ياكى باندىرمادا بىرەر بەيىنىڭ ھارۋىكىشى بولۇۋېلىشنى ياكى بولمىسا بىرەر ئىشقا ئورۇنلىشىۋېلىشنى ئويلىدى. بىراق، ئۇ ئۆيدىن مۇشۇنداقلا چىقىپ كېتىدىغان بولسا، دادىسىنى، مۇئەززەزنى، ھەتتا شاھىندەنىمۇ رەنجىتىشى تۇرغان گەپ ـ تە! ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا نېمە ھەققى بار؟ ئۇ ئۆزىگە سالاھىددىن بەيىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مۇشۇنداق سەۋەبسىزلا ئۇلارنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش بىلەن جاۋاب بېرىشى كېرەكمۇ؟ خوش، ئۇنداق بولسا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق يول تېپىش كېرەك؟ ئۇ ئون يىلدىن بېرى بۇلار بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇلارنىڭ ئالدىدا بىر مۇقىم ئورۇن تېپىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئۆزىگە تايىنىدىغان ۋە ئۆزىگە خاس بىر



www.uyghurkitap.com

ئورۇن ...

شۇنداق بولغاندىلا ئۇ باشقا ئىشلارغا كاللا يۇگۇرتەلەيدۇ ـ دە، كىم بىلىدۇ، تېخى، ئۆزىگە لايىق بىر قىزنى تېپىپ سۇدەك ئېقىپ كېتىپ بارغان هايات ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كېتەمدۇ؟

ياز ئايلىرى كىردى. بۇ چاغلاردا كۈندۈزلىرى ئەدرەمنىتتە ئادەم دىدارى قالمايتتى. هەممە ئادەم ئېتىزلارغا، باغلارغا، جەننەتئايىغىغا، ئارىك باشلىرىغا، بېھى باغچىلىرىغا چىقىپ كېتەتتى دە ـ دىمىق ئىسسىقتىن چاڭقاپ كەتكەن شەھەرگە كەچ كىرگەندىلا قايتىپ كېلىشەتتى.

هاكىمنىڭ ئۆيى بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ئىدى. سالاهىددىن بەينىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. شاهىندە خېنىم بولسا، قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە چىقىدىغان ۋە تاماشىلارغا بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلاردىن قالمىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئولتۇرۇشلارغا ئۇز بويلۇق قىزنىمۇ باشلىۋالىدىغان بولدى. ئۆيدىن تالاغا چىقماي دېمى تۇتۇلۇپ كەتكەن مۇئەززەزگىمۇ بۇ ئىش خۇشياقىدىغان بولدى. ئۇ يەنە يۇسۇپنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈمىدىدىنمۇ ۋاز كەچمىگەندى. كېيىن بارغانلا يەردىكى تەڭتۇشلىرى، هەر كۈنى دېگۇدەك بولۇپ تۇرغان نەغمە ـ ناۋالار، قىزىقارلىق گەپ ـ سۆزلەر ئۇنى ئۆزىگە تارتماي قالمىدى.

بىرنەچچە قېتىم شاهىندە قىزىنى هېلىمى بەيلەرنىڭ ئۆيىگىمۇ ئېلىپ باردى. بىراق، ئۇلار يۇسۇپنىڭ بۇ ئائىلە بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاغىنىسى ئەلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇلارنى تېخىمۇ ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارنىڭكىگە بارغانلىقىنى مەخپىي تۇتۇشاتتى.

دېمەك، سالاهىددىن بەينىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى ۋە يۇسۇپنىڭ بۇ ئۆيگە كەمدىن كەم كېلىشى شاهىندەنى ئەركىنلىككە چىقىرىپ قويغانىدى. ئېرىنىڭ كېسىلى ئەمدى

ئۇنىڭ نەزەرىدە ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ كونا كېسەلگە دېگەن بىر تونۇشنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. بەزى كېچىلىرى بىچارە ئادەم ئورنىدا يېتىپ ئىنجىقلىغان، نەپىسى قىيىنلىشىپ كەتكەن، قولى بىلەن يۆرىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يۆتىلىشكە باشلىغاندا، شاھىندە چالا ئۇيقۇلۇقتا ئەتىر قۇتىسىنى قولىغا ئېلىپ بېرەتتى ياكى بەكرەك ئېغىرلىشىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ھەربىي دوختۇر بەرگەن دورىدىن بىرەر قوشۇق ئىچكۈزۈپ قوياتتى ياكى بولمىسا ئادراسمان ئۇرۇقىنى پۇرىتىپ قوياتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ھاكىمغا پەقەت يۇسۇپلا بىردىنبىر ھەمراھ بولۇپ قالدى. بەزىدە يۇسۇپ دادىسىنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ خىزمەتتىن چۈشكەن دادىسىنى ئۆيگە بىللە ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىشلار ھەققىدە، جۈملىدىن ناھىيەگە ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر خەۋەرلەردىن سۆزلەپ بېرەتتى.

بۇرۇندىن زۇۋان سۈرمەي كېلىۋاتقان يۇسۇپنىڭ ئاندا ـ ساندا بولسىمۇ سۆزلىشى سالاھىددىن بەيىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ يۇسۇپتە بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى.

يۇسۇپنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە دۇنياغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارايدىغان مىجەزىدىن ھازىر ئەسەر قالمىدى دېيىشكە بولاتتى. ھازىر ئۇ خەقلەر گەپ قىلغاندا، بۇرۇنقىدەك، ئادەملەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ «دەيدىغان گېپىڭ مۇشۇمىدى» دېگەندەك قارىمايدىغان، ھەتتا باشقىلار بىرىنىڭ گېپىنى ئىككىنچىسى داۋاملاشتۇرسىمۇ ئاخىرغىچە تىڭشايدىغان، بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان ئوي ـ پىكىرلىرىنى خۇلاسىلەشتە باشقىلاردىن ياردەم سورايدىغان، ھەتتا ئۇنى ـ بۇنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھازىر ئۇنى قىزىقتۇرىدىغىنى، بولۇپمۇ كۈندىلىك ھايات ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئىدى. يۇسۇپ ئاستا ـ

ئاستا ئۆزىدىكى ياتسىراشنى تۈگىتىپ جەمئىيەتكە ئارىلىشىش ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. سالاھىددىن بەي يۈسۈپتىكى بۇ يېڭىلىقلاردىن بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قانداقتۇر بىر خىل بىئارام بولاتتى. چۈنكى، سالاھىددىن بەي يۈسۈپنىڭ بۇرۇنقى مىجەزىگە بەك ئۆگىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە قەتئىيلىكىنى يارىتاتتى، يۈسۈپنىڭ مىجەزىدە بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىنى ئۇ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە سالاھىددىن بەينىڭ قۇربى يەتمەيتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ خىيالىغا غىل - پال كىرگەندەك قىلسىمۇ شۇ ھامان ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. سالاھىددىن بەي شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىكى، بىرەر ئىشنى تەكرار مۇلاھىزە قىلسىمۇ، خۇددى تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، بەزىدە خاپا بولاتتى، بەزىدە خۇشاللىناتتى ياكى ھەيران قالاتتى.

ئۇ رەسمىي ئىشلاردا ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئېھتىيات بىلەن ئىشلەيتتى، بەزىبىر مۇرەككەپ ئىشلارنى خەت - چەكلەر كاتىباتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆيىگە قايتاتتى - دە، دېرىزىلىرى كوچىغا قارايدىغان تەسكەي ھۇجرىسىغا سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۈستىدە پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ يېتىپ، ھاياتىنىڭ مەنىسىز ئۆتكەن يىللىرىنى ئەسلەيتتى.

مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋىدى، تاغلار، يايلاقلار، دەرەخلەر، دالا، خىش ۋە تاختايلىق ئۆيلەر سېلىنغان ناھىيە بازىرى ۋە بىر توپ ئادەملەر كۆز ئالدىغا كەلدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. ھاياتىنىڭ پۈتۈن خاتىرىلىرى ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكسىز ۋە مەنىسىز ئىدى. ھاياتىدىكى ھەرقانداق بىرەر ۋەقە، ئارىلاشقان ئادەملىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى، ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقى ياكى نېمىشقا شۇنداق قىلمىغانلىقى

ھەققىدە پۇشايمان قىلغۇدەك بىرەر ئىشنى ئەسلىيەلمىدى. بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىڭ ھەربىر مەزگىللىرىگە شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە پەرۋاسىز قارىغانلىقىدىن ئىدى.

ئۇ ھاياتىدا نېمىنى خالىغاندىكىن؟ تۇغۇلۇپتۇ، چوڭ بوپتۇ، ئوقۇپتۇ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپتۇ. توي قىلىپ جېدەل ـ ماجىرا ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، قېرىپتۇ ۋە ئەڭ ئاخىردا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ ... ھەممە ئادەم بۇنىڭدىن باشقىچە ياشاپتۇمۇ؟ باشقا بىر خىل ياشاش دېگەن زادى قانداق بولىدۇ؟ خۇشاللىق دېسە، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا كەم بولغان يوق. مەمۇرىي ئىشلار بىلەن شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا مەلۇم شەھەردىكى يېقىن ئاغىنىلىرى بىلەن كەيپ سۈرۈشكەن كۆڭۈللۈك كۈنلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى تارتىپ تۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. ئۇ بويتاق چاغلىرىدا پۇرسەت بولسىلا ئەيش ـ ئىشرەتتىن قالمايتتى. بەزىدە ئەرمەنلىك بىر خىزمەتكار بىلەن، بەزىدە ژاندارما ئەترىتىدىكى تول خوتۇن بىلەن شېرىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئىستانبۇلغا كەلگەندىن كېيىنمۇ «ۋەنەدىك» ۋە «تىمونى» دېگەن كوچىلارنى قىدىرىۋەتكەنىدى. ھايات باشقا خىلدا ئۆتۈشى مۇمكىنمۇ؟

ئەمدى كۆزلىرىنى يۇمسا نېمە ئارمىنى بار؟ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش دېگەن نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ بىر قايغۇ ھېسابلانمايدىغۇ. قىزىمۇ ئۇنى بۇ دۇنياغا باغلاپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭغا ھازىر تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق. تەن بەرمەيمەن دېسىمۇ، ئۇنىڭدا بىرەر ئىشنى نېرى ـ بېرى قىلىۋەتكۈدەك قۇدرەتمۇ قالمىدى ـ دە، شۇڭلاشقىمۇ ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەك ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ. ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغانلىكى ئادەم بولۇۋاتقان ئىشلارنى خۇشاللىق بىلەن تاماشا قىلىپ، ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈشى كېرەك.

بىراق، سالاھىددىن بەينى سەل ئويلاندۇرۇپ قويىۋاتقان بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ؟ ناۋادا ئۇ ئۆلۈپ كەتسە مۇئەززەزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا يۇسۇپنىڭ شاھىندە بىلەن ئەپلىشىپ بىر ئۆيدە تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. يۇسۇپكە ھېلىتىن بۇ ھەقتە نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەپسىز. ئۇ كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا قىزنى ئوبدان بىر لايىققا بېرىۋالسا نىمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ئۇ ۋاقىتتا كۆزى ئارقىدا قالمايتتى. بۇ زېرىكەرلىك دۇنيادىن ئايرىلىشىمۇ ئۇنىڭغا ئوڭايغا چۈشەتتى. ئۇ چاغدا ئۇ مەن ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نېمە ئىش قالدى، ئەمدى ئورنۇمنى يېڭىدىن دۇنياغا تۆرەلگەنلەرگە بوشىتىپ بەرسەملا بولىدىغۇ، دەپ ئويلىغان بولاتتى.

سالاھىددىن بەي نېمە ئۈچۈندۇر شاھىندەگە ئىشەنمەيتتى، قىزىنى ئۇنىڭ قولىغا تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى قالمىغان بۇ دۇنيادىن مۇشۇ ئىشنى بولسىمۇ بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ كېتىشنى خالايتتى.

ئەمدى بۇ ئىش قانداق بولار؟ مۇئەززەزگە كىم لايىق چىقىشى مۇمكىن؟ كىم ئالار؟ مەن ئالىمەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغانلارنىڭ ھالى چاغلىق، شاكىر بولسا لاغايلاپ يۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. بىر پاي ئوقنىڭ قۇربانى بولۇشقا ئۆزىنى ئاتاپ قويغان مۇنداق نوچىلارمۇ كۆپ ئەمەس.

ئەل ئىچىدە پۇر كەتكەن ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان بۇ قىزغا كىشىلەر ئۇنچە ياخشى كۆزدە قارىمايدۇغۇ، ئاخىر ! بۇلار تۇرغان يەرمۇ كىچىككىنىلا بىر يەر ـ دە.

سالاھىددىن بەي دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى شۇنداق بالدۇر ئۈزمىگەن، دۇنيادىكى ئىشلاردىن چەتتە قالمىغان بولسىدى، بەلكى باشقا بىرەر جايغا يۆتكەلگەن ۋە شۇ ياقلاردىن قىزىغا لايىق ئىزدىگەن بولار ئىدى. بىراق، ئۇ ئاغرىق، ئارتۇق

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزلۈكىدىن پۈتۈپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، خالاس.

## 10

شاھىندەنىڭ ئۆزىگە خاس قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى بار ئىدى. ئۇ مۇئەززەز ئۈچۈن ئەدرەمىتتە توي قىلىش يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن مۇئەززەزنى شاكىرغا بېرىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقانىدى ـ دە!

كۆبرانىڭ ھېكايىسىدىن شاھىندەنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى، ئۇ بۇنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۆز پىكرىنى ئۆزگەرتمىشى ناتايىن. بىراق، يۈسۈپمۇ، سالاھىددىن بەيمۇ ھازىر شاكىر مەسىلىسىنى مەۋجۇت دەپ قارىمىغاچقا، بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشمايتتى. شاھىندەنىڭ بۇ مەسىلىنى يېڭىباشتىن قوزغاش ھەققىدە ئايرىم پىلان تۈزۈپ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈۋاتقانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز!

شاھىندە سالاھىددىن بەيىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىنى ئاغزىدىن چىقارمىسىمۇ كۆڭلىدە سېزىپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا، پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك بىرەر يار ـ يۆلەككە ئىگە بولۇشنى ئويلايتتى. زەيتۇنلۇق باغ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر پارچە ئېتىز ئۈچ ئادەمنىڭ بىر ئايلىق تۇرمۇشىنىمۇ قامدىيالمايتتى. يۈسۈپنىڭ قولىغا قاراپ قېلىش بولسا ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېغىر ئىدى، بۇ يوغانچى، بوينى قاتتىق بالىنىڭ نېنىنى يېيىشكە، ئۇنىڭ قول ئاستىدا قېلىشقا شاھىندە ھەرگىز چىدىمايتتى. «قېنى كۆرۈپ باقاي، يۈسۈپ بىزنى بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ يەيدىغان نېنىنى تاپالامدۇ، يوق؟ ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان، كەچ كىرگۈچە لاغايلاپ يۈرىدىغان ‹ساقلاندى›غا باش ئېگىپ يالۋۇرۇپ يۈرگۈچە، يولۋاستەك بىر

كۆيۈئوغۇل تىپىپ ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولۇپ ياشاش نىمىدېگەن ئاقىلانىلىك ...» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شاكىرنىڭ بىكار تەلەپلىكى، كوچىمۇكوچا لاغايلاپ مەست يۈرىدىغانلىقى بارا ـ بارا ئۇنىڭ نەزەرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شاكىر سادىر قىلغان ئۆلۈم ۋەقەسىمۇ شاھىندە ئۈچۈن ئۇنچە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايتتى. ئۇ ئۆز قىزى تۇپەيلىدىن يۈز بەرگەن قاتىللىقنى شەرەپلىك ياكى قەھرىمانلىقتەك ھېس قىلىپ، ھەتتا شاكىرنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە شاكىرنىڭ ئانىسى بىلەن شاھىندەنىڭ دوستلۇقى بەكمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ئۇنى بۇ ئائىلىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى.

ھىلمى بەيلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى، ئانا بىلەن ئوغلىدىن تۆپە ـ تۆپىلەپ كېلىۋاتقان سوۋغاتلارنىڭ يۈزى بۇ يېقىنلىششىنىڭ يەنە بىر ئامىلى ئىدى.

بىراق، مۇئەززەز ھازىر ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بۇرۇنقىدەك بوشاڭ، ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرىدىغان قىز ئەمەس ئىدى. قەلبىدە ئۇنى باشقۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭغا ھەرىكەت نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان ۋە كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بىر ھەۋەس بار ئىدى. ئۇ ئۆزىگە يۈسۈپنىڭ سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىغا خاپا بولغان. بىراق، بۇ خاپىلىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەسىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۈسۈپنىڭ نېمىشقا شۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولغان قىزىقىش ئىگىلىدى. بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ھېسابلانغان، ھامان ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقان، ھېلىقى ئاخىرقى ئاخشامدا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان مېھىر بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغان ۋە ئۆزىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان يۈسۈپ ئۇنى شۇنداق سەۋەبسىزلا ئۇنتۇپ كېتەرمۇ؟! بەلكى ئۇنىڭ شۇنچە قەتئىي تۈردە يىراقلىششىدا ئالاھىدە بىر سىر بولۇشى مۇمكىن ...

قىز مانا شۇ چۈشەنچىلەرگە كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئانىسى بىلەن بىللە ئويناپ يۈرۈۋەردى. بىرنەچچە قېتىم ئۇلار ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە بېرىشتى. مۇئەززەز بۇ يەردە ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان مۇئامىلىلەرنى يات كۆرمىدى. ھادىسە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، شاكىر بەي ئۇنى قەتئىي ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇ بۇ ئۆيدە ئىنتايىن سەممىمىي قارشى ئېلىناتتى. خانىم قىزنى سۆيۈپ قويۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالاتتى. ھەربىر بارغىنىدا سوۋغاتلار بىلەن قايتۇراتتى.

كۆڭۈلنى رام قىلىۋېلىش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان مۇشۇنداق ئۇسۇل ـ چارىلەر ئەمەلىيەتتە مۇئەززەزنى بىزار قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ دەسلەپ ئۆيدە يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئىچ پۇشۇقى تارتماسلىق ئۈچۈنلا ئانىسىغا ھەمراھ بولدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە بېرىشنى قەتئىي خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى جەننەتئايىغىدىكى باغقا تەكلىپ بىلەن بارغان ۋاقىتىدا خېلى يىراق بىر يەردە ئايلىنىپ يۈرگەن شاكىرنىڭ ئۆزىگە بەزدەك تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. كۆرۈپلا ئۇنىڭدا بىر خىل يىرگىنىش ۋە قورقۇش پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدىن كۆڭلى پۈتۈنلەي سوۋۇغانىدى.

مۇئەززەز ئانىسى خۇشال بولىدىغان بىرمۇنچە ئىشلاردىن رازى ئەمەس ئىدى، ئۇ بۇنداق ھاياتقا ئاخىر چىدىمىدى.

يالغۇزلۇقتا خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتۈۋاتقان بۇ ھايات ئۇن بەش ياشتىكى بۇ قىزنى قۇرداشلىرىدىن ئايرىغانىدى. ئۇ ھازىر چوڭ ئاياللاردەك خىيالچان، دەردمەن ئىدى ۋە دەردىگە دەرمان ئىزدەيتتى.

ئادەم كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنى بىر باشقا چىقىرىشى كېرەككۇ، ئاخىر! مۇئەززەز شۇنداق ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈسۈپ بىلەن ئۆيدە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە بىرنەچچە ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. مۇئەززەز

يۈسۈپنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ شۇنداق چۆچۈپ كەتتىكى، ھەتتا گېپىنىمۇ تاپالماي قالدى.

— يۈسۈپ ئاكا، سىزگە نېمە بولدى؟

— نېمە بوپتۇ، قىزچاق؟

— چىرايىڭىز بەك سارغىيىپ كېتىپتۇ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ياقەي، ھېچ ئىش يوق، دادامدىن ئەنسىرەيمەن، يالغۇزلۇق، بىكارچىلىق ... زېرىكىشلەر ...

— دادامغا نېمە بوپتۇ؟ ھازىر ياخشى بولۇپ قالدىغۇ؟

يۈسۈپ ئۇنىڭ سوئالىدىن كۈلۈپ:

— ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنى يوق ... — دېدى ۋە كېيىن ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك، — بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يېتىپ قالماس ! — دەپ قويدى.

— بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى بولىسىز؟ — دېدى قىز.

يۈسۈپ يەنە كۈلۈپ قويدى ۋە دەرھال گەپنى بۇراپ:

— ئاناڭ قېنى؟ يەنە تاماشا قىلىپ يۈرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— سەن نېمىشقا بارمىدىڭ؟

— كۆڭلۈم تارتمىدى، — مۇئەززەز يۈسۈپنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ يەنە تەكرارلىدى، — كۆڭلۈم تارتمىدى.

يۈسۈپ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئايىغىنى كېيىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مۇئەززەز ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ يۈسۈپنىڭ كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى - دە:

— بەلكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆڭلۈم تارتىپ قېلىشى مۇمكىن ! — دېدى.

يۈسۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:

— نېمىنى؟ — دەپ سورىدى.

مۇئەززەز مۇرىسىنى قىستى.

يۈسۈپ سوئالىنى قايتىلاپ ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ـ يۇ، يەنە يالتىيىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، ئىشىكنى قىيا ئوچۇق قويۇپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

## 11

قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن چاغ. يۈسۈپ نەگە بارماقچى؟ ئۇ ئۆيدىن نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن چىقتى؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر مەسىلىنى چۈشىنەتتى: شۇ تاپتا ئۆيدىن يىراق كېتىش كېرەك، ئۆيگە يەنە قايتىپ بارغان تەقدىردىمۇ مۇئەززەزگە: «كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتىدۇ؟ نېمىنى؟» دېگەن سوئالنى ھەرگىز قويماسلىق كېرەك.

يۈسۈپ ئۆزىنى تەمكىن تۇتمىغىنىدا شۇ زامات ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرگەن بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئالدىغا قاراپ ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى. خىيال بىلەن كېتىۋېرىپ ئۆزىنىڭ ناھىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دالىغا چىقىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۆزىنى خىيالدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ پۈتۈن ئېتىز ـ قىرلىرى، باغلىرى، ھەتتا زەيتۇن كۆچەتلىرىگىچە ھەممىسى تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ كۆڭلىكىنىڭ بىر تۈگمىسىنى ئېچىۋەتتى. قۇياش نۇرى يەر ـ جاھاننى كۆيدۈرەتتى. قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئىسسىققا چىدىماي چىرقىراشلىرى قۇلاقنى ياراتتى. يۈسۈپ ئىسسىق تەپتىدىن كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ دىمىغىغا زەيتۇن پۇرىقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۆتكۈر پۇراق ئۇرۇلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىۋىدى، بۇرنىغا پۇرىغىنى ئەنجۈر كۆچىتى ئىكەن. يۈسۈپ ياڭاق بىلەن ئەنجۈرنىڭ پۇرىقىنى پۇرىسا بىر خىل بولۇپ كېتەتتى.



www.uyghurkitap.com

ياڭاقنىڭ پۇرىقى خۇددى پۇراقلىق بۇيۇملار دۇكىنىنىڭ پۇرىقىدەك خۇشبۇي ۋە ئۆتكۈر ئىدى. ئەنجۈرنىڭ بولسا، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئايلاندۇرىدىغان شىلىمشىق نەم پۇراق ئىدى. ئۇ ئەنجۈر شىرىسىنىڭ قۇياش تەپتىدىن پارغا ئايلىنىپ پۇراۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدى. ئادەم ئۇنداق ھاۋادىن نەپەس ئالغانسېرى بۇرۇن تۆشۈكلىرى يېپىشىپ مىشىلداپ كېتەتتى. يۇسۇپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا يولىنى داۋاملاشتۇردى. يەرنىڭ قىزىقى ئايىغىنىڭ چەمىدىن ئۆتۈپ تاپىنىنى كۆيدۈرەتتى. بۇك زەيتۇن يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن كۈن نۇرىمۇ شۇنچە قىزىق ئىدى. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ساي بويىغا كەلدى. بۇ يەردە ھەر تۈرلۈك ئوت ـ چۆپلەر تېپىلاتتى، ئۇششاق چىنار كۆچەتلىرى بىلەن سۆگەت نوتىلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، ئەتراپنى ھايت دەرەخلىرىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى قاپلىغانىدى. تالگۈل شاخلىرى بىنەپشە رەڭ چېچەكلىرى بىلەن ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. سارغىيىپ كەتكەن پىلىك ئوتلار، چىغلار، جىغانلار، قومۇشلار، ياۋايى يالپۇزلار ۋە ياۋا بېھى كۆچەتلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ قاراڭغۇ جاڭگال بولۇپ كەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى شېغىل، تاش، قۇملار قاپلاپ كەتكەنىدى. تاش شېغىللارمۇ خۇددى ئىسسىقتا قورۇلۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يۇسۇپ سايلىقتىكى بۇ گۈل ـ گىياھلار دۇنياسىغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر كەسلەنچۈك ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى. تومۇزغىلارنىڭ چىرقىراشلىرى تۇرۇپ بېسىقىپ، تۇرۇپ ئەۋجگە چىقاتتى. يۇسۇپ چاپىنىنى سېلىۋەتتى، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتتى، ئىسسىقتىن ھاسىراپ ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. ئۇ يەردە ئولتۇردى ۋە كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىدىكى تاشلارنى ئادالىۋېتىپ بېشىنى قويىدىغانغا سالقىنراق نەم قۇم تېپىش ئۈچۈن يەرنى كولاپ باقتى. بىراق، ھەممىلا يەر قۇرۇپ كەتكەن ۋە ئوتتەك قىزىق ئىدى. نەملىككە يېتىش ئۈچۈن خېلى چوڭقۇر كولاشقا

توغرا كېلەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى تۇسۇپ ئولتۇرۇشقا ياتتى. ئۆتكۈر كۈن نۇرى يوپۇرماقلاردىن ئۆتۈپ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. يۇسۇپ قانداقتۇر بىر ساداني ئاڭلىغاندەك بولدى. شۇ تاپتا سۆزمۇسۆز ئېسىگە ئالالمايۋاتقان بىر ئېغىز گەپ ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئېلىشتۇرۇۋاتاتتى. مۇئەززىن نېمە دېگەن بولغىيدى؟

بەلكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆڭلۈم تارتىپ قېلىشى مۇمكىن! دېگەن ئەمەسمىدى، راست شۇنداق دېگەنمىدۇ؟ ياكى بولمىسا، كۆڭلۈم تارتىپ قالسا دېگەنمىدۇ؟ بۇ تازىمۇ چوڭ بىر تەھدىت ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدىن بىرەر ئوچۇق مەقسەتنى بىلگىلى بولمايدىغۇ. شۇنداق دېگەن بولسىغۇ مەيلىدى، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ مۇئەززەزىنىڭ ئۇنداق دېمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دەسلەپ كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشنى ئويلىغان بۇ سۆزلەرنى قىياسەن يادىغا كەلتۈرگىنىدە يۇسۇپنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ چارچاپ كەتكەن مېڭىسىنى بىرئاز بولسىمۇ ئارام ئالدۇرۇشنى شۇنچىلىك خالايتتىكى، ھەتتا تەقەززالىقتىن كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باسالماي ۋارقىراپ سېلىشتىن قورقۇپ بىر قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەلۇم مەزگىل ھېچ نەرسىنى ئويلىماسقا تىرىشتى، ئاخىر كۆڭۈل ـ كۆكسى بوشاپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە «نېمە بولار، قانداق بولار؟» دېگەندەك سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى.

يۇسۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۇستىبېشىنى قېقىشتۇردى. ئۇ بۇ يەرلەردە يۈرۈش بىلەن ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنداق يۈرۈشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتسىزلىكىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ ئوي ئويلاپ يۈرۈۋېرىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، ئۆيگە بېرىپ مۇئەززەزىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشنى ئويلاپ ماڭدى. «ئەجەبا، ئۇ زادى نېمە دېگەن بولغىيدى؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى تىڭشىدى. يۇسۇپ

قەدەملىرىنى شۇنداق ئىتتىك يۆتكەيتتىكى، خۇددى يۇگۇرگەندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇ كوچىدا بىر هويلىدىن چىقىپ يەنە بىر هويلىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئايالنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى سەزدى ـ دە، قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، ئىككىيېنىغا قاراپ قويۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. كوچا جىمجىت ئىدى. بىرنەچچە كىچىك بالا دەۋازىنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ كۆكباش يەۋاتاتتى. سەل نېرىدا، چۇلۇقلىرى ئېلىۋېتىلگەن بىر توپ ئېشەكلەر قىمىر قىلماي تۇرغان مەيداندا بىرمۇنچە باللار قوللىرىغا بىر تالدىن چىۋىقنى تۇتۇۋېلىپ هەرە قوغلاپ ئوينىشىۋاتاتتى. هەيۋەت بىلەن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان هەرە توپىنىڭ ئارقىسىدىن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ قوغلاپ كېتىۋاتقان باللار بىرەر هەرىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋالغان هامان دەرهال شۇ يەرگە توپلىشاتتى ـ دە، ئارىدىن قورقماس بىرى چىقىپ چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن هەرىنى تۇتۇۋېلىپ نەشتىرىنى يۇلاتتى. بۇ چاغدا بەزى هەرىلەر ئۆلۈپ قالاتتى. بەزىلىرى نەشتىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن پۇتىغا يىپ باغلاپ قويۇپ بېرىلەتتى. بىر ئوۋچىنىڭ پۇتۇن خۇشاللىق ۋە خېيىم ـ خەتەرلىرى يىغىنچاقلانغان ۋە هەر قېتىم بىرنەچچە بالىنىڭ كۆزىنى كۇپتەك ئىششىتىپ ئۆيلىرىگە يولغا سالىدىغان بۇ ئويۇن ياز پەسلىدىكى ئەڭ مۇهىم كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ بىرى ئىدى. بەزىدە بۇ هەرە ئويۇنى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ باللار تېگىپ قويغان بىرەر هەرىنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىغان چوڭلارنىڭ توسۇشى بىلەن يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالاتتى ياكى بولمىسا چوڭلاردىن تاياق يېگەن باللارنىڭ يىغلاپ ئۆيىگە قايتىشى بىلەن ئاياغلىشاتتى.

يۇسۇپ قەدەملىرىنى ئاستا تاشلاپ مەيداندىن ئۆتتى. باللارنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە ئۇچرىغان ۋە ئۆزىنى قوغدايدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك قورالى بولغان نەشتىرى ئۇستىلىق بىلەن چىقىرىۋېتىلگەن هەرىلەرگە ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنى ئۇيگە قايتىشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەبنىمۇ ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى. بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا بالىلارنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ كوچىلار، پۈتۈن ئۆيلەر، پىيادىلەر يوللىرىنىڭ تاشلىرىدىن تارتىپ تاملارنىڭ سۇۋىقى چۇشۇپ كەتكەن يەرلىرىگىچە يۇسۇپكە تونۇش ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان نەرسە بەزى دېرىزە قاپقاقلىرىنىڭ قېيىپ قالغانلىقى ۋە بەزى ئۆيلەرنىڭ بەتىرەڭ بوياقلار بىلەن بويالغانلىقى ئىدى. كوچىنىڭ دوقمۇشلىرىدا يېشىل مۇخلار بىلەن كۆكىرىپ كەتكەن توختام سۇلار يىغىلىپ قالغانىدى.

ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى يۇسۇپنىڭ يۈرىكى ئىتتىك سوقۇشقا باشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، مۇئەززەز بىلەن قانداق سۆزلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر قاتار كۆڭۈلسىز خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنىڭ قايسىسىنى دېمەسلىكىنى بىلمەيتتى.

يۇسۇپ دەرۋازىنى ئاستا قاقتى، قاقتى ـ يۇ، تورۇپلا قېچىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ قېلىپ كۇبرانىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋېلىپ ھويلىغا كىردى ـ دە، ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك قىياپەتتە:

— مۇئەززەز يۇقىرىقى قەۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كىچىك خانىم تالاغا چىقىپ كەتكەن.

يۇسۇپ بۇ سۆزنى ئاڭقىرالماي قالدى:

— كىچىك خانىم نېمە بولدى، دېدىڭىز؟

— تالاغا چىقىپ كەتتى.

— نەگە؟

كۇبرانىڭ ئانىسى سۆزگە ئارىلاشتى:

— يۇسۇپ بەي. ئۆيگە كىرسىڭىزچۇ، كىچىك خانىمنى ئانىسى ئېلىپ كەتكەن!

يۇسۇپ ئايغىنى سېلىپ دالانغا كىردى ۋە سول تەرەپتىكى دېرىزىلىرى كوچىغا قاراپ تۇرىدىغان ھۇجرىغا سەپسېلىپ قارىدى. كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە مۇئەززەزنىڭ كېچىلىك چىمت كۆڭلىكى تاشلاقلىق تۇراتتى. ئۇ دالاننىڭ باغچىغا چىقىدىغان ئىشىكىگە بېرىپ، جۇمەكتىن ئوچۇمىغا لىق سۇ تولدۇرۇپ ئىچتى. چۈنكى، كۆپتىكى سۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغۇدەك سوغۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ قولى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىۋېتىپ بىر چەتتىكى يېشىل ياغاچ ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. بۇغداي يارمىسى ۋە تارھانا① ساقلىنىدىغان بۇ ساندۇقتىن چىرىگەن بىر نەرسىنىڭ قاڭسىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ سالقىن دالاندىن قىش - ياز شۇنداق سېسىق پۇراق كەتمەيتتى. بۇلۇڭدا تۇرغان ياغاچ تۇۋاقلىق زەيتۇن كۆپلىرىدىن، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەينىڭ ئاستى تەرەپتىن چىرىشكە باشلىغان باسقۇچلىرىدىن، سېنىكا سېلىپ ھاكلانغان تاملاردىن، ئۈستى - ئۈستىگە قاتلاپ يىغىپ قويۇلغان ئورۇن - كۆرپىلەردىن ۋە باغچە ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى جۇمەكتىن داۋاملىق چىقىپ تۇرىدىغان قاڭسىق پۇراق ھەممە يەرگە يېيىلغانىدى.

يۇسۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

— ئۇلار نەگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

كۆبرانىڭ ئانىسى ھۇدۇققان ھالدا:

— ئەزبىرايى، بىلمەيمەن ... پەرىزىمچە ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

يۇسۇپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئالدىغا سۇرۇلۇپ:

— ھىلمى بەيلەرنىڭكىگىمۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ سۆزلەر يۇسۇپنىڭ ئاغزىدىن خۇددى ئىسقىرتقاندەك باشقىچە بىر ئاۋازدا چىققانىدى.

① تارھانا — ئۇننى ئېچىغان سۈت ياكى قېتىق بىلەن يۇغۇرۇپ، قۇرۇتۇپ، سوقۇۋېلىپ شورپىغا سېلىپ ئىچىدىغان تالقان.

ئۇ ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ يۇسۇپنىڭ يېنىغا باردى.

— يۇسۇپ ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — ئۇ خانىم غەرەز ئۇقمامدۇ نېمە؟ كىچىك خانىمنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىلماقچى ئوخشايدۇ. شۇنچە چوڭ ۋەقەلەردىن كېيىنمۇ ھىلمى بەيلەرنىڭ ئۆيىگە ئىككى كۈندە بىر بېرىپ، ئۇنى ئاز دەپ قىزىنىمۇ سۆرەپ يۈرگىنى نېمىسى؟

— دائىم بېرىپ تۇرامدۇ؟ قاچاندىن بېرى؟

— دائىم ئەمەس، خانىم پات - پات بېرىپ تۇرىدۇ. كىچىك خانىمغۇ ئانچە بارمايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئانىسى بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىمچە باردى ...

— ئانىسى بارايلى دېگەندە مۇئەززەز ھېچ نەرسە دېمىدىمۇ؟

— بۇ قېتىم بىر نەرسە دېمىدى. ئۆتكەندە خانىم «يۈر» دەپ زورلىسا، ئۇ «جېنىم ئاپا بارمايمەن. مېنى زورلىماڭ» دېيىدى، ئانىسى ئاغزىغا كەلگەننى دەپ كېتىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم سىز چىقىپ كېتىپلا ئانىسى كەلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇئەززەزنىڭ سىزگە ئاچچىقى بارمىكىن بىلمىدىم، ھۇجرىسىدا زەردە بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئانىسىنى كۆرۈپ نەگە بارغانلىقىنى سورىدى. خانىم: «ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە بارغانىدىم، باغقا چىقماقچى بولۇپ سېنى ئالغىلى كەلدىم» دېيىدى، ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە: «ناھايىتى ياخشى، مانا مەن تەييار، چاپسان بولۇڭ، جېنىم ئانا» دېگىنىچە، دەرھال يېشىنىپ، ھال رەڭ سەتىن كۆڭلىكىنى كىيىپ، ياغلىقىنى ئالدىراپ تېڭىپ پۈركەنجىسىنى ئالدى - دە، ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق ھاياجانلىنىپ كېتىشىدىن ھەيران بولدى ... شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېتىپ قالدى ... بىز نېمە دېيەلەيمىز، يۇسۇپ ئەپەندى؟ ھىلمى بەيلەرنىڭ كىملىكىنى سىزمۇ بىلىسىز، مەنمۇ بىلىمەن، بىراق ئۇلارغا چۈشەندۈرەلمەيدىكەنمىز. پۇلى بارلارنىڭ ۋىجدانى قۇرۇسۇن! ئۇلارنىڭ نومۇسسىزلىقى ھەممىگە ئايانغۇ!

يۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى تەر بېسىپ



www.uyghurkitap.com

كەتكەنىدى. ئۇ قول ـ مۇرىلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى ۋە بىر هازاغىچە تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە، سالماق قەدەم تاشلاپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرىدىن كىشىنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. ئۇ قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك تۇراتتى. ئۇ پاپىخىنى چېكىسىگە ئىتتىرىپ قويۇپ دەرۋازىنى ئاچتى.

شۇئاندا كۇبرا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگىنىچە:

— يۇسۇپ، توختاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ بىر يىللاردىن بېرى ئېغىز ئاچمىغان ۋە سۆزگە ئارىلاشمىغانىدى. يۇسۇپ كۇبرانىڭ ئانىسى بىلەن سۆزلىشىۋېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ سالغاندا ئۇ بېشىنى سىلكىپ تەتۈر قارىۋالغان. شۇڭا، يۇسۇپ ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ تۇرىۋەرگەنىدى. شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئارقىسىدىن «توختاڭ» دەپ ۋارقىرىغان بولغاچقا، يۇسۇپ مېڭىسىدە چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ كۇبرانىڭ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى، ئۆزىگە چولپان كۆزلىرى بىلەن شۇنداق مەنىلىك قاراپ كەلگەنلىكىنى ئەسلىدى.

يۇسۇپ ئۈستىدىن بىر پاتمان يۈك بېسىپ تۇرغاندەك هارغىنلىق هېس قىلدى. ئۇنىڭغا ئارىدا قانداقتۇر بىر سىر باردەك بىلىندى، لېكىن بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. سەل ئىلگىرىلا يات ئادەمدەك چەتتە قاراپ تۇرغان بۇ قىز چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدا قانداقتۇر بىر يېقىنچىلىق باردەك تۇراتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن قىيا ئېچىلغان دەرۋازىنى تۇتۇپ، تۆمۈر تۇتقۇچقا يۆلەنگەن هالدا سورىدى:

— نېمە بولدى؟

كۇبرا دەرۋازىنىڭ يېنىغا كېلىپ بوغۇق ئاۋازدا ئاستاغىنا:

— نېمىشقا كېتىسىز، يۇسۇپ ئاكا؟ — دېدى، — كېتىپ

www.uyghurkitap.com

نېمە قىلىسىز؟
يۈسۈپ كۈبراغا قارا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— ئۆزىڭىزگە قىلىسىز، سىزنىڭ ماڭىدىغان يولىڭىز ئۇ ئەمەس ... — دېدى قىز يەنە پەس ئاۋازدا.
يۈسۈپ بۇ يېرىم - يارتا سۆزلەرنى تولۇق چۈشەنگەندەك:
— توغرا دەيسىز، كەتمىسەمغۇ ياخشى بولاتتى ... بىراق، شۇنداق قىلىشىم كېرەك! — دەپ جاۋاب بەردى.
كىچىككىنە كۈبرا كۆتۈلمىگەن بىر قوپاللىق بىلەن بېشىنى سىلكىپ بىر قەدەم ئارقىغا داجىدى. يۈسۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە زەيتۇنلۇقتا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىكى تىكىلىپ قاراشلارنى كۆردى ۋە ئۆزىنى شۇ ۋاقىتتىكىدەك گۇناھكار ھېس قىلدى. كېيىن قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان قىياپەتتە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.
— كېتمۇۋېرىڭ! مەنمۇ كېتىمەن، بىزمۇ كېتىمىز، ھېچ چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى! — كۈبرا كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، — ئانا، تەييارلان، بىزمۇ كېتەيلى! — دېدى.
ئايال تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسىمۇ، بولۇنغان گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلمىغان، لېكىن ئالاھىدە بىر ئەھۋالنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەنگەندى.
كۈبرا يۈسۈپكە تەكرار قاراپ:
— ئەمدى بىزنى كۆرەلمەيسىز، يۈسۈپ، — دېدى.
يۈسۈپ قانداقتۇر بىر قەتئىيلىك ۋە ئۆزىگە قاراڭغۇ بولغان بىر قاتار ھېسسىياتلارنىڭ كۈچى بىلەن:
— ئۇنداقمۇ بولماس، كۆرۈشۈپ قالارمىز، — دەپ جاۋاب قايتۇردى.
ئۇ ئىشىكنى ئاستاغىنا ئېچىپ سىرتقا چىقتى - دە، ئىككى باسقۇچلۇق تاش پەلەمپەيدە بىر پەس تۇرۇۋېلىپ ئاندىن يۈرۈپ كەتتى.

# 12

يۇسۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەممە ئىش باشقا بىر خىل تۈس ئالغاندەك، چوقۇم بىرەر ۋەقە يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق، ئۇ نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئويلاپ يېتەلمەيتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇ تاپانچىسىنى سىلاپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بالىلارچە قىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كۈلدى، ئاخىر ئۆزىنى قىينىماي، كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلماقچى بولدى ـ دە، تۆۋەنكى بازارغا قاراپ ماڭدى. «ھىلمى بەيلەرنىڭ بېغىغا بېرىش كېرەك ... ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ بازارغا كېتىۋېتىپ، ـــ لېكىن ئۇ يەردە شاكىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسامچۇ؟ ... ئۇ ۋاقىتتا بىرەر ھادىسە چىقىرىپ قويسامچۇ؟ ياق. ئۇنداق قىلسام ئىشنى بۇزۇپ قويىمەن.» ئۇ بازاردىن ئۇچقاندەك ئۆتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ يەردىن بۈگۈن ئۇچىنچى قېتىم يۈگۈرگەندەك ئۆتۈشى ئىدى. قەھۋەخانىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ، سەل نېرى تەرەپتە دۇكان ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە پەيتۇننى كۆردى ـ دە، تۇرۇپلا قالدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چىگىش خىياللىرى يېشىلدى، چىرايىغا خاتىرجەملىك تەبەسسۇمى يۈگۈردى. ئۇ پەيتۇنلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىرىنى بىرنەچچە سائەتلىك ئىجارىگە ئالدى ـ دە، ھارۋىكەشكە ئۆزىنىڭ جەننەتئايىغىغا بېرىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە ھايال بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ھارۋىكەش يۇسۇپنى ياخشى تونۇغاچقا، ئىككىلەنمەي ئاتلارنىڭ بېشىدىكى يەم تورۋىلىرىنى چىقىرىپ ئولتۇرغان يېرىنىڭ ئاستىغا قويدى ـ دە، جابدۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، تىزگىن ـ بوجىلىرىنى ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرغان يۇسۇپنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

يۈسۈپ پەيتۇننى سوغۇقتۇلۇمبىغىچە ئاستا ھەيدىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتلارنى قامچىلاپ بولۇشىغا قويۇپ بەردى. تاقەتسىزلىكتە ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ ھارۋا ۋە ئاتلاردىنمۇ ھالقىپ كېتىدىغاندەك ئالدىغا دېۋۈنەتتى. بۇزۇلغان تاش يولدا قۇرۇق ھارۋا كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك چاقىلداپ ماڭاتتى. جەننەتئايىغىنىڭ باغلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن تار ۋە ئازگال يوللار قاغجىراپ كەتكەنىدى. باھاردا سۇ دەريا بولۇپ ئاققان كوچىنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرىدە ئۈنۈپ قالغان چاققاق ئوتلار بولۇشىغا چىپىۋاتقان ئاتلارنىڭ تاقىلىرى زەربىسىدىن قومۇرۇلۇپ ئەتراپقا چېچىلاتتى.

يۈسۈپ خۇددى ئۆيدىن مۇشۇ يەرگىچە يۈگۈرۈپ كەلگەندەك ھاسىراپ كەتتى. ئۇ يولنىڭ نېرىقى بېشىدىكى باغدا ئايلىنىپ يۈرگەنلەرنى كۆردى، ھارۋىنى مۇشۇ تېزلىك بىلەن شۇ يەرگىچە ھەيدەپ بارسا ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلدى، شۇڭلاشقا تىزگىنىنى تارتىپ ئاتنى توختاتتى ــ دە، يەرگە چۈشتى. يۈسۈپ بۇ يۈگۈرۈك ئاتلارنى بىردەم سوۋۇتۇپ، ئۆزى چەتتىكى چىغىر يولغا چىقىپ ئىتتىك ــ ئىتتىك ماڭدى، ھىلمى بەيلەرنىڭ بېغىنىڭ چۆرىسىدىكى قاشانىڭ چېتىگە كەلگەندە تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى. باغدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ناماز دىگەر ۋاقتى بولۇپ سالقىن چۈشۈشكە باشلىغانىدى. قاتتىق ئىسسىقتا بوشىشىپ كەتكەن كىشىلەر سىرتقا چىقىشنى خالىمايتتى. پەقەت ھىلمى بەيلەرنىڭ بېغىدىنلا نەغمە ــ ناۋا، كۈلكە سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يۈسۈپ باغدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆزۈم يەۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ قالدى. بۇلارنىڭ بىرسى مۇئەززەز، بىرسى رايون باشلىقىنىڭ قىزى مەلىھا ئىدى. تېخى ئوبدان چېكىلمىگەن بۇ ئۈزۈملەرنى يېيىش ئۈچۈن، ياشانغان خىزمەتچىلار بۇ ئىسسىقتا سىرتقا چىقمايتتى، ئەلۋەتتە.

يۈسۈپ باغنىڭ قاشاسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ



www.uyghurkitap.com

ھەربىر دەرەخنىڭ تۈۋىدىن تارتىپ باغنىڭ ئىچكىرىلىرىگىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئەتراپتا ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەر بىلەن باغدىكى ئىككى قىزدىن باشقا ئىنس ـ جىنمۇ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن باغنىڭ ئىشىكىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىچىگە كىردى. باغدا ئايلىنىپ يۈرگەن ھېلىقى ئىككىيلەن ئىشىكنىڭ يەرگە سۈرۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال شۇ تەرەپكە قاراشتى. يۈسۈپ تۆۋەن ئاۋازدا:

— مۇئەززەز، — دەپ چاقىردى.

قىزچاق چۆچۈپ كەتتى ۋە يېنىدىكى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي قاراپ تۇرغان مەلىھاغا قاراپ قويدى ـ دە، بىرىنى ئىزلەۋاتقاندەك ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ۋە دوستىغا:

— سەن ئۇزۇم يەپ تۇر، مەن قاراپ كېلەي ... يۈسۈپ ئاكام كەلگەندەك قىلىدۇ. دادام بىرنەرسە بولدىمۇ نېمە؟ — دېدى.

دەرھال ئويلاپ تاپقان بۇ يالغانچىلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ راستتەك بىلىنىپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. كىم بىلىدۇ، يۈسۈپ بۇ يەرگە ھەقىقەتەن دادىسى توغرۇلۇق بىرەر شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنى ئويلاپ ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. باغنىڭ ئىچى ئاغدۇرۇۋېتىلگەندەك ئۇ يۈگۈرگىنىدە ئۇزۇم تاللىرىغا پۇتلىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدىرىغان ۋە تەشۋىشلەنگەنلىكىدىن دىر ـ دىر تىترەيتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا: «جېنىم دادا، جېنىم دادا» دەپ نالىمۇ قىلىپ كەتتى. يۈسۈپنىڭ يېنىغا بىرىپلا، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قورقتى. ئاكىسى:

— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ، مۇئەززەز؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ چوڭقۇر بىر «ئۇھ» تارتتى. دېمەك، ئۇ دادىسىنىڭ بىرنەرسە بولمىغانلىقىنى، يۈسۈپنىڭ بۇ يەرگە باشقا بىر مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. ئادەتتىكى كۈنلەردە بولىدىغان بولسا، مۇئەززەز ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كەتكەن بولار ئىدى.

مانا هازىر ئۇ خۇشال. بىرىنچىدىن، بايىقى قورقۇنچنىڭ بىكار چىققانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپتۇردى. يەنە بىرى، يۇسۇپنىڭ بۇ يەرگە پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن، يەنى مۇئەززەز ئۈچۈنلا كەلگەنلىكى ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرگەندى.

ئۇ ساددا بىر قىياپەتتە سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى، يۇسۇپ ئاكا؟ بۇ يەرگە كەلگۈدەك نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟ مەن يالغۇز ئەمەسقۇ؟ ئاناممۇ بارغۇ؟

يۇسۇپ مۇئەززەزنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ دەۋاتىمەنغۇ، ئاناڭ نېمە قىلسا قىلىۋەرسۇن، سەن نېمىشقا كېلىسەن؟ — دېدى.

مۇئەززەز قەستەن يۇسۇپنىڭ چىشىغا تېگىپ ئاڭلىمىغاندەك بولۇۋالدى. ئۇ نەچچە ئايدىن بۇيان يۇسۇپنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىلىرى ئۈچۈن ئۇنچىلىك قىلسا نېمە بوپتۇ؟ ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنىڭ تېگىدە، شۇ ئاندا ھېس قىلغان ۋە كۆچىيىۋاتقان بەخت تۇيغۇسى ۋە خۇشاللىقى چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرمىغىنىدا، يۇسۇپنىڭ بويىنىغا ئېسىلىۋالغان بولاتتى، لېكىن ئۇ چاندۇرماي قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

— نېمە قىلسام بولاتتى، يۇسۇپ ئاكا؟ كۈن بويى ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇشۇم كېرەكمىدى؟ ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈل ئېچىش ھەققىم يوقمۇ؟ — دېدى.

يۇسۇپ يەرگە قارىۋالدى، بۇ يەرگە كەلگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. كونا خاپىلىقلىرى بىر چەتتە قايرىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىنتايىن ئېغىر ھەسرەت ـ نادامەت قاپلىۋالغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— نېمە قىلىمەن دېسەڭ شۇنى قىل! — دېدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، مۇئەززەز دەررۇ يۇسۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يۈسۈپ ! — دېدى.

— نېمە؟

— يۈسۈپ ... سىز بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟

يۈسۈپ جاۋاب بەرمىدى. راست ئەمەسمۇ، ئۇ زادى بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنىدى؟

— مېنى ئىزدەپ كەلدىڭىزما؟

يۈسۈپ ئەيىبىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەمدەك قىزىرىپ كېتىپ، بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق !

يۈسۈپنىڭ چىرايىغا قاراپ مۇئەززەزنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى. بۇ چاغدا، يۈسۈپنىڭ چىرايىدا ھېلىقى ئاخشام مۇئەززەزگە «چۈشەندىم» دېگەن ۋاقتىدىكى ھېسسىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مۇئەززەز بىردىنلا:

— يۈسۈپ، ئۇنداق بولسا كېتەيلى ! — دېدى.

يۈسۈپ يەنە قىپقىزىل قىزىرىپ، ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۆيگە كىرىپ پۇركەنجەمنى ئېلىۋالاي ...

يۈسۈپ شۇ ھامان ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى:

— بولدى، قوي، مەن بىلەن ماڭ !

— يۈسۈپ، ئۇنداق قىلساق بولماس ... ئانام نېمە دەپ قالار ... خەلقئالەم نېمە دەر؟

يۈسۈپ ئۇنى قولىدىن تارتىپ باغدىن ئاچىقىپ كېتىۋېتىپ دېدى:

— ھېچكىم ھېچ نەرسە دېمەيدۇ، دېسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق ...

مۇئەززەز نېرىدا تۇرغان پەيتۇننى كۆرۈپ يۈسۈپنىڭ چىرايىغا قارىدى ـ دە:

— بۇنىڭ بىلەن كېتەمدۇق؟ — دېدى.

— ھەئە !

www.uyghurkitap.com

— بەك ياخشى قىپسىز، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ياغلىق ۋە باشقا نەرسىلىرىمنى ئېلىپ دەرھال قايتىپ كېلىمەن، — مۇئەززەز شۇنداق دېدى - دە، بالىلارچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يۇسۇپكە ئەركىلەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — مېنى كەلمەيدۇ دەپ قورقۇۋاتامسىز يا؟

— ياق، كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى يۇسۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ماڭا رۇخسەت قىلمايسىز؟

يۇسۇپ ئۇنى بىلىكىدىن جان ئاچچىقىدا سىقىپ:

— ئەھمىيىتى يوق! — دېدى ۋە لەۋلىرى تىترەپ، — نېمە بولسا بولسۇن، سېنى زادى قويۇپ بەرمەيمەن! — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

شۇنداق قىلىشىپ ئۇلار ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى. يۇسۇپ قىزچاقنىڭ ھارۋىغا چىقىشىغا ياردەملەشتى، ئاندىن پەيتۇننىڭ يان ئىشىكىنىڭ كىلىيونكا پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۆزى ئالدىغا ئولتۇردى ۋە:

— ئېچكىرىرەك ئولتۇر، بولمىسا، كۆرۈنۈپ قالىسەن! — دېدى.

يۇسۇپ قامچىنى قولىغا ئېلىپ «دىرت» دېدى - دە، باغنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ يولغا چۈشتى. باغدا خېلىغىچە ئۆزى يالغۇز ئۇزۇم يەپ يۈرگەن مەلىھا بىردەم - بىردەمگە بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەززەزنى ئىزدەيتتى.

يۇسۇپ ئاتلارنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. قىزچاق پەيتۇننىڭ ئىچىدە بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ ئولتۇراتتى ۋە بەزىدە قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ خىيالغا كېتەتتى. ھارۋا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. مۇئەززەزنىڭ چايقىلىپ قاقشاشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، كۆڭلىنى بىر خىل ئەندىشە قاپلىدى، ئۇ بۇ سەپەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقاتتى. دېمەكچى، ئۇلار نەگە

كېتىۋاتىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۆيگە، راستلا ئۆيگىمىدۇ؟ يۈسۈپنىڭ چىرايىنى ئارقىسىدىن غىل - پال كۆرۈپ تۇرسىمۇ مۇئەززەز بۇ چىرايدا نېمىلەرنىڭ ئەكس ئېتىۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشىنەتتى.

سىڭلىسىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ چىرايى بۇنداق بولمايتتى، بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇئەززەز بۇنداق چىرايىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا يۈسۈپنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يۈز مۇسكۇللىرى كېرىلىپ تېرىسىگە سىغمايۋاتقاندەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتاتتى.

بەزىدە يۈسۈپنىڭ گەۋدىسى كېڭىيىپ پەيتۇننىڭ ئالدىنى پۈتۈنلەي توسۇۋالاتتى - دە، پەيتۇننىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ كېتەتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇئەززەز ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي ۋارقىرىۋەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتى. يۈسۈپنىڭ گەۋدىسىلا ئەمەس، بېشىغا كىيىۋالغان پاپىخىنىڭ چۆرىسىدىن چىقىپ تۇرغان قىسقا قارا چاچلىرى تېگىدىكى قىزىرىپ كەتكەن قۇلاقلىرىمۇ مۇئەززەزنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ يوغان كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

يۈسۈپ بىردىنلا ئولتۇرغان ئورنىدىن ئۈچۈپ كەتكۈدەك سەكرەپ كەتتى. سىرتنى كۆرەلمىگەن مۇئەززەز قورقۇپ كەتتى. يۈسۈپ قولىدىكى قامچىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇرغاندا، ئاتلار بار كۈچى بىلەن چاپتى. مۇئەززەز كەينى تەرەپتىكى كىلىيونكا پەردىنى قىيا ئېچىپ سىرتقا قارىۋىدى، يولنىڭ دوقمۇشىدا خۇددى شاكىرغا ئوخشايدىغان بىر ئاتلىق ئادەمنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئانىسىغا قاتتىق نەپرەتلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. دېمەك، شاكىرمۇ مۇئەززەزنىڭ باغدا ئىككەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ۋە دەرھال ئاتلىنىپ يولدا كۈتۈپ تۇرغان. مۇئەززەز يۈسۈپنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن قۇلىقىغا: «مەن سىزدىن تامامەن رازىمەن، يۈسۈپ، مېنى نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، لېكىن ئۆزىڭىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىماڭ!» دېگۈسى كېلىپ كەتتى. بۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدا، پەيتۇن تىك دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. قىزچاق پەيتۇننىڭ كىلىيونكا پەردىسىنى ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ سوغۇقتۇلۇمبىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى:

— يۈسۈپ، نەگە بارىمىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى قىز.چۈنكى، شەھەرگە كىرىدىغان يەردە ئاتلار ئوڭغا بۇرىلىپ ماۋزاڭغا بارىدىغان يولغا چۈشكەنىدى.

يۈسۈپ جاۋاب بېرىش ئۈياقتا تۇرسۇن، مۇئەززەزگە قاراپمۇ قويماي ئاتلارنى ھەيدەش بىلەن بولۇپ كەتتى. بىراق، مۇئەززەز ھېچ نەرسىدىن قورقمايتتى. پەيتۇننىڭ ئالدىنى تورىۋالغان يۈسۈپنىڭ گەۋدىسى ئۇنىڭغا تۈگىمەس خاتىرجەملىك بېرەتتى.

## 13

ئىككى قاسىنقى زەيتۇن كۆچىتى بىلەن زىچ ئورالغان يول بىرنەچچە يۈز مېتىردە بىر بۇرىلىش ياساپ سوزۇلاتتى. پېتىۋاتقان قۇياش نۇرى كۆچەتلەرنىڭ ئۇچلىرىدىن يولنىڭ بىر چېتىگە قىيپاش چۈشۈپ تۇراتتى ۋە ئاستا ـ ئاستا دەرەخ غوللىرىدىن يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەيتتى. ئەگرى ـ دوناي زەيتۇن دەرەخلىرىنىڭ كەينىگە ياكى بىر يېنىغا ئېگىلىپ قالغان قېرى غوللىرى ئەگەر شاخ ـ شۇمبىلىرى بولمىسا، يىراقتىن خۇددى بىر مازارنى ئەسلىتەتتى. كېچىنىڭ تېخى ھېلىراقتا چىقىشقا باشلىغان ئىللىق شامىلى ئۇششاق، ئەمما قاتتىق يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتاتتى. مانا بۇ مەنزىرە كىشىلەرگە خۇددى بۇ قېرى گەۋدىلەر جانلىنىۋاتقاندەك، غوللىرىدىكى كاۋاكلار كۆزگە ئوخشاش ئەتراپقا قاراۋاتقاندەك بىر خىل كۆرۈنۈشنى ھېس قىلدۇراتتى.

كەينىدە ئاق بۇلۇتتەك چاڭ قالدۇرۇپ قويۇندەك كېتىۋاتقان پەيتۇن ئەتراپتىكى پۈتۈن نورماللىقنى بۇزاتتى.

يۈسۈپ ئالدىغا قاراپلا كېتىۋاتقاچقا يول بويلىرىدىكى دەل ـ

دەرەخلەرنىڭ يېرىم چەمبەر شەكلىدە سوزۇلغانلىقىنى، يولدا ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ قورقۇشۇپ ئىشەكلىرىنى چەتكە تارتىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ پەيتۇننى ئاستىلاتتى. پەيتۇن ئىككى تەرىپى ئېتىزلىق بىر يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ، بىرنەچچە قەدەم نېرىدا ئوڭ تەرەپكە بۇرالغان يولنى كۆردى ــ دە، ئېتىنى شۇ تەرەپكە ھەيدىدى.

بۇ بۇرھانىيەدىن ئايۋالىققا بارىدىغان يول ئىدى. يۈسۈپ ئاتلىرىنى يەنە بولۇشىغا قويۇۋەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاق تېرەك بىلەن سۆگەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى. يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. بۇرھانىيەگە كەلگەندە مەسچىتنىڭ ۋە بىرقانچە قەھۋەخانىنىڭ چىرىغى يېنىقلىق ئىدى. يۈسۈپ شەھەرنى بويلاپ مېڭىۋەردى. ئۇنىڭ ئالدىغا قۇرۇپ كەتكەن كەڭ بىر ساي ئۇچرىدى. قارا تەرگە چۈمگەن ئاتلار تىزلىرىغىچە قۇم ئىچىدە تازا كېرىلىۋالدى. يۈسۈپ يەرگە چۈشۈپ ئاتلارنى يېتىلەپ سايدىن ئاستا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىرئاز سوۋۇتماقچى بولدى، ئولتۇرغان ئورنىنىڭ ئاستىدىن ئارپا قاچىلانغان يەم توربىلىرىنى ئالدى ۋە ئاتلارنىڭ يۈگىنىنى ئېلىۋېتىپ توربىلارنى كىيگۈزۈپ قويدى. مانا شۇ چاغدىلا يۈسۈپ پەيتۈننىڭ ئىچىگە قاراپ بېقىشنى ئويلىدى ۋە يان تەرەپتىكى پەردىلەرنىڭ بىرىنى ئېچىپ ئىچىگە قارىۋىدى، قاپقاراڭغۇچىلىقتا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، كۆزلىرى قاراڭغۇغا كۆنگەندىن كېيىنلا ھارۋىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىگىزنىڭ ئارىسىدا بىرنەرسە بارلىقىنى كۆردى ــ دە، جەينەكلىرى بىلەن پەيتۇنغا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

ــ مۇئەززەز ! ــ دەپ چاقىردى.

ــ يۈسۈپ ! ــ شىپىرلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ مۇئەززەزنىڭ ھال سەتىن كۆڭلىكى يۈسۈپكە يېقىنلاشتى. ھاۋا شۇنچە ئىسسىق بولسىمۇ قىزچاق تىترەۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— مۇزلاۋاتامسەن؟
— ياقەي، نېمىشقا مۇزلايمەن؟
— قورقمىدىڭمۇ؟
— ياق ! — دېدى مۇئەززەز كەسكىن ئاۋازدا.

ئۇ، نەگە كېتىپ بارىمىز، دەپمۇ سورىمىدى، سوراشنىمۇ خالىمىدى. يۇسۇپمۇ باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ئۆتكەن مەنزىرىلەرلا گەۋدىلىنەتتى. ئۇنىڭ دىمىغىغا ئاتلارنىڭ تەر پۇرىقىدىن باشقا نەرسە ئۇرۇلمايتتى ... قۇلاق تۈۋىدە ھېلىمۇ پەيتۇننىڭ جاقۇر - جۇقۇرلىرى بىلەن ئاتلارنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن قاشلىرىنى ئويىنىتىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە پەيتۇننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن مۇئەززەزنىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ چوڭقۇر - چوڭقۇر تىندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلىلا ئۇيقۇغا كېتىدىغاندەك تۇراتتى. مۇئەززەز تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:
— يۇسۇپ، يەنە ماڭامدۇق؟
— ئازراق مېڭىپ باقايلى، بەلكى بىرەر يېزىغا بېرىپ قالارمىز. بۇ يەرلەر ماڭا ئانچە تونۇش ئەمەس.

مۇئەززەز نېمە ئۈچۈن بۇرھانىيەدە قالمىدۇق دەپ سورىغۇسى بولسىمۇ سورىمىدى؛ ئۇ يەردە نېمىشقا قالمىغانلىقلىرىنى ۋە نېمە ئۈچۈن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىرىنى يۇسۇپنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولغاچقا، ئۇنى خىجالەت قىلىشنى خالىمىدى.

ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاينىڭ نۇرى پەيتۇندىن ھالقىپ، شاراق - شۇرۇق ئاۋازلار ئىچىدە بوغۇز يەۋاتقان ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئالدىدىكى كۆۋرۈك، ئارقىدىكى دەل - دەرەخلەر، كەينىدە قالغان دېڭىز بىردىنلا جانلىنىپ، سۈس بىر يورۇقلۇق ھەممە نەرسىگە يېڭى ھايات بەخش ئەتكەندى. بۇ كۈندۈزدىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان

بىر ھايات بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت بايىقى قاراڭغۇلۇقتىن كېيىنلا ئېرىشكىلى بولاتتى. قىزىق قۇياش تەپتىدە ئۆرتىلىپ ياتقان ۋە ھاياتلىقنى پەقەت قۇياش ۋاستىسى بىلەنلا نامايان قىلىپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى يېرىم سائەتلا داۋام قىلغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە دەرھال باشقىچە تۈس ئالدى. ئەمدى ئۇ ھاياتلىقنى يېڭى شەپىلەر ۋە ھەربىر مەۋجۇدىيەتنى نېپىز پەردىگە ئوخشاش قاپلىغان ھاياتىي كۈچكە باي بىر ئىزغىرىن شامىلى بىلەن مەيدانغا كەلتۈرەتتى. سايىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى تىكەنلىكلەرنىڭ ئارىسىدا تومۇزغىلارنىڭ جىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسا، ئاندا ـ ساندا مىدىرلاپ قويىدىغان ئاتلارنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدا چېكەتكىلەر سەكرىشەتتى. كەچقۇرۇن دېڭىز تەرەپتىن كېلىدىغان شامال كۈچلۈك بولمىسىمۇ، كۈندۈزدىكىدىن خېلىلا پەرق قىلاتتى. پۇتۇن ئاۋازلار بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى ئېنىق ئايرىۋالغىلى بولىدىغان دەرىجىدە ئوچۇق ۋە يېقىملىق ئىدى.

قاتتىق چارچىغان يۇسۇپ پەيتۇننىڭ ئىشىكىدە مۇئەززەزنى قۇچاقلاپ، ئۇن ـ تىنسىز نېمىنىدۇر كۈتەتتى، مۇئەززەز ئېڭىكىنى ئاستاغىنا يۇسۇپنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئۇنىڭ تەر ۋە توپا ـ چاڭ پۇراپ تۇرغان چېچىنى پۇراپ ھاردۇقىنى چىقارغاچ كۆزلىرىنى ئالدى تەرەپكە تىكىپ ئەتراپىنى كۆزىتەتتى. ئۇ ئاي يورۇقىدا شىلدىرلىغان دەل ـ دەرەخلەرگە ۋە ئۇستىدە كۈمۈش رەڭلىك بېلىق قاسىراقلىرى لەيلەپ تۇرغان دېڭىزگە قارىۋىدى، كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. يەملىرىنى تۇگەتكەن ئاتلار ئىچى پۇشۇپ، باشلىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا چايقاپ، بېشىدىكى توربىلىرىنى ئېلىۋېتىشنى كۈتەتتى. يۇسۇپ:

— ماڭايلى، — دېدى ـ دە، ئاتلارنىڭ توربىلىرىنى ئېلىپ ھارۋىغا تاشلىغاندىن كېيىن پەيتۇننى قايتا قوشتى ۋە قامچىسىنى ئوينىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

مۇئەززەز يەنە ئۆز ئورنىغا — پەيتۇننىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا

بىرىپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى. ھارۋىغا سېلىنغان پالازنىڭ ئاستىغا قۇرۇق چۆپ يېيىشتىلغانىدى. بىر چەتتە ئىككى قاتلاقلىق بىر جۇپ كىگىز تۇراتتى. مۇئەززەز ئۇنى ئېلىپ ئاستىغا سالدى. ئاچچىق، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان بۇ كىگىزلەر ئاتلار تەرلىگەندە يېپىپ قويىدىغان يوپۇق ئىدى. مۇئەززەز بۇ كىگىزلەرنى تۇتۇپ نېرى - بېرى تارتقاندا كۆڭلىكى بىلەن قولىنىڭ مىچىلداپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى تەبىئىي بىلىندى. ئۇ سىرتقا قارىدى، ئەمدى ئاي سول تەرەپكە ئۆتكەن بولۇپ، يۇسۇپنىڭ تىزگىن تۇتقان قوللىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاتلارنىڭ جابدۇقلىرىغا مىخلانغان سېرىق مىس تۇگمىلەر قىممەتلىك زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىدەك يالتىرايتتى. پەيتۇنىنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. يۇسۇپ بېشىنى سەل ئوڭغا بۇرىغانىدى، چىرايى خېلىلا ئېنىق كۆرۈندى: قۇلىقى بىلەن چېچى قاراڭغۇدا قالغاندىن باشقا، سول مەڭزى بىلەن پېشانىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە قاڭشىرى ئاق نۇرغا چۆمۈلگەنىدى، ئۇچىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان قاشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس لىپىلدايتتى. مۇئەززەز ھېچقاچان يۇسۇپنى بۇنچىلىك گۈزەل كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ دەسلەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئېسەدەپ يىغلىغىلى تۇردى. قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالسا، كۆز ياشلىرى ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاقاتتى. مۇئەززەز يىغلىغانلىقىنى يۇسۇپكە كۆرسەتمەكچى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۆزىنى بەختلىك قىلىۋاتقان كىشىگە يىغىسىنى كۆرسىتىش توغرا ئەمەس - دە. بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

پەيتۇنىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ھەممە يەرنى بىر ئالدى، ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى بۇ نەغمە - ناۋاغا قوشۇلۇپ ئاللىقاياقلارغا كەتتى. مېڭىشى ئاستىلاپ قالغان ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى جابدۇقلىرى يالت - يۇلت قىلىپ كۆزنى

چاقنىتاتتى. ئۇچلىرىغا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان، كۆپكۆك دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان زەيتۇن كۆچەتلىرىنىڭ ئاستى تەرىپى قاراڭغۇ ئىدى، بەزىدە يەرلەردە يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن ئوقتەك تۇپتۇز نۇر دەستىسىنىڭ بىر ئۇچى يەردە بولسا، بىر ئۇچى كۆكتە تۇراتتى.

پەيتۇن تىكرەك بىر داۋاندىن ھالقىپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. دەسلەپ دېڭىز كۆرۈندى ۋە دېڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى قارىغايلار مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. يۈسۈپ ئۆزلىرىنىڭ قوزاق ياكى پەلتىكۆيى دېگەن يېزىلاردىن بىرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ قالغانلىقىنى پەملىدى. بىراق، مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى ۋە نەدە تۇرۇشنى بىلەلمىگەن يۈسۈپ ئارقىسىغا، پەيتۇننىڭ ئىچىگە قاراپ تەس ئاۋازدا:

— مۇئەززەز، يەنە ماڭامدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— مەن نەدىن بىلەي؟

— خالىساڭ مۇشۇ يەرگە چۈشەيلى ... تاڭ ئاتقاندا ئويلىشىپ كۆرەرمىز !

— ماقۇل.

يۈسۈپ ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى. سول تەرەپتە قېلىن قارىغايلىق دۆڭ بار ئىدى. ئوڭ تەرەپتە قارىغاي بىلەن ئورالغان بىر تۆپىلىك تۆۋەن تەرەپتىكى بىر كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى دېڭىزغىچە سوزۇلغانىدى. يۈسۈپ پەيتۇننى شۇ تەرەپكە، قارىغايلارنىڭ ئاستىدىكى تۈزلەڭلىككە ئايرىپ توختاتتى ۋە پەيتۇندىن ئاتلارنى بوشىتىپ ھەربىرىنى بىردىن قارىغايغا باغلىدى. يولنىڭ چېتىدىن بىرنەچچە يوغان تاشنى ئەكېلىپ پەيتۇن چاقىنىڭ ئالدىغا تىرەپ قويدى، ئاندىن پەيتۇننىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ:

— بۇ ياققا چىققىنا، مۇئەززەز، تاشقىرى سوغۇق ئەمەس ... مۇزلىمايسەن ! — دېدى.

بۇ ئاخشام كۈندۈزدىكىدەك چىدىغۇسىز ئىسسىق بولمىغىنى بىلەن ئانچە سالقىنمۇ ئەمەس ئىدى. قارىغايلارنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دېڭىز گويا توڭلاپ مۇز تۇتۇپ كەتكەندەك تىپتىنچ كۆرۈنەتتى.

مۇئەززەز پەيتۇندىن چۈشۈپ ئۇيقۇلۇقتىنمۇ ياكى قاراڭغۇدىن چىققانلىقى ئۈچۈنمۇ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلايتتى.

ئۇلار پۈتلىرى قارىغاينىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە تېيىلىپ ئاران دېگەندە بىر كۆتەكنىڭ يېنىغا كېلىشتى ـ دە، بىر ـ بىرىگە يانداشىپ ئولتۇرۇپ يىراقتىكى دېڭىزغا قاراشتى. ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپى دەل ـ دەرەخسىز بىپايان تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئۇپۇقتىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بايا ئۇلارنى چۆمكىۋالغان توپا ـ تۇمان، سامان، تېزەك ۋە ئاتنىڭ تەر پۇرىقى ئەمدى قارىغاينىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىرىغا ئورۇن بەرگەنىدى. بۇ پۇراقتىن قانغۇدەك بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، ئۇلار پۈتۈپ قالاي دېگەن دىماغلىرى بىلەن تولۇق ۋە چوڭقۇر نەپەس ئېلىشاتتى ۋە بىر ـ بىرلىرىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇشاتتى.

نامەلۇم بىر سەزگۈ بۇ مىنۇتلارنىڭ يەنە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئىككىسىگە بىردەكلا ئۇقتۇرۇۋاتاتتى ھەمدە بەختلىرىنىڭ كۆلەڭگۈسىز بولۇشى ئۈچۈن، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق باشقا بىر خىيالدا بولماسلىقى كېرەكلىكىنى ئۇلارغا ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. ئىككىلىسى يا بىر سائەت بۇرۇنقىنى، يا بىر سائەت كېيىنكىنى ئويلىمايتتى. پۈتۈن ھېسسىيات ۋە پۈتۈن ئوي ـ پىكىرلەردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە كىشىنى ئۆمرىدە پەقەت بىرنەچچە قېتىملا ئۆز ئىلكىگە ئالىدىغان تەبىئىي ۋە ھۆكۈمران ئورۇندىكى تۇيغۇ ھازىر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تىزگىنلىۋالغانىدى. دەل شۇ پەيتتە ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرمۇ، ئالدىدىكى دېڭىزمۇ بۇ كۆچكە ئىتائەت قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار جىمى قايغۇ ـ ھەسرەت،

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىچە ئىستەكلەردىن خالىي ئىدى. ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىچ پۇشۇقلىرىمۇ ئۇنتۇلغانىدى. بەختىنىڭ بۇ قەدەر ئوڭۇشلۇق قولغا كەلتۈرۈلۈشى ھەر ئىككىسىنىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك خۇشال بولۇشقانىدىكى، ھەتتا بىر ـ بىرىگە قىلىشىدىغان شىرىن سۆزلەرنىمۇ تاپالماي پەقەت چوڭقۇر ـ چوڭقۇر نەپەس ئىچىدە كۈلۈمسىرىشىپ بىر ھازاغىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشتى. كېيىن مۇئەززەز بېشىنى يۇسۇپنىڭ مۇرىسىگە قويدى ـ دە، ئۇيقۇغا كەتتى. يۇسۇپ ئۇنى كۆتۈرۈپ پەيتۇنغا ياتقۇزدى.

ئاتلار باغلاپ قويۇلغان دەرەخلەرگە باشلىرىنى سۈركەپ، ئاياغلىرى ئاستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قارىغاي يوپۇرماقلىرىنى غاچىرلىتىپ دەسسىگەنسېرى تۆۋەنگە سىيرىلاتتى.

يوغان ۋە ئېگىز قارىغايلارنىڭ ئۈستىدە شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بىر تىيىن شاختىن شاخقا سەكرەپ يۈرەتتى.

پەيتۇننىڭ ئوقى يېنىك ـ يېنىك سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ياشنىڭ نەپەسلىرى قۇرۇق چۆپ ۋە كىگىزنىڭ پۇراقلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## 1

مۇئەززەزنىڭ ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ مەلىھا يەۋاتقان ئۇزۇمنى تاشلاپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى ۋە شاھىنەدەگە يۈسۈپ كېلىپ مۇئەززەزنى چاقىرغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ بىللە كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

شاھىنە دەرھال سالاھىددىن بەيىنى ئىزدەپ بېرىشقا ئالدى ـ دە، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ۋاي ئاللا ... كەتمىسەم بولمايدۇ، بەي بىر نەرسە بولغان ئوخشايدۇ، يا رەببىم، ئۆزۈڭگە ئامانەت ! — دېگىنىچە ئالدىراشچىلىقتا پۈركەنجىسىنى ئېلىپ ماڭدى. بۇ مۇئەززەزنىڭ خەۋەر قىلمايلا كېتىپ قالغىنىدىن ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، «مېنى ئىشنى چوڭايتىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك» دەپ قارىدى. تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشكەندە بىر خىزمەتكار مۇئەززەزنىڭ پۈركەنجىسى بىلەن باش ياغلىقىنىڭ قېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا شاھىنە تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ قىز ساراڭ بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟ — دەپ تىپىرلاپ ئۆزىنى كاچاتلىدى.

بۇ ئەسنادا ئېتىنى چاپتۇرۇپ باغقا كىرگەن شاكىر يۈسۈپنىڭ بىر پەيتۇن بىلەن شەھەر ئىچى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. شاكىر پەيتۇندىكى مۇئەززەزنى كۆرمىگەنىدى. شاھىنە قىزنىڭ يۈزى ئوچۇق شەھەرگە كىرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر قورققىنىدىن

تىترەپ كەتتى. «يۈسۈپ پەيتۇن بىلەن كەپتىمىش، دېمەك، ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر، ئۇنداقتا ماڭا نېمىشقا خەۋەر قىلمايدۇ؟ يۈسۈپ مېنى ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىمامدۇ ـ نېمە؟ بۇ سەھرالىق يېتىمەك مېنى بۇ ئېسىلزادە يىگىتلىرىم ئالدىدا، بولۇپمۇ مۇشۇنداق مۇھىم بىر پەيتتە رەسۋا قىلىپ تاشلاپ كېتىشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلغاندۇ؟»

شاھىندە داچىنىڭ يېنىدىكى ئېغىلدا سامان ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان هارۋىكەشنى ئويغىتىپ هارۋىنى قوشتۇردى، رايون باشلىقىنىڭ خوتۇنىمۇ بىللە كەتمەكچى بولدى. بۇ هال قالغانلارنىڭ كەيپىنى بۇزدى. ئۈستى ئوچۇق يالغۇز ئاتلىق هارۋىنىڭ ئىچىگە بىر پالاز سېلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرپە، كۆرپىنىڭ ئۈستىگە گىلەم سېلىنغانىدى. شاھىندە، رايون باشلىقىنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ قىزى خىزمەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن هارۋىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقىشىپ كۆنلۈكلىرىنى ئاچتى، هارۋىغا قوشۇلغان بوز ئات ئۇلارنى ئۇچقاندەك ئېلىپ كەتتى.

شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى شاھىندەنىڭ ئەنسىزلىكى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەقلى يەتمەيتتى. بىرەر نەرسىنى پەرەزمۇ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىرلا قورقۇنچ بولغاچقا، ئۆيگە بارغاندا قانداق ئىشقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالاتتى. رايون باشلىقىنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى تۆۋەنكى بازاردا چۈشۈپ قېلىشتى. شاھىندە هاۋا رەڭ كۆنلۈكىنى يۈزىگە تۇتۇۋالغانىدى. چىغىر يولدا دەھشەتلىك تاراقلاپ كېتىۋاتقان دوغىسىز هارۋا قاتتىق سىلكىنىش ئىچىدە چايئىچى ۋە ھېيتگاھ مەيدانىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە يېتىپ كەلدى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يىغىپ هارۋىدىن ئۆزىلا سەكرەپ چۈشۈۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن شاھىندە هارۋىكەشنى كۈتۈپ تۇردى. هارۋىكەش ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ هارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى

باسقۇچلۇق تاش پەلەمپەيگە چىقىپ دەرۋازا ھالقىسىنى شىددەتلىك قاقتى.

ھويلىنىڭ ئىچىدىن سادا چىقمىدى. شاھىندە دەرۋازىنى قايتا ــ قايتا ئۇردى، يەنە جاۋاب يوق! ئىشىك ئېچىلمىدى. ئادەتتە خېلى بىر ئىشلارنى توغرا پەرەز قىلالايدىغان شاھىندە ھەم ئەندىشە، ھەم ھاياجان بىلەن، چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان قورقۇنچ ئىچىدە پۈت ـ قولى بوشىشىپلا كەتكەنىدى. دەرۋازا ئالدىدا ھېلى كوچىغا، ھېلى ئۆيىنىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇ ھېچ نەرسىگە كاللىسى ئىشلىمەي تاڭ قېتىپ قالدى.

ياشىنىپ قالغان رۇمەلىلىك خىزمەتكار بىر ھەپتىدىن بېرى كېلىنىنىڭ يېنىغا كېتىپ كەلمىگەن، بىراق كۇبرا بىلەن ئانىسى ئۆيدە بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ يۈسۈپ بىلەن مۇئەززەزمۇ ئۆيگە قايتىپ كەتكەنىدىغۇ؟ ئۇلار ئۆيگە كەلمىگەن بولسا، قەيەرگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟

شاھىندە دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى يەنە بىرنەچچە قېتىم قاتتىق ئۇردى. ئۇدۇلدىكى ئۆيلەردىن بىرىنىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ سائەتچى راقىم ئەپەندىنىڭ بېشى تېڭىقلىق، چىرايى سېرىق، ئاغرىقچان ئايالى كۆرۈندى.

ــ شاھىندە خېنىم، ئاۋارە بولۇپ ئىشىكنى ئۇرماڭ، ئۆيدە ھېچكىم يوق، ــ دېدى ئۇ.

شاھىندە ئۇنىڭدىن ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى نەدىن بىلىدىغانلىقىنى سورىمىدى، بىراق قوشنىسىنىڭ سۆزىنى زادىلا چۈشەنمىدى. پۈتۈن ئىشلارنى، مەھەللىسىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى دېرىزىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ كۆزىتىدىغان بۇ ئايالنىڭ دېگەنلىرى چوقۇم توغرا چىقاتتى. شۇڭا، شاھىندە ئاددىيلا قىلىپ:

ــ ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟ ــ دەپ سوراپ قويدى.

ــ كۇبرا بىلەن ئانىسى قولىلىرىدا بىردىن بوپا تۇتۇشۇپ كېتىشىۋاتاتتى. ئەمما، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم.

ــ قولىلىرىدا بىردىن بوپىسى بار دېدىڭىزما؟

— شۇنداق ... خۇددى ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغاندەك كېتىشتى !
شاھىندە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا يۈز ـ كۆزلىرىگە كاچاتلاشقا باشلىدى:
— ۋاي خالايىق، ۋاي مۇسۇلمانلار ! ئۆيۈمنى سۈپۈرۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ خانىم، ئۇلارنىڭ قولىدا سەدەپ بىلەن نەقىشلەنگەن بىرساندۇقچاق كۆردىڭىزمۇ؟
— قوشنام، ئۇنداق بىرنەرسە كۆرمىدىم، كىم بىلىدۇ، بوپىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ؟
— بىزنىڭ مۇئەززەز بىلەن يۈسۈپ كەلمىدىمۇ؟
— كەلمىدى، ئىككىسى بىللىمىدى؟ سىز قىزىڭىز بىلەن چىقىپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭىز؟
بۇ ئوتتۇرىدا مۇھىم بىر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن قولۇم ـ قوشنىلار دېرىزىلىرىنى ئېچىپ ئۆزئارا مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشتى. سائەتچىنىڭ ئايالى ھەيران بولۇپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. شاھىندەمۇ بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى:
— بىللە كەتكەن ... بىر يېقىنىمىزنىڭ بىغىغا بارغانىدۇق، يۈسۈپ بېرىپ قىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپتۇ، كەلسەم ئۆيدە يوق. دادىسىدىن ئەنسىرەپ بەك قورققانىدىم. بىراق، مەن ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن ... ئەمدى بالىلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن.
قوشنىلاردىن بىرى يۈزىدىن ـ يۈزىگىلا:
— قىزىڭىز كېتىدىغان چاغدا سىزنى خەۋەرلەندۈرمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، خەۋەر قىلمىدى. بۇلارنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، ھېچ چۈشەنمىدىم !
ھەرقانداق ئىشقا ئوڭايلا باھا بېرىۋېتىدىغان قولۇم ـ قوشنىلار بۇ قېتىم ئويلىنىپ بېقىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە ئىش بولغانلىقىنى تازا پەرەز قىلالماي، يەنە شاھىندەدىن بىرمۇنچە سوئال سوراشتى، پەرىشان بولۇپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com

ئايالنى بىر پەس ئەنسىرىتىپ تېخىمۇ قورقۇتتى.

ئاخىرىدا سورايدىغان سوئالمۇ قالمىدى بولغاي، شاھىندەنى كوچىدا تۇرغۇزىۋېرىشنى لايىق تاپمىغان سائەتچىنىڭ ئايالى:

— شاھىندە خېنىم! ئەمدى ئۇ يەردە نېمىشقا كۈتۈپ تۇرىسىز؟ كۈيرانىڭ ئانىسى ئاچقۇچنى دېرىزىنىڭ بىر يېرىگە قويۇپ قويغاندەك قىلىۋاتاتتى، قاراپ بېقىڭ، — دېدى.

شاھىندە ئۇدۇلىدىكى سېرىق چىراي قوشنىسىغا ھاڭۋېقىپ قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىق ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شاھىندەمۇ قىلىدىغان گەپ تاپالماي ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، ئاچقۇچنى تېپىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە ئىچكىرىگە كىرىپلا دالانىڭ بىر چېتىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئۇ چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەچكە، پۇركەنجىسىنى ئېلىۋەتتى. دالاندا ئالاھىدە ئەھۋال يوق ئىدى. كۈبرا بىلەن ئانىسىنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرى بىر بۇلۇڭغا يىغىپ قويۇلغان، ئۈستىگە ئادەتتىكىچە پالاز يېپىقلىق ئىدى. پەقەت بۇ ئورۇن ـ كۆرپىلەرنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان بوپىسىلا كۆرۈنمەيتتى. شاھىندە ئۇ ئايال بىلەن قىزىنىڭ بۇ ئۆيگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئۇنچە ئويلاپ كەتمىگىنىدەك، مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كېتىپ قالغانلىقلىرىنىمۇ ئۇنچە ئويلاپ ئولتۇرمىدى. چۈنكى، ئۇ ھازىر بەك قاتتىق چارچىغانىدى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا: «بۇ بالا مۇئەززەزنى قەيەرگىمۇ ئېلىپ كەتكەندۇ ـ ھە؟» دەپ قوياتتى. يەنە تۇرۇپلا: «ئەجەبا، بۇ خوتۇنلار ئۆيدىن بىرنەرسىلىرىمنى ئېلىپ كەتكەندىمۇ؟» دەپ قايغۇراتتى. مانا بۇ غەم ـ ئەندىشىلەر ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ نەرسىلىرىگە قاراتقۇزغۇچە يەنە دەرھاللا يوقاپ كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىنى قورۇق خىيال ئىگىلەيتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى شاھىندەنىڭ قورقۇنچى ئاشتى. سالاھىددىن بەي تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. بۇ ئاخشام يەنە كۈندىكىدەك كەچ قايتىدىغان بولسا، شاھىندەنىڭ تۈگەشكىنى

شۇ. ئۇ قوشنىلارنىڭ بىرەرىنىڭكىگە چىقىپ يېتىپ تۇرۇشنى ئويلىدى، لېكىن ئېرى كەلسە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدىغان ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ ـ دە. ھەرنېمە دېگەنبىلەن بۇ ئۆيگە كېلىدىغان كىشى ئۆيىنىڭ غوجايىنى ئەمەسمۇ؟ شاھىندە ئۇنى كوچىدا قالدۇرسا بولاتتىمۇ؟ كېيىن شاھىندە ئۆزىنىڭ بۇ غەم ـ قايغۇلىرى پەقەتلا سالاھىددىن بەيگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆزىگە مەدەت بېرەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىدە خېلى ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. شۇڭا، يەنىلا يۈرىكى دۈپۈلدەپ تۇرسىمۇ كۆزىنى ئىشىكتىن ئۈزمەي ئېرىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. گۇگۇم چۈشتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. شاھىندە پانارنى يېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ كوچا تەرەپتىكى ئۆيگە كىردى ـ يۇ، لېكىن بۇ ئۆيگە نېمىشقا كىرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ دېرىزىدىن كوچىغا قارىدى.

ھاۋا تىنجىق. كوچىلاردا ئادەملەر ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشاتتى. بەزىلىرىنىڭ قولتۇقىدا نان، بەزىلىرى قولىدىكى چىنىدە ئۈزۈم ۋارىنىسى كۆتۈرۈشۈپ ئۆيلىرىگە كېتىپ بېرىشاتتى. پېشانىسىنى دېرىزىنىڭ تۆمۈر سالاسۇنىغا تىرەپ تالانى كۆزىتىپ تۇرغان شاھىندە كوچىنىڭ بېشىغا قاراپ ئېرىنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. شۇ ئاندا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان، ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەقەت دەھشەتلىك قورقۇنچ، تۈگىمەس كۈتۈشلا بار ئىدى. ھەرقانداق بىر مەسىلىگە قارىتا چوڭقۇر باش قاتۇرۇش ئادىتى بولمىغان شاھىندە جاۋابكارلىقنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇش ئۈچۈنلا بىر ئادەم ئىزدەيتتى. ئۇ ھازىرمۇ سالاھىددىن بەينى پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق بىرەر ئىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

ئەتراپقا خېلى ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. قوللىرىدا تەسۋى تۇتقان، ياشانغان ئادەملەر خۇپتەن نامىزىدىن

يېنىشىۋاتاتتى. شاھىندە كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. مەھەللىدىكى بالىلاردىن بىرەرىنى سالاھىددىن بەينىڭ ئىدارىسىگە ئەۋەتىپ بېقىش ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمىدى.

شاھىندە قولىنى دېرىزىنىڭ چېتىگە قويۇپ غەم باسقان ھالدا بېشىنى بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى.

مانا شۇ چاغدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شاھىندە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تاشقىرىغا يۈگۈردى. سالاھىددىن بەي كەلگەنىدى. ئۇ ئايىغىنى يېشە ـ يەشمەيلا خوتۇنى ئۇنىڭغا ئېسىلدى:

— بەي، يۈسۈپ بىلەن مۇئەززەزنى كۆردىڭىزمۇ؟

— نېمە ئىش بولدى؟ يۈسۈپ بۈگۈن مېنىڭ يېنىمغا بارمىدى. مۇئەززەز ئۆيدە قالغان ئەمەسمىدى؟

— ۋاي ئاللا، بەي، بۇ پالاكەتنى كۆرۈڭ !

— زادى نېمە ئىش بولدى، مېنى ئەنسىرەتمىسەڭچۇ !

— بالىلار يوق، ھېلىقى ئايال بىلەن قىزىمۇ بوپىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېتىپ قاپتۇ !

— كۈبراچۇ؟

— ئىككىسى بىللىلا ... بىزگە گەپمۇ قىلماي كېتىشىپ قاپتۇ، كىم بىلىدۇ تېخى، ئۆيدىن بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدىمۇ؟ مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپتىمەن. نەرسە ـ كېرەكلەرگە قارىغۇچىلىكمۇ بولمىدىم. سىزنى كۈتۈپلا تۇراتتىم !

— يۈسۈپ نەدە؟ ... مۇئەززەزچۇ؟

— ۋاي، مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەنغۇ، سادىغاڭ كېتەي ... مۇئەززەز ئەسلىدە مەن بىلەن بىللە ئىدى ! ...

شاھىندە قىلىۋاتقان گېپىنى بىردىنلا توختىتىۋالدى. ئۇ بۈگۈن مۇئەززەزنى نەگە ئېلىپ بارغانلىقىنى سالاھىددىن بەيگە ئۇقتۇرماسلىق كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەررۇ بىرەر يالغاننى توقۇپ چىقىرالماي كېكەچلەپ قالغانىدى. خۇداغا

شۈكۈر، ھاكىم ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى ۋە خىلىغىچە خوتۇننىڭ گېپىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيمىغانىدى. بىر ھازادىن كېيىن:

— ھە، دېمەمسەن! — دېدى دالاندا ھاردۇق ئالغاچ گەپ تىڭشاۋاتقان سالاھىددىن بەي.

شاھىندە بوغۇق ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن نەدىن بىلەي، مۇئەززەز بىلەن جەننەتئايىغىدىكى بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدىم. يۇسۇپ بىر پەيتۇن بىلەن ئۇ يەرگە كېلىپ قىزنى ئېلىپ كېتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ مەن سىزنى ئاغرىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئۆيگە كەلسەم، ھېچكىم يوق، ھېلىقى خوتۇنلار ئاچقۇچنى دېرىزىگە قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ گەپلەردىن بىرەر جىددىي ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن ھاكىم:

— يۇسۇپ ھىلمى بەيلەرنىڭ بېغىغا قاچان بېرىپ مۇئەززەزنى ئېلىپ كېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

خوتۇنى دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— ناماز دىگەر ۋاقتى بىلەن ... — دېدى ۋە ئىنتايىن قورقىدىغان بىر ئىش بىلەن تۇتۇلۇپ قالغاچقا، يالۋۇرغان قىياپەتتە پەس ئاۋاز بىلەن، — ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە بارغانلىقىمىزنى نەدىن بىلدىڭىز، بەي؟ — دەپ سورىدى.

ھاكىم مۇرىلىرىنى قىسىپ قويدى، ئەسلىدە ئۇ بىلمەيتتى. بىراق، جەننەتئايىغى ... يۇسۇپ ... مۇئەززەز ... كۆبزا ... دېگەن ئىسىملار قۇلىقىغا كىرىش بىلەنلا بۈگۈن بارغان جاينىڭ ھىلمى بەيلەرنىڭ بېغى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئۇنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولغانىدى. خوتۇنىنىڭ بۇ سۆزى شۇنچىلىك تەبىئىي ئاڭلانغانىدىكى، ھاكىم خاپا بولۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، بىراق ئەندىشىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ:

— نەگە كېتىپتۇ؟ ... سەن نېمىشقا بىلمەيسەن ـ ھە! قانداق خوتۇنسەن؟ — دەپ زەردە قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ھاكىم خوتۇنىدىن قانائەتلەنگۈدەك بىرەر جاۋاب ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى، شاھىنىدە يىلك باسمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ سالاھىيىدىن بەيىنىڭ زېھنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھاكىم نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ جىمىپ قالدى. بۇ ئەسنادا ئۆيدىكى جىمجىتلىق ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى. ئالدىدا پەرىشان ھالدا تۇرغان خوتۇنىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆزىگە كۆرۈنمىدى. قاراڭغۇ دالانغا باغنىڭ ئىشىكى تەرەپتىن ئاينىڭ يورۇقى چۈشتى. دېمەك، ئاي خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، بالىلىرىدىن بولسا تېخىچە خەۋەر يوق.

ئۇ ئۇلار ئەمدى قايتىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن دېگەن ئېھتىمالنى ئويلىغاندا يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك ئازابلاندى. بۇ ئۆيدە ئۇلارسىز، ئالدىدا تۇرغان بۇ پور ۋە بىچارە مەخلۇق بىلەن يالغۇز قېلىش ئېھتىمالى ئۇنى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى:

— ئۇلار نەگىمۇ بارغاندۇ؟ ... نەدە تۇرغاندۇ؟ — ئۇ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى.

قورققىنىدىن تىترەپ تۇرغان خوتۇنى ئېسەدەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ۋاي، نېمە بىلەي.

ھاكىم ناھايىتى تېزلىكتە ئايغىنى كىيىپ تالاغا يۈگۈردى، قاراڭغۇ ۋە بۆزۆلۈپ كەتكەن پىيادىلەر يولىدا تاشلارغا پۈتلىشىپ دېگۈدەك يۈرۈپ، ھۆكۈمەت بىناسىغا كەلدى ـ دە، ۋاندارمىلارنى ساقچى ئىدارىسىگە يوللىۋېتىپ، مەخسۇس ئەترەت كوماندىرىنى چاقىرتتى.

## 2

شۇ كېچە يۈسۈپ بىلەن مۇئەززەزنى ئىزدەشكە چىققان ئالتە

ژاندارما شەھەردىن بىرەر يېرىم سائەت يىراقلىقتىكى يېزىلاردىن بىرىگە كېلىپ غىزالانغاندىن كېيىن، ئىككىسى مۇشۇ يېزىدا قالماقچى بولدى، قالغان تۆتى بىر قۇر چارلاش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چىقىشتى.

بۇرھانىيە تەرەپكە قاراپ ماڭغان بىر ژاندارما ئەدرەمىتكە يېرىم سائەت قالغان يەردىكى فىرەنكۆيى يېزىسىدا قونۇپ قېلىپ ئەتىسى چۈشكە يېقىن بۇرھانىيەگە كەلدى ۋە بىر مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قەھۋەچىدىن تۇنۇگۈن كەچكە يېقىن بىر پەيتۇننىڭ ئايۋالىق تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ئېتىنى ۋە ئۆزىنى چارچىتىشنى خالىمىغان ژاندارما قەھۋەخانىدا يېرىم سائەتچە دەم ئالدى ۋە يېنىدىكى سارايىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرنى چاقىرتىپ ئېتىنى سوۋۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا، ئۆتۈكىنى يېشىۋېتىپ پۇتلىرىنى تۈمۈر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە ئالدى ۋە ئەسنەك بېسىپ ئۈيقۇسى كەلگەنلىكىنى سەزگەندە، قەھۋەخانا غوجايىنىنىڭ خىزمەتكارىغا:

— ماڭ، بېرىپ ئېتىمنى ئەكەل! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ ئۆتۈكىنى كىيدى، ئېتىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ئېگەرنىڭ تۆشبېغىنى تارتتى ۋە تىزگىنىنى تۇتۇپ چەركەس ئېگىرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئادەتتە خېلىلا شاش بۇ ئاق بايتال ئىسسىقتا ياۋاشلاپ، بويىنىنى سوزۇپ چىغىر يولغا چۈشۈپ ماڭدى.

ئۇ شۇ كۈنى ناماز دىگەرگە يېقىن ئايۋالىققا يېتىپ باردى. ئۇ يولنىڭ يېرىمىغىچە ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ، قالغان يېرىمىدا مىلتىقنى گەجگىسىگە قويۇۋېلىپ ناخشا ئېيتىپ ماڭغانىدى.

ژاندارما بارغانلىكى يېزىسىدا كۆزەتچىلەردىن بىر جۇپ قىز - يىگىتنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپ قوياتتى، ئۇلاردىن ئېنىق جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، «ئەمدى ۋەزىپەمنى تۈگەتتىم، دەم ئېلىشقا ھەقلىقمەن» دەپ ئويلاپ، ئايۋالىق ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ دەم ئېلىشنى، ئاندىن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ

چىقىپ، رۇملۇقلاردىن تەركىب تاپقان بۇ شەھەرنىڭ چىرايلىق قىزلىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىلىشنى قارار قىلغانىدى.

بۇرھانىيەدىن چىقىپ دېڭىز تەرەپكە ماڭغان ژاندارما ئالدىغا ئۇچرىغان پەيتۇنغىمۇ دىققەت قىلمىدى. ئەسلىدە بۇ پەيتۇن كۆزگە ناھايىتى ئېنىق چېلىقىشى كېرەك ئىدى. پەيتۇن قۇرۇق بولۇپ، ئۇنى سېرىق كەمزۇل كىيگەن بىر دېھقان بالىسى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ دېھقان بالىسى پەيتۇننى ئىتتىك ھەيدىگەن پېتى ئەدرەمىتكە كېلىپ تۆۋەنكى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا بىر تاقىچىلىق دۇكىنىدىن بىر ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بارچە ۋارقىرىدى:

— ھارۋىدىن چۈش، ھارىمى! پەيتۇننى نەگە ئېلىپ قاچماقچىسەن؟

بالا دەرھال پەيتۇندىن چۈشۈپ، سەل ئەيمىنىپ تۇرسىمۇ ئىشەنچلىك ھالدا:

— پەيتۇن سىزنىڭمىدى؟ ئۇنداق بولسا ئېلىڭ. مەنمۇ ئىگىسىنى ئىزدەيتتىم، — دېگىنىچە كەمىرىدىن بىر كىچىك پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ ئىچىدىن بىر لىرانى چىقىرىپ، — يۈسۈپ ئاكام ئاز بولسىمۇ رازى بولسۇن دەپ ئەۋەتكەنىدى، — دەپ ئۇ كىشىگە ئۇزاتتى، ئاندىن، — رازى بولۇڭ! — دەپ مېڭىشىغا، ئىككى ژاندارما پەيدا بولدى - دە، ئۇنى تۇتۇپ ماڭدى.

ئۇ بىر دېھقان ئۈچۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولغان بۇ تۇتقۇنچىلىقتا كۈلۈمسىرەپلا قويدى، ھەتتا ھاكىمنىڭ ئالدىغا كىرگەندىمۇ ھودۇقماي:

— ژاندارمىلارنىڭ ئاۋارە بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بېگىم، ئۆزۈممۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىۋاتاتتىم! — دېدى.

سالاھىددىن بەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

بالا قوي كۆزلىرىنى ھاكىمغا تىكىپ:
— نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورامسىز؟ ... — دېدى، — مېنى يۈسۈپ ئاكام بىلەن قىزنىڭىز ئەۋەتتى.
— ئۇلار نېمە قىلىشىۋاتىدۇ؟
— بىزنىڭ ئىمام بۇگۈن ئەتىگەن ئۇلارنى نىكاھلاپ قويىدى. ئۇلار سىزگە سالام ئېيىتتى. مۇشۇ خەۋەرنى سىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم.
ھاكىم تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى، ئاستا - ئاستا چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ:
— يۈسۈپ بىزنىڭ قىزنى ئۆزىگە نىكاھلىتىۋالدىمۇ؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى.
— خۇدايىم مۇرادىغا يەتكۈزسۇن، بېگىم، قىزىڭىز باتۇر يىگىتنىڭ قولىغا چۈشتى.
— ئۇلار باشقا ھېچ نەرسە دېيىشمىدىمۇ؟
— ياق. ھېچ نەرسە دېيىشمىدى، سىزنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ مېنى ئەۋەتتى، پەيتۇنىمۇ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردىم.
— قايتىپ كەلمەمدىكەن؟
— قايتىدىغاندەك ئەمەسقۇ؟ ئۇنى خۇدايىم بىلىدۇ.
ئۇ ھاكىمنىڭ قەتئىي سوراپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئىسمىنىڭ ئىسمائىل ئىكەنلىكىنى ئاران دەپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قايسى يېزىدىن ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېيىتقىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئىككى - ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئۆز يېزىسىغا بارمايدىغانلىقى، بۇ يەردىن ھاۋراندىكى تاغىسىنىڭكىگە بېرىپ تۇرۇپ كېلىدىغانلىقى ۋە يۈسۈپ بىلەن مۇئەززەزنىڭ ئۇلارنىڭ يېزىسىدا ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالدى.
ھاكىم ئاخىر كۆڭلىگە يۈكلەن باشقا ئىشلاردىن يېنىپ ئىسمائىلنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى.
ئۇ ئەگەر ئۇلار ئەدرەمىتكە قايتمايدىغان بولسا، تۇزۇك كۈن ئالالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ھەر ئىككىلىسىنىڭمۇ قولىدىن ھېچ

ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى، يۈسۈپنىڭ يات ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ بۇ نىكاھقا قارشى ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ، «خۇدا ئۇرسۇن مۇسۇلمان بولماي كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش ئېغىر قەسەملەر بىلەن بالىنى ئىشەندۈردى؛ ئىككىسىنىڭ ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي كېتىپ ياخشى قىلغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزى بارسا ئۇلارنىڭ بىللە قايتىپ كەلمەي ئامالى يوقلۇقىنى ئىسمائىلغا ئېنىق ئېيتتى. ئىسمائىل بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە تازا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئىشقىلىپ بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچقانداق يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. بەستلىك ھاكىم ئاخىرىدا بالىلارنىڭ يېنىغا ئۆزى بارىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان بالا:

— بارساق بارايلى، ھاكىم بەي، بۇيرۇقىڭىزغا مەن تەييار، — دېدى.

سالاھىددىن بەي شۇئان بىر ھارۋا تەييارلاتقۇزدى ۋە ئۆيىگە ئۆزىنىڭ بالىلارنى ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى، شاھىنىدەنىڭ قوشنىلاردىن بىرەرىنى ھەمراھ قىلىپ يېتىپ تۇرۇشى ھەققىدە خەۋەر يوللىدى.

ئۇلار ئەزەن بىلەن تەڭ يولغا چىقىشتى.

ھاكىم بىلەن بالا تۈن يېرىمىدا قوزاق دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدىكى قارىغايلىق ئىچىدىكى تاختىچى يېزىسىغا كېلىشتى. ئىسمائىل ھارۋىنى ئىككى قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، ھارۋىدىن چۈشۈپ دەرۋازىنى قاقتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى بىر يىگىت چىقىپ، ئاتلارنى يېتىلەپ ھويلىغا ئەكىردى ۋە ھارۋىدىن چۈشكەن ھاكىمغا ئەيمىنىپ قارىدى.

— مېھمانلار يېتىپ قالدىمۇ؟ — سورىدى ئىسمائىل.

— ياتقان بولۇشى مۇمكىن.

— ئىشىكىنى قاق، يۈسۈپ ئاكام چىقسۇن، — دېدى بالا ۋە

دەرھال ئىككىنچى قەۋەتكە يۇگۇرگەن يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى، — ئاۋۋال بىزگە چىراغ ئەكېلىپ بەرگىن.

شۇ ھامان ئارقىغا يانغان يىگىت پەلەمپەيلەرنى قوش ئاتلاپ چۈشۈپ، ئايدىڭ ھويلىنىڭ نېرىقى بېشىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ چىراغ ئاچىقتى ـ دە، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ ئوچاق بېشىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ھاكىم بىلەن ئىسمايىل ئۆيگە كىرىشتى.

ئۆينىڭ بىر چېتىگە بورا بىلەن كىگىز سېلىپ قويۇلغانىدى. ئىسمائىل ئوچاقنىڭ يېنىغا يىغىپ قويۇلغان كۆرپىنى كىگىزنىڭ ئۈستىگە سېلىپ ھاكىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۆزى بولسا بورىنىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى. دەل شۇ چاغدا يۇسۇپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بەلكى ئۇلار تېخى ياتمىغان بولسا كېرەك. چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ ۋە جۇدەڭ كۆرۈنەتتى. ئۇ يۇگۇرۇپ بېرىپ دادىسىنىڭ قولىنى سۆيدى. ھاكىم ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، يۇسۇپ؟ — دېدى.

دادىسىنىڭ ئاۋازىدا نە بىر شىكايەت، نە بىر رەنجىش ئالامىتى يوق. پەقەت ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىلا بار ئىدى.

— بۇنىڭدىن باشقا چارە قالمىدى، دادا!

يۇسۇپنىڭ ئاۋازى تۈز، بىراق كەسكىن چىقتى. ئۇلار بىر پەس زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇشتى، بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭسىزمۇ بىر ـ بىرلىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

بورىنىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىسمائىل ئۇلار تەرەپكە قارىدى ۋە ھاكىمغا:

— ھېرىپ قالدىڭىز، بەي، ھاراق ئەكىرەيمۇ؟ — دېدى.

ھاكىم كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەكەلگىن، — دېدى.

سۈننىي مەزھىپىدىكى بۇ يېزىنىڭ ئادەملىرىنىڭ تولىمۇ سەمىمىي ۋە ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق مەمۇرىي خىزمىتى تونۇتقانىدى. ناھىيە ۋە يېزىلارنى تەكشۈرۈشكە ماڭغانلىرىدا ھاكىم مۇشۇ يېزىدا قونماي ئۆتمەيتتى. ئىسمائىل «ھاراق ئەكىرەيمۇ» دېگەن ئارىلىقتىچە ھاكىم ئۆزىنىڭ «قىزىل پاچاقلار» يېزىسىدا ئىكەنلىكىنى سەزمىگىنىگە ھەيران بولدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا، جۈرئەتلىك ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن تۇرقىدىنمۇ بۇنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ كىچىك بىر كومزەكتە ئېلىپ كېلىنگەن ھاراقنى ھېجىرغا قۇيۇپ ئىچتى، ئالدىغا قويۇلغان پىستىلەردىن ئاغزىغا سالدى. ھاراق ھاكىمنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەل يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە كۆزلىرىنى يۇسۇپكە تىكىپ:

— سىلەرنى ئەتە ئەدرەمتكە ئېلىپ كېتەي، — دېدى.

— ئەدرەمتتە نېمە قىلارمىز؟

— بۇ يەردە نېمە قىلماقچىسەن؟

— زەيتۇنلارنى ۋە ئېتىزدىكى بۇغدايىنى ساتقاندا ئون تۆت سېرىق لىرا بولغانىدى، بىرىنى ئەدرەمتتە ھارۋىكەشكە بەردىم، بىرىنى بۇ يەردە پارچىلىدىم. قولۇمدا ھازىر ئون ئىككى لىرا قالدى. ئايۋالىقتا بېرىپ بىر ئاتلىق ھارۋا سېتىۋېلىپ ئىشلىمەكچىمەن. پايدا كۆرۈپ قالسام، ئاتلارنى جۈپ قىلىۋالارمەن، بەلكى ھارۋىنى پەيتۇنغا ئالماشتۇرۇۋېلىشىم مۇمكىن.

— قاملاشمىغان گەپنى قىلما، مۇئەززەز مۇنداق تۇرمۇشقا كۆنمەيدۇ، كىچىككىنە بىر قىزنى كىمگە تاشلاپ ئىشقا كېتىسەن؟ ئايۋالىقتا ساڭا كىم نان بېرىدۇ؟ ئۇ شەھەردە مۇسۇلمانىنىڭ قورسىقى تويغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— دىكىلىگە ياكى ئىزمىرغا كېتىمىز ... ھېچ بولمىغاندا بالكەسىرگە بولسىمۇ كېتىمىز!

سالاھىددىن بەي ئىككىنچى قەدەھنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى - دە، ھۆزۈرلانغان ھالدا ئارقىسىغا يۆلىنىپ، يۈسۈپكە:

— ئەدرەمىت ساڭا نېمە قىلدى؟ ئۇنداق قىلماي قايتىپ كەتكىن. ئەدرەمىتكە بارساڭ ساڭا پەيتۇن ئېلىپ بېرىمەن، ھەتتا خىزمەتمۇ تېپىپ بېرىمەن، — دېدى.

يۈسۈپ جاۋاب بەرمەكچى بولۇۋىدى، سالاھىددىن بەي قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭغا سۆزلەشكە پۇرسەت بەرمەي:

— گېپىڭنى قوي ! — دېدى ۋە بويىنىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ، — مېنى بۇ يەرگە خۇشاللىقىدىن كەلدى دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە قانداقمۇ كۆڭلۈڭلار ئۇنىغاندۇ؟ قىزىمنى ۋە سېنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. مېنى شاھىندەنىڭ قولىغا تاشلاپ قانداق كېتىسىلەر؟ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا سىلەردىن باشقا مېنىڭ كىمىم بار؟ ئەگەر كېتىشنى زادىلا خالىمىساڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا قالاي، تاپقان - تەرگىنىڭ بىلەن ھەم مېنى باق، ھەم ئۆيۈڭنى تۇت ! ...

يۈسۈپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ھاكىمنىڭ چاقچاق قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، بۇ سۆزنىڭ كەيپچىلىكتە ئېيتىلىۋاتقان سۆز ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنەتتى.

يۈسۈپ ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلالايدىغان ئەركىن دۇنياغا چىقىپ قالسىمۇ، بۇ ئادەمنى قىزىدىن ئايرىۋېتىشكە ھەققىي يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغان بىر ئويىنى ئاخىر دەۋەتتى:

— ئەدرەمىتكە قايتىپ بارساق، كىشىلەر بىزگە قانداق قاراشتا بولار؟

— قانداق قاراشتا بولماقچى؟ سىلەر نىكاھ قىلدۇرۇپسىلەرغۇ؟ بۇ ئەيىبمۇ ياكى گۇناھمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن رازى بولغان تۇرسام، باشقىلار نېمە دېيەلەيتتى !

— سىز قانداق دېسىڭىز شۇنداق بولسۇن، — دېدى يۈسۈپ.

سالاھىددىن بەي مۇشۇنداق جاۋابنى كۈتكەندەك ئۇنىڭغا

قاربدى ۋە يەنە بىر قەدەم ھاراقنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ تىلى كالۋالاشقان ھالدا:

— بولدى، بولدى، ئەمدى بېرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، — دېدى، — مەنمۇ چارچاپ كەتتىم، مېنى ئەتىگەنرەك ئويغىتىۋېتىڭلار.

يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇستۇنكى قەۋەتتە مۇئەززەز ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئۇخلاۋاتاتتى. يۇسۇپ يېشىنمەيلا مۇئەززەزنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇردى. دېرىزىنىڭ سالاسۇنىدىن چۈشكەن ئاي شولىسى قىزنىڭ ياتقان ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يۇسۇپ ئاستا سۇرۇلۇۋاتقان ئايغا ۋە كۆلەڭگۈلەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

ئىسمائىل تۆۋەنكى قەۋەتتە ھاكىمغا ئورۇن تەييارلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

سالاھىددىن بەيمۇ يېشىنمەيلا ئورۇننىڭ ئۇستىدە ياتتى ۋە ئۆچۈپ قالاي دېگەن چىراغنىڭ گۈڭگا يورۇقىدا غۇۋا قىزغۇچ كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاراق قاچىسىغا تىكىلىپ قاربدى. خىياللىرى ناھايىتى چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان ئىدى. نېمە ئويلاپ، نېمە قويۇشنى ئۆزىمۇ بىلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئەنە شۇ چىگىچ خىيال دېڭىزى ئىچىدە خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

## 3

تۇرمۇش سالاھىددىن بەينىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تېز ئەسلىگە كەلدى. ھاكىم ئەدرەمىتكە قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن يېقىن ئەل - ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ ئۆيىدە توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. يۇقىرىقى قەۋەتتە ئاياللار كۆڭۈل ئېچىشتى، تۆۋەنكى قەۋەتتە ئەرلەر توي ھارىقى ئىچىشتى. يۇسۇپنىڭ يۇقىرىقى قەۋەتتىكى دېرىزىلىرى كوچىغا قارايدىغان بۇرۇنقى ھۇجرىسى ھېلىمۇ قىز بىلەن يىگىتنىڭ يېڭى ھۇجرىسى قىلىپ

تەييارلانغانىدى. بۇ ھۇجرا ھال ئەتلەستىن تىكىلگەن يوتقان ـ كۆرپىلەر ۋە كالۇۋتۇن يىپ بىلەن ئىشلەنگەن ياستۇقلار بىلەن بېزەلگەن، دېرىزە پەردىلىرى زەر يىپتىن ئۆرۈلگەن لېنتىلار بىلەن باغلانغانىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان بۇلۇڭ ئۇستەلگە ئەينەك، ئۇستەل سائىتى ۋە ئىككى دانە ئۇستەل چىرىغى قويۇلغانىدى.

يۇسۇپ بېشىدىكى پاپاخىنىڭ ئورنىغا قىزىل قالپاق، پۇتىدىكى قونچلۇق ئۆتۈكنىڭ ئورنىغا بەتىنكە، ئەت رەڭ شىمنىڭ ئورنىغا قارا كۆك سارجا شىم كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقى خۇددى ئەپەندىلەرگە ئوخشىشاتتى.

شاھىندە زادىلا ئويلاپ باقمىغان، ئۆزى ئۇچۇن كېلىشمەسلىك ھېسابلىنىدىغان بۇ ئىشقا قورققىنىدىنلا ئۇندىمەيتتى، قىزى بىلەن كۈيئوغلىغا ئانچە گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۆيدە بولىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. يۇسۇپنىڭمۇ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمىگىنىگە ئانچە كۆڭلى يېرىم بولۇپ كەتمەيتتى. قېرىغانسېرى ياسانچۇق بولۇپ كېتىۋاتقان، چېچىنى بوياپ، قاش ـ قاپاقلىرىغا بولۇشىغا سۈرمە تارتىپ يېقىن دوستلىرى ئارىسىدىمۇ بارغانسېرى سۆز ـ چۆچەككە قېلىۋاتقان بۇ ئايال بۇ ئۆيگە زادىلا يولىمىغان بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولغان بولار ئىدى.

يۇسۇپ بەزى ئاخشاملىرى قوللىرىدىكى بىلەزۈكلىرىنى شاراقشىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن شاھىندەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئوغىسى قايناپ، مۇئەززەزنى يېنىغا چاقىرىۋالاتتى ـ دە، تۆۋەنگە چۈشۈرمەيتتى.

يۇسۇپ دادىسىنى دېمەيدىغان بولسا، بۇ ئۆيدە بىر مىنۇتمۇ تۇرمايتتى. ئۇ ھەرقانداق قىلىسىمۇ بىر ئۆينى باقالايتتى. بىراق، يېزىدىكى ھېلىقى كېچىدە دادىسىغا بولغان ھېسداشلىقىلا ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى.

يۇسۇپ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىشسىز ئىدى. خامان ئېلىنىپ بولغاچقا، ئېتىز ـ ئېرىقتا بېرىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ

بەزى كۆنلىرى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيدىن چىقمايتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا بىر دەم كەشتە تىكىۋاتقان مۇئەززەزگە قاراپ ئولتۇرسا، بىر دەم دادىسىنىڭ كىتابلىرىنى ئاختۇرۇپ دېگەندەك كۈننى ئۆتكۈزەتتى.

يۈسۈپ ئۆيدە خوتۇنى بىلەن مانا شۇنداق يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا ئارىلاپ كۈبرانى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇ تۇرمۇشقا قەدەم قويغان كۈندىن ئېتىبارەن، بۇ ئۆيدىن تۇيۇقسىز ئايرىلغان ئانا ـ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغانىدى. چىرايى سېرىق، قاراشلىرى مىسكىن بۇ قىز توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىگەن يۈسۈپ ئۇنى ھەربىر ئەسلىگىنىدە بىر قېتىم كۆڭلى يېرىم بولاتتى ۋە يېشىلمىگەن بىر تۇگۈننىڭ كەينىدە ئىزدىنىۋاتقان مېڭىسىنىڭ چارچىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

كۈبرا بىلەن جەزمەن قايتا ئۇچرىشىپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى ئۇنى چۆچۈتەتتى ۋە ئويغا سالاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە كۈبرا خۇددى چالا قالغان ئىشنى پۈتكۈزۈۋېتىشنى لازىم تاپقاندەك ھامان بىر كۈنى مەيلى قەيەردە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدىغاندەك تۇراتتى.

بۇنداق خىياللار گەرچە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، قانداقتۇر يۈسۈپ ئۆزىنى بۇ خىياللاردىن خالىي قىلالمايتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپلا قالاتتى. مۇئەززەز يۈسۈپنى مانا شۇ ھالەتتە كۆرگەندە گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇراتتى ـ دە، ئېرىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارايتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى. ئۇ تېخىچە قەلبىنى ياخشى چۈشىنەلمەيۋاتقان بۇ يىگىتكە ئۆلگۈدەك ئاشىق ئىدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى چۆگۈلمىچى بار يەردىن گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان رەتلىك ۋە ئۆزىگە يارىشىملىق چاچلىرى مۇئەززەزدە ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈۋېلىش ھەۋىسىنى قوزغايتتى. يىگىتنىڭ ئانچە كەڭ

بولمىغان ۋە ئازراق قورۇق چۈشكەن پېشانىسى، ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى دائىم چىڭ يۇمۇقلۇق لەۋلىرى مۇئەززەزدە قورقۇنچ پەيدا قىلاتتى. شۇڭلاشقا بۇ ياش ئايال بىرنەچچە قېتىم سەۋەبسىز لا يىغلامسىراپ ئېرىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۇنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتكەنىدى.

يۈسۈپ شۇنداق چاغلاردا ئۆزىگە خاس بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم بىلەن ئۇنى ئەركىلىتىپ ۋە خۇددى دەيدىغان گېپى باردەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ قوياتتى.

شۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە مۇئەززەز ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— يۈسۈپ ! ... يۈسۈپ ... مەن سىزدىن قورقۇۋاتىمەن ! — دەپ پىچىرلىدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىگىتى بىردىنلا ھۇرپەيدى ۋە خوتۇنىنىڭ مۇرىسىنى سىلكىپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى.

قاپاقلىرى كېپىنەكنىڭ قانىتىدەك لىپىلداپ تۇرغان كۆزلەر، ئازراق تۈۋەنگە ساڭگىلاپ تىترەپ تۇرغان لەۋلەر ۋە گۈلدەك ساپ چىراي ئۇنىڭغا بىر قايغۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ نامەلۇم بىر يەردىن بەختسىزلىك كېلىدىغاندەك ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ قاتتىق قۇچاقلىدى. كۆكسىدە ئۆكسۈپ تۇرغان بىر باش ۋە قۇچىقىدا تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇد يۈسۈپنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئۆيىنىڭ قاراڭغۇ تېمىغا تىكىلگىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

چۈشىنىپ بولمايدىغان بۇ قورقۇنچلۇق كېچە ئۇنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمايتتى. بۇ قاراڭغۇلۇق ئۇنى تېخىمۇ سۆزلىمەيدىغان قىلىپ قويغانىدى. ھالبۇكى، نارەسىدە قىزلاردەك ئۇيقۇسىغا قېنىپ سەھەردە ئويغانغان مۇئەززەز غۇبارسىز تەبەسسۇم بىلەن يىگىتكە قارايتتى ۋە ئۆينىڭ ئىچىدە پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئۇنىڭ كۆڭ بويى تىنىم تاپماي بىر دەم باغدا، بىر دەم ئۆينىڭ ئىچىدە ئالدىراشلىق بىلەن ئىشلەپ يۈرگەنلىكى يۈسۈپنىڭ

دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. بۇ ئۆيدە ئۆزىنىڭ بىر ئايال كىشى سۈپىتىدە تۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان مۇئەززەز بارغانسېرى ئالجىپ كېتىۋاتقان رومەللىك خىزمەتكارغا ئادەتتە ئىش تەقسىم قىلىپ بەرمەيتتى، تاماق ئېتىش ۋە كىر - قات يۇيۇشتىن تارتىپ ھەممە ئىشنى ئۆز قولىغا ئالغانىدى.

ئۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ بىلەكلىرى ۋە مەيدىسى ئوچۇق كېچىلىك ئاق كۆڭلىكى بىلەن تۆۋەنگە چۈشەتتى ــ دە، يۇسۇپكە مېۋە سۈيى، ئىرىمچىك ۋە ئۆي نېنىدىن ئىبارەت ناشتىلىق چاي تەييارلايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا تاشلانغان ئىككى ئۆرۈم قوڭۇر چېچى يوگورگەندە ئىككى تەرەپكە پۇلاڭشىپ تۇراتتى، دىقماق پۇتلىرى پۇتىغا سەل چوڭ كېلىپ قالغان ئۆكچىسىز كەشىنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە كۆرۈنەتتى، كېچىلىك كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدىن پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مۇئەززەز ئۆينىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىغا بويلاپ قويۇلغان كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە داستىخان سېلىپ ئۈستىگە مىس پەتنۇسقا قويۇلغان تائامنى قويۇپ يۇسۇپنى چاقىراتتى. ئىككىسى يانمۇيان ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشاتتى.

يۇسۇپ بۇ ئەسنادا خوتۇنىغا سىنچىلاپ قارايتتى. مۇئەززەز ئىنچىكە ئاپپاق قوللىرى بىلەن نانni ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ يېرىمىنى ئېرىگە سۇنۇپ، يېرىمىنى ئۆزى يەيتتى. بەزىدە كەشىنى سېلىۋېتىپ بارماقلىرىنى ئوينىتىپ ئولتۇراتتى. يۇسۇپ ئۇنىڭ ئىنچىكە ۋە ئاق سېرىق پۇتلىرىغا تىكىلىپ قاراپ قالاتتى ــ دە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەر تۈرلۈك قاتتىق ـ يىرىك ئىشلارغا يوگورگەن بۇ پۇتنىڭ بىر تال مويىمۇ چۈشمەي، ئېنىق پېتى، سىلىق ۋە نازۇك تۇرغىنىغا ھەيران بولاتتى.

يارەببىم، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل قىز ـ ھە!

ئايال كىشى ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىسى بولمىغان بۇ يىگىت ئۆز ئايالىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ھېسابلايتتى ۋە ئۇنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرەتتى، قەلبىدە كۈندىن ـ كۈنگە

كۆچىيىپ كېتىۋاتقان مۇھەببەتنى ئۇنىڭغا خۇدادىن كەلگەن بىر مۆجىزىگە ئوخشىتىپ ئىزھار قىلاتتى. پۈتۈن ئۆي - پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرىنى مۇشۇ ھەل قىلغۇچ نۇقتا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشى كېرەكتەك ھېس قىلاتتى، ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇئەززەزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي ئۆتكەن ھاياتىنىڭ مۇئەززەزسىز بىر ھېكمەتتى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى، ئۇنى قولىدىن چىقىرىپ قويۇش خەۋپى كۆرۈلگەن ۋاقىتلارنى، ھەتتا ئۇنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرغان كۈنلەرنى، ئېسىگە ئالغىنىدا چۆچۈپ كېتەتتى، «نېمىشقا شۇنداق قىلغان بولغىيدىم - ھە!» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى.

مۇئەززەزمۇ يۈسۈپنى دەل شۇنداق ھېسسىياتلار ئىچىدە ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ يۈسۈپنى ياخشى كۆرۈشىدىكى ئاساسلىق ئامىل — يۈسۈپنىڭ ئۆزىگە «ئېھتىياجلىق» ئادەم بولۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭسىز ھاياتىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىدى.

ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلىش، بىر - بىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى سەزمىگەن بولسىيدى، ئۆزلىرىنىڭ بەلكى بۇگۈنكىدەك، بىر - بىرلىرى ئۈچۈن شۇنچە قەدىرلىك ئىكەنلىكلىرىنىمۇ بىلىشمىگەن، بىر - بىرىگە بۇنچىۋالا ئىجىل بولۇپ كەتمىگەن، ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا توي قىلىش دېگەن قارارغا كېلىشىنىمۇ ئويلىمىغان بولاتتى، شۇڭلاشقىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئەڭ ئاخىرقى چارىگە مۇراجىئەت قىلغانىدى.

بەللە بولۇش تەبىئىي، چۈشىنىشلىك ۋە ئەڭ ئاددىي بىر ئىش بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئۆزئارا قىلىشىدىغان پاراڭمۇ بولمايتتى. ئۇلار كۈن بويى بىر - بىرىگە بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئارتۇق گەپ - سۆز قىلىشمايتتى. جۇمە

كۆڭلىرى ئىككىيلەن بىرەر يېقىن دوستىنىڭكىگە بېرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئەرلەر ئايرىم، ئاياللار ئايرىم كۆڭۈل ئېچىشىپ ئولتۇرۇشقاندىلا، يۈسۈپ بىلەن مۇئەززەز ئايرىم ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. مۇنداق ئولتۇرۇشلاردا مۇئەززەز بولۇنغان گەپلەرگە ئانچىكى كۆڭۈل بۆلمەي، مۇسىرەپلا قوياتتى، يۈسۈپ بولسا باشقىلارنى خىجىل قىلىپ قويغۇدەك دەرىجىدە تۈتۈلۈپ ئولتۇراتتى.

مۇنداق ۋاقىتلاردا چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان بىر خىل ئىنتىزارلىق ئۇلارنى بىر - بىرىگە مەپتۇن قىلاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ ئەتراپىغا قارىشاتتى، شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يۈرەك سۆزلىرى يىغىلىپ قالغاندەك قىلىپ كېتىشەتتى. ھالبۇكى، بىر - بىرىنىڭ ۋەسلىگە يېتىشكەنلىرىدە قىلىشىدىغان گېپىنى تاپالماي يەنە بۇرۇنقى پەيدە سۈكۈت قىلىشنى داۋاملاشتۇراتتى. يانمۇيان ئولتۇرۇشۇپ ياكى دەرەخ تۈۋلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بىللە بولۇشنىڭ تەرىپلەش تەس بولغان بەخت - سائادەتلىرىنىڭ لەززىتىنى تېتىشاتتى.

پاراڭ سېلىشىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

سورۇندا بولۇۋاتقان پۈتۈن چىرايلىق گەپلەردىن ۋە خۇشال - خۇرام ئادەملەردىن يىراق قېچىپ جىممىدە بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ھۇزۇر ئەمەسمۇ.

ئۇلار شۇنداق چاغلاردا بىر - بىرىگە قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ شۇنچىلىك غەيرىي ۋە مەنىسىز ئادەملەر ئىكەنلىكلىرىنى ھېس قىلىشاتتى، ھېسسىياتلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە باشقا - باشقا مۇھىتتا تۇرۇۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ يالغۇزلۇق تارتىۋاتقانلىقلىرىنى بىر - بىرىگە دېيەلمىسىمۇ كۆڭۈللىرىدە بىلىشەتتى ۋە بۇ ھالەتنىڭ يەنە قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، باشلىرى



www.uyghurkitap.com

قېتىپ كېتەتتى. قانداقتۇر بىر نامەلۇم تۇيغۇ ئۇلارغا ھاياتنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ۋە ئورتاق ئىقىمىدىن ئايرىلىشنىڭ دەھشىتىنى پىچىرلايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەممىدىن ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ ئۆز ئالدىغا ياشىغان ۋاقىتلىرىدىلا خۇشال بولۇشاتتى. ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئالدىنئالا بىر ۋەھىمە ئاستىدا يۈرەكلىرى ئېزىلەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى.

يۇسۇپكە ياشانغان كىشىلەرنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى كۈلكىلىك ۋە مەنىسىز، ياشلارنىڭ بىكار يۈرۈشلىرى بولسا غەيرىي تۇيۇلاتتى. ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرگەنلەرنى ياكى پىچاق ئويۇنلىرىنى كۆرگەندە ھۇزۇر ھېس قىلمايتتى. ئۇ «ئاتمىش ئالتە» ۋە «تاۋلا» ئويۇنلىرىنى بولسا، نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا ئوينىمايتتى.

مۇئەززەز بىر چاغلاردا ئۆزىنى مەلىكە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئىشلار ئىكەنلىكىنى سېزەتتى. بەزىدە دوستلىرى ئۇنىڭ يېنىدا چۇۋۇرلىشىپ كېتەتتى:

— راسمەنىڭ تويى نېمىشقا ئەتىيازغا قاپتۇ؟

— لايىقىنىڭ بۇزۇقلاردىن يېگەن تايىقىنىڭ جاراھىتى ساقايمىغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا كېيىنكىگە قاپتۇ! ...

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا مۇئەززەز بىئارام بولۇپ ئۈستت ـ ئۈستىگە «ئۇھ» تارتىپ كېتەتتى. قوڭغۇراقلىق داپقا تەڭكەش قىلىپ ئىنچىكە ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار ۋە كۈندە بەش ـ ئون قېتىم چېلىنىپ تۇرىدىغان خەلق مۇزىكىلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى زادىلا ئاچالمايتتى.

يۇسۇپ بىلەن مۇئەززەزنىڭ تۇرمۇشقا بىردىنبىر ئارزۇسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماسلىق ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇلار ھازىرغىچە ئايرىلىپ باقمىدى.

# 4

بىراق بۇ ھال قاچانغىچە داۋام قىلىشى مۇمكىن؟ ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئاغرىق دادىسىنىڭ نېنىنى قاچانغىچە يېيىشەر؟ شاھىنىدەنىڭ بارغانسېرى يىلاننىڭكىگە ئوخشاش پارقىراشقا باشلىغان كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر قامچىسى يۇسۇپنىڭ ئۇچىسىدىن نېرى بولىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ كېيىنكى ئايلاردا توختىماي مېڭىسىنى چۇلغىۋالغان، شۇنداقلا ھەل قىلىش تەس بولۇۋاتقان بۇ سوئاللار ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. كۆچمەندەك تۇرمۇش كەچۈرۈش نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ـ ھە؟ شاھىنىدەگە ئوخشاش ئاياللارنىڭ «ئۆيدە قوزۇقتەك ئولتۇرۇۋېلىپ مېنىڭ رىزقىمغا شېرىك بولۇۋاتىسەنغۇ!» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

يۇسۇپ ھاياتىدا ئۆز ـ ئۆزىدىن گۇمانلانغان ئەمەس. ئۇ دۇنيادا، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغاندەك ئۆزىگە تەمەنىنا قوياتتى، كېلەچەك ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان نەرسە پەقەت ئۇنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشى ئىدى. بۇنداق تۇرمۇش داۋاملىشىۋەرسە يۇسۇپنىڭ ئىززەت ـ نەپسى دەپسەندە بولاتتى. ئۇ بارغانسېرى گۇمانخور بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن نېمىشقا يارىماس ئادەم بولۇپ قالدىم» دېگەن سوئالنى قوياتتى، بىراق، ئۇنىڭغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋابمۇ تاپالمايتتى.

ئۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ئادەمنىڭ، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ئۆزى تېخىچە بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمىغانىدى.

بۇلارنى تەھلىل قىلغۇدەك سەۋىيەسى بولمىغاچقا، ئۇ ئۆز

ئورنىنى تاپالماسلىقىنىڭ ئازابىنى ھەر تەرەپتىن تارتىۋاتاتتى. يۈسۈپتىكى بۇ ھېسسىيات ھەرقانداق بىر ئىشسىزلىقنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن زېرىكىشلىكىگە ۋە ئەندىشىسىگە ئوخشاشمايتتى، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان تۇرۇپمۇ ئىش تاپالماسلىق ... ئاخىرىدا چېكى يوق بىر سەۋرچانلىق بىلەن «ئۈزۈم پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ يېتىش ... مانا بۇلارنى خۇددى تومان ئىچىدە قالغان دەرەخلەرگە ئوخشاش غۇۋا ھېس قىلىش ... ئۇزۇن زامان چىدىغىلى بولمايدىغان ئىشلار ئىدى.

سالاھىددىن بەيمۇ يۈسۈپنىڭ قانچىلىك كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى ۋە بۇنىڭ مەلۇم سەۋەبلىرىنى بىلەتتى. ئۇ سۈنئىيلەر يېزىسىدا يۈسۈپكە بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن قوش ئاتلىق پەيتۇن سېتىۋالماقچى بولدى. بىراق، قىزىنى بىر ھارۋىكەشنىڭ خوتۇنى قىلىش شاھىنىدەنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ئانچە مۇۋاپىق كۆرمىدى. ئۇ ئۆينى ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان، دادىسىنى ئىشىكتە كۈلۈپ قارشى ئالىدىغان، دادىسىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاپ تۇرىدىغان، زىلۋا بوي، سۆزۈك چىراي بۇ قىزنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىپ قويۇپ ئاندىن ئۇ دۇنياغا ئارمانسىز كېتىشنى ئويلايتتى. شۇڭلاشقا، يۈسۈپنى ھارۋىكەش قىلىش تۇرماق، بىرەر ئاددىي ئىشقا سېلىشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە ئىشسىز تۇرۇۋېرىشىنىمۇ توغرا تاپمىغان ھاكىم ئاخىر ئۇنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەھرىرات بۆلۈمىگە كاتىپلىققا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنى دەسلەپتە مولازىمەتچى سۈپىتىدە تەيىنلەنگەن بۇ خىزمەتتىن ئاستا ـ ئاستا ئۆستۈرۈپ قويۇشنى ئويلىدى. يۈسۈپكە خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكىنى پۈتۈن رەسمىيەتلەر ئۆتۈلۈپ بولۇپ، بالىكەسىردىكى يۇقىرى ئورۇندىن تەستىقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇقتۇردى. يۈسۈپ بۇ خەۋەردىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

دادىسىنىڭ چاقچاق قىلمايدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە، ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى.

يۈسۈپ بۇنىڭ ئۇچۇن ھاكىمغا رەھمەت ئېيتىشنى لازىم ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بىرىنچى قىلغان سۆزى:

— مېنىڭ سەۋىيەم تۆۋەن تۇرسا، نېمىشقا بۇنداق ئورۇنلاشتۇردىڭىز؟ — دېيىش بولدى.

دادىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— بىلگەنلىرىڭ يېتىدۇ، كەم يەرلىرىنى شۇ يەردە تولۇقلىۋالارسەن ! — دېدى.

— دادا، ئۆزىڭىز بىلىڭ، مەنغۇ غەيرەت قىلارمەن، بىراق ...

— خەت - ساۋاتىڭ بولغاندىن كېيىن، دەسلەپتە مەن ئېيتىپ بەرگەننى يازسەن، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ كېتىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تەھرىرات بۆلۈمىدىكىلەر ياخشى ئادەملەر، ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

يۈسۈپ گەپ قىلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوقتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن، مۇرەككەپ ئىشلارمۇ ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇشتىن ئوڭاي ئىدى. مۇئەززەز ئېرىنىڭ ھۆكۈمەت ئورنىغا خىزمەتكە كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى، يۈسۈپنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— خىزمەتكە قاچان چۈشىسىز؟ ... كىمنىڭ يېنىدا ئىشلەيسىز؟ ... ئايلىقىڭىز قانچە بولىدىكەن؟ ... پاھ، يېنىڭىزغا بىرىپ خەت يېزىۋاتقىنىڭىزنى كۆرسەم ! ... ئىشتىن چۈشكەندە باشقا كادىرلار بىلەن بىللە قايتىسىزغۇ دەيمەن؟ يازغانلىرىڭىزنى ئەكېلىپ ماڭا ئوقۇپ بېرەرسىز؟ — دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى ۋە، — ھەي، گەپ قىلىڭا ! — دەپ ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، ئەركىلىتىپ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى، — ئەمدى ئەپەندىلەر بىلەن ساياھەتلەرگە چىقىدىكەنسىز - دە ! ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، ئورۇشۇپ يۈرمەڭ يەنە !

ئەتىسى سالاھىددىن بەي يۈسۈپنى ئىدارىگە باشلاپ باردى. ئۆز ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىكى بۆلۈمگە ئەكىرىپ ئىچىدىكى ئىككى كادىر بىلەن تونۇشتۇردى.

ئۇ ئىككىيلەن ياشانغان ئادەملەر ئىدى. ھاكىمنى كۆرۈپ ئۆلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە تىزلىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان پەشمەت چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. تۆمۈر گەردىشلىك كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىرى ئۇنىڭغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

— ئولتۇرۇڭ، ئەپەندى ئوغلۇم! — دېدى. سالاھىددىن بەي كۈلۈمسىرەپ:

— ھاسىپ ئەپەندى، بىزنىڭ كۈيۈئوغۇلنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنداق يېتىشتۇرۇپ چىقىڭكى، خېتىدىن گۈل چىقىپ كەتسۇن! — دېدى.

— سىزنىڭ سايىڭىزدە، ئىنشائاللا، شۇنداق بولار!

— قەلەم تۇتۇشقا ئادەتلەنمىگەن بىلەن تالانتى بار. قەلەم تەرەپتىن ئەنسىرىمىسەڭلارمۇ بولىدۇ!

ئۇ بېشىدىكى پۈكلىشىپ كەتكەن كىر قالپىقىنى تۈختىماي تۈزەشتۇرۇپ تۇرغان يەنە بىر ئادەمگە قاراپ:

— نۇرى ئەپەندى، سىزمۇ ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ! بىزنىڭ كۈيۈئوغۇل تەمتىرەپ قالمىسۇن! — دېدى.

نۇرى ئەپەندى نېمىلەرنىدۇر دېگەن بولسىمۇ، ئۇققىلى بولمىدى. يۈسۈپ ئاشخانىلاردىكى ئۇستەللەرگە ئوخشاش تېگى كەتسە لىڭشىپ كېتىدىغان بىر ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلدى. سالاھىددىن بەي ئۇنىڭغا قاراپ:

— گەپ - سۆز بولسا، مېنىڭ يېنىمغا چىق، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

يۈسۈپ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىۋاتقاندەك بولۇپ، ئورۇندۇقنى ئاران تارتىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۆزى مۇشۇ تۇرقىدا نەدە؟ بۇ يەرگە نېمىگە كەلدى؟ ئالدىدا ئولتۇرغانلار كىم؟

بۇلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرى غۇۋالىشىپ، كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئالدىدىكى ئۇستەلنى ئاران كۆرەلىدى. ئۇستەلنىڭ ئۈستىدە خۇددى كۆك نۇرى چۈشكەن سۇنىڭ يۈزىدىكى ماي تامچىلىرىدەك بىر خىل رەڭدىكى سىزىقچىلار كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى تەستە ئېچىۋىدى، بۇ سىزىقچىلار كۆزىدىن غايىب بولدى. ئۈستىنى نەچچە يىللىق توپا بېسىپ كەتكەن، رەندىمۇ سىلىنمىغان ۋە ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى سىياھ تامچىلىرى بىلەن مەينەتلىشىپ كەتكەن ئۇستەلنىڭ ئۈستىدە دۈگىلەك سىياھ قۇتىسى، سىياھ قۇرۇتىدىغان باسما قەغەز، ئۇچى ئۇپراپ كەتكەن ئىككى قومۇش قەلەم تۇراتتى. يۇسۇپ بۇلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ ئويناپ ئولتۇرۇپ سۇندۇرۇپ قويدى - دە، قورقۇپ ئىتتىك ئەتراپقا قارىدى ۋە قەلەمنى چىڭ سىقىمدىۋالدى.

ئۇ خۇددى سىرلىق بىر ئىبادەتخانىغا كىرىپ قالغان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا بۆلۈمدىكى ھەممە ئىش چۈشىنىكسىز ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى بىر ھەرىكىتىمۇ خۇددى بۇ مۇقەددەس ئەنئەنىلەرگە تېگىپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. قومۇش قەلەمنىڭ پارچىلىرى يۇسۇپنىڭ ئالقىنىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ھاسىپ ئەپەندى يۇسۇپنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇستەلدىكى يەنە بىر قومۇش قەلەمنىڭ قاپچۇقىنى ئېلىۋېتىپ ئۇچىنى تىرنىقىغا تەگكۈزۈپ سىناپ باققاندىن كېيىن:

— بۇ قەلەمنى تۇتۇپ مەشىق قىلىڭ ... دادىڭىز نەرسە بەرسە يازارسىز ! — دېدى.

بىراق، دادىسى ئۇ كۈنى بىر نەرسە بەرمىدى. ئۇ كەچكە يېقىن ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ يۇسۇپنى چاقىردى ۋە ئىككىسى بىللە ئۆيلىرىگە قايتىشتى. سالاھىددىن بەي يولدا كېتىۋېتىپ:

— بۇ خىزمەت ئەسلىدە ساڭا مۇۋاپىق كەلمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئامال بولمىدى. ئىچىڭ پۇشۇپ تۇرۇۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئادەم بالىسى نېمىگە كۆنمەيدۇ. ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالىسەن. بۆلۈمدە ھېچكىم ئىشلىمەي بىكار

ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنسەن؟ بۆلۈمدە ھازىر بەش - ئون سائەت ئولتۇرۇپلا بەرسەڭ بولىدۇ. سېنىڭ بىكار ئولتۇرۇشۇڭ بىلەن يەر شارىنىڭ ئايلىنىشى توختاپ قالمايدۇ. ئەھۋال مانا شۇ. ھەر ھالدا مۇشۇنداق بوش ئولتۇرۇشنىڭمۇ بىر ھېكمىتى بار. قارايدىغان بولساڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئىشىنى قولىغا قەلەم تۇتقان ئىككى ئادەملا باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بۇ ئادەملەر بولمىسا دۇنيا چۆرگۈلىمەي قالارمۇ؟ مەسىلە كادىرنىڭ قىلغان خىزمىتىدە ئەمەس، ئورۇن ئىگىلەپ تۇرۇشىدا. ھازىر سەن ئۇ پاسكىنا ئۆيدە بىكار ئولتۇرغانسېرى ئۆزۈڭچە «ماڭا بۇ يەردە نېمە باردۇ؟ مېنىڭ نېمىگە كېرىكىم باردۇ؟» دەپ ئويلاۋاتقانسەن. بۇنداق ئويلاش خاتا ... سەن ھۆكۈمەت ئىشىكىدىن بىر قېتىم كىردىڭمۇ، بولدى، شۇ ھېساب. شۇنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ كېرەكلىكىڭنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۆزۈم بىلگەنچە ئىشلەۋېرىمەن دەپمۇ ئويلىما. مەنمۇ بىر ۋاقىتلاردا باشقىچە ئويلايتتىم، ئۆزۈم بىلگەنچە ئىشلەۋەرمەكچىمۇ بولغانىدىم. لېكىن، ھازىر بۇ دۇنيادا بىرلا نەرسىگە ئىشىنىدىغان بولدۇم. ئۇ بولسىمۇ تەجرىبە - ساۋاق. ساڭا دەۋاتقانلىرىم ئوتتۇز يىللىق ئەمەلىيىتىمدىن خۇلاسىلەنگەن تەجرىبە - ساۋاق. سەنمۇ ئاستا - ئاستا يولۇڭنى تېپىۋالىسەن. مېنىڭ بۇ دۇنيادا تۆت كۈنلۈكلا ئۆمرۈم قالدى. بۇ گەپلەرنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلىسۇن دەپ ساڭا دەۋاتىمەن. دۇنيادا باشقا كەلگەن ھەرقانداق كۈلپەتلەردىن ئاز زىيان بىلەن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى جەمئىيەتكە ۋە مۇھىتقا ماسلىشىش، قارا نىيەت بولماسلىق. ئۆتكەن كۈنى جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەئىسى ماڭا بىر كىتاب بەرگەنىدى، ئانچە - مۇنچە كۆرۈپ چىقتىم. چوڭقۇر مەنىلىك كىتاب ئىكەن. بۇ كىتابنىڭ ئىسمى «خىياللار دېڭىزى»①، ئۇنىڭدا خۇددى يۈرىكىڭدىكى سۆزلەر يېزىلغان.

① خىياللار دېڭىزى — شەھبەندەر زادە ئەخمەت ھىلمى (1865 — 1914) نىڭ ئەسىرى.

www.uyghurkitap.com

كىتابىتا يېزىلىشىچە، ئاللا تائالا بىر كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «بەخت دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئالغا ھەربىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرى بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ. مۇسا پەيغەمبەر: «ۋەدىگە ۋاپا قىلماق بەختتۇر» دەپتۇ. ئەيسا پەيغەمبەر «بىر كاچىتتىغا ئۇرغانغا يەنە بىر كاچىتىنى تۇتۇپ بېرىش بەخت» دەپتۇ. ساكيامونى: «تۇرمۇشتا ھېچقانداق ئارزۇ ـ ھەۋەس بولماسلىق بەختتۇر» دەپتۇ. نۆۋەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەندە، ئۇ: «ئۆز تۇرمۇشىغا شۈكۈر قىلىش بەختتۇر» دەپتۇ. نېمىدېگەن دانا تەبىر ـ ھە ! كۆرۈۋاتقان تۇرمۇشقا شۈكۈر قىلىش كېرەك. ئۇ نېمە كەم، بۇ نېمە ئارتۇق دېمەسلىك كېرەك. كىشىنى قىينايدىغان بەزى نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. بۇ «نېمىشقا شۇنداق، بۇنداق نەرسىلەرنى دۇنيادىن يوقىتىش كېرەك» دېيىمىز، بەزىبىر مەۋجۇتمۇ بولمىغان نەرسىلەرنى كۆڭلىمىز خالاپ، ھەتتا شۇ يولدا كۈرەش قىلىپمۇ كېتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلار. ئادەم بالىسى مەۋجۇدىيەتنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئەگەر كۆڭلۈڭنىڭ خۇشلۇقىنى ئىزدەيدىكەنسەن، بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭ كۆرگەن يامان ئىشلاردىمۇ بىر ھېكمەتنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ قويساڭ بولىدۇ، شۇنداقلا يەر يۈزىدە بولۇپ باقمىغان ياخشىلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمىساڭ بولىدۇ ... خۇلاسىلەپ ئېيتىدىغان سۆزۈم شۇكى: شىكايەتخورلۇقنى ئادەت قىلما، ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە ھەسەت ـ نادامەتتە ئۆتسەڭ، ھەرگىز جاپادىن باش كۆتۈرەلمەيسەن، ئاخىر بېرىپ ئۆز ـ ئۆزۈڭگە دۈشمەنلىك قىلغان بولىسەن. ھازىرچە ھاراق ـ شارابقا ئۆزۈڭنى ئۇرما. بەزىدە ئادەم ئۆزىنى بەزلەشنىڭ چارىسىنى تاپالماي ھاراققا بېرىلىپ كېتىدۇ. بىراق، سەن نەپسىڭنى يىغ، كەچقۇرۇن بىرەر ـ ئىككى رومكا قېقىۋالساڭ ئۇنىڭ ئانچە زىيىنى يوق، دۇنيانى ئۇنتۇپ كۆڭلۈڭ بىرئاز ئارام ئالىدۇ. بۇ دۇنيا ھامان ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە

تېگىشلىك دۇنياغۇ ...

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشتى. سالاھىددىن بەي گېپىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. دەرۋازىنى قاققاندا ئۇ گەپلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ھەممىنى خۇلاسىلىگەن ئاھاڭدا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئىش مانا شۇنداق! — دەپ قويدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. دادىسى جۈمەكتە يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى. يۇسۇپ بولسا ئۇستىنىڭ قەۋەتكە چىقىپ ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا ئولتۇردى. مۇئەززەز ئۆيدە يوق ئىدى. بەلكى تاماق تەييارلاۋاتقاندۇر. يۇسۇپ دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى، بىراق ھېچقايسىسىنى ئېسىگە ئالالمىدى. يولدا ئۇ بۇ سۆزلەرنى جۈملىمۇجۈملە ئېسىدە قالدۇرۇش ۋە چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىغانىدى. لېكىن، ۋۇجۇدىنى قىسىپ تۇرغان بۇ «پولات قورغان»غا كىرىش بىلەنلا ئۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ نەلەرگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئاڭلىغان ۋاقتىدا يادلىۋېلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان توغرا ئۇقۇملار ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئازراقمۇ قالمىغاندۇرمۇ؟ يۇسۇپ قاتتىق ئويلىنىپ ئاران بەزى سۆز - جۈملىلەرنى يادىغا ئالدى. بىراق، ئۇ يادىغا ئالغان سۆزلەر ئۇنىڭغا مەنە جەھەتتىن ياكى روھىي جەھەتتىن ئانچە تەسىر قىلغۇدەك ئەمەس ئىدى.

يۇسۇپ تاماق يېيىش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈپ سالاھىددىن بەينىڭ جۇدەڭ ۋە سولغۇن چىرايىنى، نۇرسىز كۆزلىرىنى كۆرگەندىلا، يولدا بولۇنغان سۆزلەر دەرھال ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. يۇسۇپنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ ئاستا، ئالدىرىماي تاماق يەۋاتقان بۇ ئادەم باياتىن بولۇنغان پۈتۈن گەپ - سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسى ئىدى. بىراق، ئۇ گەپ - سۆزلەر ھەرقانچە توغرا بولغان بىلەنمۇ يۇسۇپ ئۇنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ بولالمايتتى. پەقەت دادىسىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنى قوبۇل قىلالايتتى. ھايات شۇنداق مەنىسىز بولسىمۇ، ئىنسان ھاياتىنى

مەنىسىز ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن يارىتىلغان ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ ئىككىلىسىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. يۇسۇپ ئوتتۇرىدىكى مىس تاۋاقتىن بىر كاپام پولۇنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ شۇ كۈنكى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ توپا ـ چاڭ باسقان بىر ئۆيدە، سىياھ تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۇستەلنىڭ قېشىدا بىكار ئولتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ چوقۇم ھېچقانداق قوللاشقا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ھېلىقى ئىشخانىدىكى كۆزئەينەكلىك ھاسسىپ ئەپەندى بىلەن سەپرا مىجەز نۇرى ئەپەندىلەر قانداقلارچە ئۇلگىلىك ئادەملەر بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۇ ئىككىسى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلايدىغان، پەقەت پېشىن ۋە ناماز دىگەر بولغاندىلا مۇرىلىرىگە لۆڭگىلىرىنى ئارتىشىپ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا كەشلىرىنى سۆرەپ، يەڭلىرىنى تۇرۇپ تاھارەت ئېلىشقا ماڭىدىغان، قايتىپ كىرىپ، كىرلىشىپ كەتكەن جايناماز لىرىنى سېلىشىپ ناماز ئوقۇش بىلەن كۈننى ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەرغۇ !؟ يۇسۇپ ئۇچۇن مۇنداق ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ. مانا ئۇنىڭ ئالدىدا پولۇ يەپ ئولتۇرۇپ چىلىغان لازىنى ئاغزىغا سېلىۋاتقان دادىسىنىڭ ھاياتىمۇ ئۇلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغۇ. بۇلارنى ئويلاۋېتىپ يۇسۇپ دادىسىنىمۇ ھېلىقى بىكارچىلاردەك كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە، ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى.

ئىشسىزلىق جېنىغا پاتقان، خەپ، بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئائىلىگە يۆك بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلىسام دەپ ئارمان قىلىپ يۈرگەن يۇسۇپ مانا ئەمدى بىر خىزمەتنىڭ ئىگىسى بولغان چاغدا، بۇ خىزمەتتىن بىكار، تاماشا قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدىكىدىنمۇ بەتتەر زېرىكتى. بۇنداق خىزمەت ئۇنىڭغا بەكمۇ مەنىسىز بىلىندى.

شۇ تەقلىدتە ۋاقىت شۇنداق تېز ئۆتتىكى، يۇسۇپ نە كەلگۈسىنى، نە ھازىرقى كۈنلىرىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

## 5

يۈسۈپنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كىرگەن بىرىنچى ھەپتىسى ئىدى. كەچكە يېقىن دادىسى ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قارىدى، چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ئىدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان تېلېگراممىنى يۈسۈپكە ئىشارەت قىلىپ:

— يۈسۈپ، شۇم خەۋەر ! — دېدى.

— نېمە ئىش بولدى، دادا؟

— بۈگۈن سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىندى، ئۇرۇش بولىدىكەن !

يۈسۈپ ئەھۋالنىڭ زادى نېمىلىكىنى تولۇق چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا بىر يامان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدى. بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ خەۋەرلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دادىسىمۇ ئەھۋالنىڭ قالايمىقان ئىكەنلىكىنى، بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى.

ھاكىم يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بەكمۇ ئالدىراش ئىدى، ئىدارىدە رايون باشلىقى بىلەن قېلىپ تۈن ھەسسىگىچە ئىشلەيتتى. بىراق، مۇھىم ئىشلارنى ئۆيىدىكىلەرگە دەپ يۈرىدىغان ئادىتى بولمىغاچقا، ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقتۇرمىغانىدى. يۈسۈپ قەھۋەخانىلارغىمۇ بارمىغاچقا، ئۇنداق گەپلەردىن تولۇق خەۋەر تاپمىغانىدى. ئەدرەمىتتە مۇنداق ئىشلارغا قىزىقىدىغان بىرنەچچىلا ئادەمگە ئىستانبۇل گېزىتلىرىدىن ھەپتە ئون كۈندە بىر قېتىم تۆت ـ بەش نۇسخا كېلىپ قالاتتى. دۇنيادا بولۇۋاتقان ئەھۋاللار شۇ گېزىتلەردىن مەلۇم بولاتتى ياكى بالىكەسىر ۋە ئىزمىرلەردىن كېلىپ تۇرىدىغان ھارۋىكەش، سودىگەر ۋە بەزى يەرلىك رۇملۇقلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىناتتى.

مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ، ئىتالىيە ۋە بالقان

ئۇرۇشلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ يەرلەردىمۇ يوشۇرۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرىدىغان، غازى قالغانلار جىمجىتلا قايتىپ كېلىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇ شەھەردە خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان رۇم جامائەتچىلىكى بولمىغان بولسا ۋە بۇلار دۇنيا خەۋەرلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرمايدىغان بولسا، بەلكى بۇ ناھىيە دۇنيادىن خەۋەرسىز قالغان ۋە بۇ يەردە ھەرقانداق ئىشقا بىپەرۋا قارايدىغان ئادەت داۋاملىشىۋەرگەن بولاتتى. بىراق، خەلقنىڭ سەپەرۋەرلىككە چاقىرىلىشى بۇ قېتىمقى ئەھۋالنىڭ ئۆتكەندىكىلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن پۈتۈن خەلق كەلگۈسى ئاقىۋەتنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

يۈسۈپ دادىسى بىلەن ئۆيگە كېلىۋاتقاندا، كوچىلارنى داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازى بىر ئالغانلىقىنى، قەھۋەخانىلار ئالدىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نېمىلەرنىدۇر ئىشارەتلىشىپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى، كوچا ـ كوچىدا ئادەملەر توپى دەۋرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇششاق باللارمۇ بىر خىل ھاياجان ئىچىدە ھەر تەرەپكە قارىشاتتى. بەزىلەر سەۋىيەسى ئۆزىدىن تۆۋەنرەك كىشىلەرگە ئاڭلىغان، ئويلىغان ۋە پەرەز قىلغانلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشەتتى.

ھاكىم يول بويى يۈسۈپنى خېلىلا سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

— ئوغلۇم، ھازىر ئىش چاتاق! — دېدى ئۇ، — قېنى كۆرۈپ باقايلى، ئاخىر نېمە بولاركىن؟ بىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىزغۇ خېلى كۈچلۈك، بىراق چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەتتە دۆلەتكە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىكەنمىز. مېنىڭچە، بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. بىراق، سەپەرۋەرلىك خىزمىتى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەسكەرلىكتىن قاچىدىغان ئىشلارغا يول قويماسلىق ھەققىدە ئۈست ـ ئۈستىگە بۇيرۇقلار كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ...

ئۇلار تاكى ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە، ھاكىم ئىدارىدە گېزىتتىن

كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن ئۇرۇشنىڭ كىملەر بىلەن بىرلىشىپ كىملەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى.

ئەنە، داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلارنىڭ ساداسى ئىچىدە ئۇرۇشقا ماڭغانلار، كوچىلارغا لىق تولغان ئادەملەر ... ئەنە، بىر ياقتىن ئۇيناپ، بىر ياقتىن شوئار توۋلاپ ۋە مارشقا دەسسەپ كېتىۋاتقان جۇشقۇن ياش ئەسكەرلەر ... مانا، ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دەپ توۋلىشىپ كېتىۋاتقان جان ئىگىلىرى ... مانا، بىر قېلىپتا ئۆتۈۋاتقان ھاياتنىڭ بىردىنلا خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرۈپ قارشى ئېلىۋاتقان ۋە كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن جان بېرىشكە كېتىۋاتقانلىقىنى، قەيەردە، قانداق جان بېرىدىغانلىقلىرىنى ئويلاپمۇ باقمىغان پىداكار قەھرىمانلار ...

مانا، ئاياللار، ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئايالللار ... ئۇرۇشنى ئاددىيلا ئويلىغان بىلەن ئۇنىڭ دەھشىتىنى يوشۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسقۇ. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئاجىزانە تەسەۋۋۇرلىرىنى، كۆز ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق كۆنلىرىنى ئالدىنئالا چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاچچىق تەبەسسۇم ئىچىدە خوتۇن، باللىرى ۋە ئانىلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاراپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرى يىغا ـ زار قىلىشىۋاتاتتى، ئۇلار نەگە كېتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەيۋاتقاندەك باشقىلارغا تەسەللى بېرىۋاتقان بۇ يىگىتلەرگە «قايتىپ كەلمەيدىغۇ» دېگەن قاراشتا بولۇپ، ئۇلارغا گويا نارەسىدە باللىرىغا چىدىمايۋاتقاندەك مېھرىبانلىق ئىزھار قىلىشىۋاتاتتى.

ئاساسىي جەھەتتىن مەھەللىدىكى ھەربىر ئۆيدىن بىردىن

ئادەم ئەسكەرلىككە ماڭغانىدى. يۈسۈپنىڭ بالا ۋاقتىدىكى ئاغىنىلىرى بىرىنچى تۈركۈمدە مېڭىشتى. يۈسۈپ ھازىرچە ماڭمىدى. سەپەرۋەرلىك قىلىنىۋاتقاندا دادىسى ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ باش بارمىقىڭ بەلكى ئىشقا ياراپ قالار، ئايىۋان باشلىقى مۇنداق مېيىپلەر قورال ـ ياراغ تۇتۇش ئىشىغا ھازىرچە قاتناشتۇرۇلمايدۇ دەپ ئېيتتى، — دەپ ئەسكەرتىپ قويغانىدى. يۈسۈپ ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىغا قاراپ قويدى، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ يېنىدا پۈلتىيىپ چىققان بىر سۆڭەكنىڭ ئەتراپى تېخىچە قىزىرىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدە قولىنىڭ ئالىقىنى تەرەپكە قارىغان يارىسىنىڭ ئىزى چوڭقۇر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۈسۈپ چولاق قولىغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ بۇرۇنقى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىدى. يىللاردىن بىرى ئېسىگە ئېلىشنى خالىمىغان ۋەقەلەر ۋە ئۇلارنىڭ جانلىق كارتىنىسى يۈسۈپكە ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان، ئۇ ئەلەملىك كۈنلەرنىڭ ھەسرىتىنى تەڭ تارتقان دادىسى چىرايى ئۆزگەرگەن، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا، ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدۇڭ، يۈسۈپ؟ قەھرىمانلىقىڭ تۇتۇپ كېتىۋاتامدۇ؟ ئەسكەرلىككە بارالمىدىم دەپ كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۈسۈپ ئاددىيلا قىلىپ:

— ياق! — دېدى ۋە كۆزلىرى خۇمارلاشقان ھالدا يەنە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى.

يۈسۈپ كىشىنى قىزىقتۇرغۇچىلىكى يوق، ئارقا تەرىپى قاقاس تاغلىق قۇيۇۋاتقان تېخى تونۇگۈنلا كەلگەندەك ھېسسىياتقا كەلدى. پاتقاقلىق تار كوچىلار، كىچىككىنە باغچىسى بار ھويلىلار، ئېتىزدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن دادىسى، كۈنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئاستىن قەۋەتتىكى ئاشخانىدا يارغۇنچاق چۆرگىلىتىش، تاماق ئېتىش

بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئانىسى كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئانىسىنىڭ ئوچاققا ئېڭىشىپ ئوت پۈۋلىگەندە كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنلىرىچۇ تېخى!

كېيىن ئۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كېچىنى ئەسلىدى. ئۇ قانلىق كېچە كۆز ئالدىدىن غىل - پاللا ئۆتۈۋىدى، يۈز مۇسكۇللىرى كېرىلىپ، چېكىلىرىدىن تەر تامچىلىدى.

يۈسۈپنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن ھاكىم ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئارتۇقچە گەپ سورىمىدى. ئوغلىنىڭ ئەسكەرلىككە بېرىشتىنمۇ مۇھىم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىدى - دە، ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ:

— ھە، شۇنداق قىلىپ، ئىشلىرىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ — دېدى، — خىزمەتكە كىرگىنىڭگە ھەپتىدىن ئاشتى، خىزمەتداشلىرىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدىڭمۇ؟

يۈسۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئويچان كۆزلىرى بىلەن دادىسىغا قارىدى:

— قايسى ئىشلارنى دەيسىز؟

— ئەلۋەتتە ئىدارىدىكى ئىشلىرىڭنى دەيمەن - دە!

— ئىدارىدە نېمە ئىش بار؟

— تېخىچىلا «نېمە ئىش» دەيسەنغۇ، يۈسۈپ، ئاجايىپ بىر بالا - دە، سەن. ئۆتكەن كۈنى بىر كىتاب بولغۇدەك سۆزلىدىم. «ئىش» دېگەننى قانداق چۈشىنىسەنكىنتاڭ؟ سېنىڭ شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ بېرىشىڭنىڭ ئۆزى ئىش ئەمەسمۇ؟ مەن ساڭا ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىسەن، دەيمەنغۇ. ئىشخاناڭدىكى ياشانغان ئادەملەر سېنىمۇ نامازغا ئۆگىتىۋاتامدىكىن دەيمەنا؟

يۈسۈپ يەنىلا جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئازراق مېڭىپلا ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى.

ئۆيدە مۇئەززەزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. شاھىنىدە قاراڭغۇ چۈشكەندە پەيدا بولدى. تۆتەيلەن زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ تاماق

www.uyghurkitap.com

يېيىشىۋاتاتتى، دەرۋازىنىڭ قېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇئەززەز ئىشىكنى ئاچتى، ئۇدۇلىدىكى قوشنىسى ــ سائەتچى راقىم ئەپەندىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى كىرىپ مۇئەززەزگە:

ــ ئانام چوڭ ئاپامنى ۋاقتى بولسا بىرزىنگىنىگە بىر كىرسىكەن دېۋىدى، ــ دېدى.

شاھىندە ئىشىككە چىقىپ:

ــ نېمە ئىش، ئوغلۇم؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئانامنىڭ بىقىنىغا سانجىق تۇرۇپ قاپتىكەن. قاراپ باقامدىكىن دەيدۇ.

شاھىندە بېشىغا پۈركەنجىسىنى ئارتقىنىچە ئۆيدىكىلەرگە «هازىرلا كىرىمەن» دەپ قويۇپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

راقىم ئەپەندىنىڭ ئاغرىقچان خوتۇنى دائىم قوشنىلىرىنى مۇشۇنداق ياردەمگە چاقىرىپ چىقىپ سانجىقى بېسىلغان ھامان ئاغزى ئېچىلاتتى ـ دە، غەيۋەتكە چۈشەتتى.

سالاھىددىن بەي ۋە ئۆيدىكىلەر بۇنى ياخشى بىلگەچكە، شاھىندەنىڭ ئۆيگە قايتىپ چىقىشقا ئانچە ئالدىرىمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىپ ئۇنىڭ «هازىرلا كىرىمەن» دېگەن سۆزىگە پىسەنتمۇ قىلىشمىدى.

ناماز شام بولغاندا مۇئەززەز ئورۇن سالدى. دادىسى ئاق بىجامىسى① بىلەن ئورۇننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىدارىدىن ئېلىپ كەلگەن گېزىتلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەت رەڭ بومازىدىن تىكىلگەن ياتاق كىيىمى بىجامىسىدىن ئېشىپ ئوشۇقىنى يېپىپ تۇراتتى.

يۈسۈپ كۆرپىنىڭ ئۈستىدە يەك تىزلىنىپ قوللىرىنى بىر تىزىغا قويۇپ دادىسىنىڭ باش تەرىپىدە پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان پانارنىڭ يورۇقىغا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇچقۇر خىياللار ئۇنى تالاي يىللارنىڭ ئالدىغا ۋە يىراق ـ يىراقلارغا

---

① بىجامە ــ ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان خالات.

ئېلىپ قاچاتتى.

مۇئەززەز بولسا، ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان كارىۋاتتا، تىكىۋاتقان ئىشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ مۈگدەۋاتاتتى. ئۇ ئاندا ـ ساندا دادىسى بىلەن يۇسۇپكە قاراپ قوياتتى، ئۇلارنىڭ ئۇخلايدىغاندەك ئەلپازى يوقلۇقىنى كۆرۈپ كۆزى يەنە ئۇيقۇغا كېتەتتى.

ھەر ئاخشىمى سالاھىددىن بەي:

ــ ھە، ياتامسىلەر؟ ــ دېگەندىلا ئاندىن ئۇلار يۇقىرىغا چىقىپ كېتەتتى، تاماقنى يەپ بولۇپلا دادىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي چىقىپ كېتىشنى ئەيىب كۆرۈشەتتى. شۇ تاپتا ھاكىم قولىدىكى گېزىتنى زېرىكمەي ئوقۇۋاتاتتى. مۇئەززەز بولسا ئولتۇرغان يېرىدە يىقىلىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە بېشىنى ئالدى ـ كەينىگە تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى، بېشى ئالدىغا چۈشۈپ كەتكەندە چۆچۈپ كېتىپ ئەتراپقا ئالاقزەدىلىك بىلەن قارايتتى. ئۇ ھازىر زادىلا بولالماي قالدى ـ دە، ئاستاغىنا، سول تەرەپتىكى دېرىزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېشىنى قويدى ۋە شۇ زاماتلار ئۇيقۇغا كەتتى.

مۇئەززەز ئۇزاق ئۆتمەي غەيرىي بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، ئولتۇرغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپقا قارىدى، كۆزىگە چېلىققان مەنزىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاۋازنىڭ بارىچە «دادا» دەپ ۋارقىرىدى.

سالاھىددىن بەي ئورنىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، سول قولى بىلەن ئارقىدىكى تامنى تۇتۇۋېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن يۈرىكىنى بېسىپ تۇرۇپ ھۆ قىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا يۇسۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر قولى بىلەن دادىسىنى يۆلەپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئاغزىغا داس تۇتتى.

تامدا ئېسىقلىق تۇرغان چىراغ سالاھىددىن بەينىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئالدى تەرەپ قاراڭغۇ بولۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت نەپەس ئېلىش ئۈچۈن

ئاغزىنى ئاچقاندىلا ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان چىشى كۆرۈنۈپ قالاتتى. مۇئەززەز «دادا» دەپ ۋارقىراپ يەرگە سەكرەپ چۈشتى ـ دە، يۇسۇپنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— يۇسۇپ، دادام نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ ... جېنىم دادا، نېمە بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ نالە قىلىپ كەتتى. هاكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىغا قارىۋىدى، چىرايىدا بىردىنلا قاتتىق قايغۇ ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى، كۆزلىرىدىن ئىچىدىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيۋاتقاندەك، قىزىغا تەلپۈنگەندەك، ئەتراپىدىكى جانلىق ـ جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيۋاتقاندەك بىر خىل روھىي ھالەت ئەكس ئېتەتتى، ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ يەرگە چۈشۈۋاتاتتى. مۇئەززەز دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ... يۇسۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى. نەپسى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ ھەدەپ ھۆ قىلىۋاتقان هاكىم قولى بىلەن قىزىنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتەردى. مۇئەززەز يىغلاپ تۇرۇپ يۇسۇپكە:

— يۇسۇپ، ئانامنى چاقىرايلى، دادامنىڭ ئاغرىقى تۇتقاندا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئانام بىلەتتى! — دېدى.

سالاھىددىن بەي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ «ياق» دەپ ئىشارەت قىلدى، كېيىن ئۆزىگە قاتتىق غەيرەت بېرىپ ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئاۋازدا سۆزلىدى:

— بولمايدۇ ... ئەھۋالىم ئېغىر ... دوختۇر چاقىرىڭلار ...

يۇسۇپ دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— مۇئەززەز ... قورقما. دادام نېمە كېرەك دېسە دەرھال ئەكېلىپ بەر! — دېدى.

يۇسۇپ سىرتقا چىقىپ چاپىنىنى كىيىۋاتقاندا مۇئەززەزنىڭ:

— جېنىم دادا ... يۇسۇپ، چاپسان بولۇڭ! ... — دېگەن پەريادى ئاڭلاندى.

يۇسۇپ دەرھال قايتىپ كىردى. سالاھىددىن بەي ئورنىغا

تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قىلىپ بىر قولى بىلەن تامغا يۆلەندى، يەنە بىر قولى بىلەن يۇسۇپكە «كىتىۋەر» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان يۇسۇپ توختاپ كەينىگە داجىدى، بۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاكىم قولى بىلەن شەرەت قىلىپ: «چاپسان بول» دەۋاتاتتى. يۇسۇپ ئايىغىنى ئالدىراپ كىيىپ تاشقىرىغا ئۇچقاندەك چىقتى ۋە يۈگۈرگەن پېتى ناھىيە دوختۇرىنىڭ يېنىغا كەتتى.

دادىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە يىغلاپ قالغان مۇئەززەز ئىشىكنىڭ يېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ خىيالىغا بىر نەرسە كەلگەندەك بولدى ـ دە، ئارقىسىغا قاراپ:

ــ يۇسۇپ ! ــ دەپ توۋلىدى، ــ ئانامغا يولۇقۇپ مېڭىڭ ! تېزرەك كەلسۇن !

ئۇ يۇسۇپنىڭ يۈگۈرۈپ خېلى ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ـ دە:

ــ ۋاي خۇدايىم ... گېپىمنى ئاڭلىمىدىغۇ ... ــ دەپ قالدى.

سالاھىددىن بەي يەنە ھۆ قىلىشقا باشلىدى. باياتىن ئۇنىڭ چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس قان يۈگۈرگەنىدى. ھۆ قىلىش بىلەن يۇزىدىكى بۇ قىزىللىقمۇ يوقىلىشقا باشلىدى. مۇئەززەز يۇسۇپ قويۇپ قويغان داسنى تۇتۇپ تۇراتتى، دادىسى داسنى ئىتتىرىۋېتىپ:

ــ ماڭ، يۇقىرىدىن ئادراسمانىنى ئېلىپ چۈش ! ــ دېدى. مۇئەززەز يۈگۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا، دادىسىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا:

ــ بالىلىرىم ! ــ دېگىنىنى ئاڭلاپ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دادىسىنىڭ دۈم ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كەينىگە ياناقچى بولۇۋىدى، دادىسى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىتى بىلەن: «قايتما !» دېگەن بەلگىنى بەردى. مۇئەززەز نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئىشىكتە قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

سالاھىددىن بەي ھالسىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ:

— ئىتتىك ماڭ! — دېدى. مۇئەززەز ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ يۇقىرىغا چىقىپ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىدىكى تەكچىگە قارىدى. ئۇ بۇ يەردە ئۇستىدە يېشىل پىچەتى بار كىچىك بىر ئاق قۇتىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇ تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنى ئالدى ـ دە، تۆۋەنگە يۇگۇردى. ئۇنىڭ ئىتتىك يۇگۇرۇشلىرىدىن ياغاچ پەلەمپەيلەر غىچىرلاپ كەتتى. مۇئەززەز تۆۋەنگە چۇشۇپ، كوچا تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دادىسى دەل شۇ يەردە، بوسۇغىنىڭ ئالدىدا، قوللىرى خۇددى ئىشىكتىن كىرگەن بىراۋنى قۇچاقلىۋالىدىغاندەك ئالدىغا سوزۇلغان، بېشى ئوڭ تەرەپكە قىيسايغان، ئاق چاچلىرى تاختاي ئۇستىدە يېيىلغان ھالدا دۈم ياتاتتى.

مۇئەززەز ھەرىكەتتىن توختىغان ۋۇجۇدنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى سىلكىشكە باشلىدى.

— جېنىم دادا، ... جېنىم دادا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا! مانا، جېنىم دادا، دورىنى ئەكەلدىم! — دەپ پەرياد قىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى ۋە قۇتىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن ئېچىپ ئۇنىڭ بۇرنىغا يۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇ قولىنىڭ يۇزى ھۆل بولغانلىقىنى سېزىپ دەرھال دادىسىنىڭ يۇزىگە قارىدى.

سالاھىددىن بەينىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئېڭىكىگىچە ئېقىپ چۇشكەنىدى. تېخى سوۋۇمىغان بۇ ياش تامچىلىرى قىزنىڭ قولىغا ئېقىپ چۇشۇۋاتاتتى.

يۇسۇپ باشلاپ كەلگەن قېرى دوختۇر سالاھىددىن بەينى ئورنىغا ياتقۇزۇپ يۇرىكىنى تىڭشىدى، كۆزىنى ئېچىپ قاراپ باقتى ... ئاخىر كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يۇمدۇردى ـ دە، مەيۇسلەنگەن ھالدا ئارقىسىغا قاراپ:

— ئاللاتائالا، قالغان بەندىلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغايسەن ! — دېدى.

## 6

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھاكىمنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. ئون يىلغا يېقىن بۇ يەردە خەلق بىلەن ياخشى چىقىشىپ ئۆتكەن بۇ ئادەمگە ئاخىرقى ئەقىدىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەدرەمىت خەلقى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۆيدىن ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تاملارنى بويلاپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئادەم سان ـ ساناقسىز ئىدى. خەلق شۇ تاپتا بۇ ئادەم بىلەن بىللە يەنە باشقا بىر نەرسىنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يەنى يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەدرەمىتتىكى بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىۋاتاتتى. دەرۋەقە بۇ خەلقنىڭ دۇنيادىن بىخەۋەر بۇ يۇرتنى دۇنيا بىلەن ئانچە ـ مۇنچە باغلاپ تۇرىدىغان بىر ھاكىمى بار ئىدى. مانا بۇ ھاكىممۇ بۇ يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ ئۆز دىيارى ۋە خەلقىنى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئېغىر كۈنلەرگە تاشلاپ قويۇپ كېتىۋاتاتتى.

يۇسۇپ بېشى گاڭگىرىغان، چىرايىدا ئۆڭسۈلى يوق ھالدا ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ئۆيدىكى يىغا ـ زارغا ئاران چىداۋاتاتتى. چىدىمىسىمۇ ئۇ ئۆيەردىن كېتەلمەيدۇ ـ دە. تۇرمۇشتا ئىنسانىنى قايغۇ ـ ھەسرەتتە قويىدىغان مۇشۇنداق ھادىسىلەرگە ئۇ تېخى قايىل ئەمەس ئىدى ۋە ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى قورقۇنچلۇق بىر چۈشنىڭ ئىچىدە ھېس قىلدى. چىرايى شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىكى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈلىدىغان دەپنە مۇراسىمى بىلەن بەند بولۇۋاتقان ۋە ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان ياشانغان ھاسىپ ئەپەندىنىڭ كۆزى يۇسۇپكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆز يېشى قىلدى. بىراق، يۇسۇپنىڭ يىغلىماي تۇرغانلىقى ئۇنى ئەجەبلەندۈردى.

— ماڭ ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، — بىر ئاز ئايلىنىپ كەل ! — ھاسىپ ئەپەندى تاڭ ئاتقاندىن بېرى يۈگۈرۈپ يۈرگەچكە، بىر ئاز چارچاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ بىرەر مىنۇت بىكار بولۇپ قالسىلا دەرھال بىر بۇلۇڭغا بېرىپ كۆزئەينىكىنى پېشانىسىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ ھازا ئاچاتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياش ئاپپاق ساقاللىرىدىن كۆڭلىكىگىچە تامچىلاپ چۈشەتتى. بۇ ئادەم بولمىغىنىدا ھاكىمنىڭ جىنازىسى چىقىرىلمايتتى، دېيىشكە بولاتتى. ئاياللار ئۇستۇنكى قەۋەتتە ھوشىدىن كېتىپ ياتاتتى. قوشنا ئاياللاردىن تۆت ـ بەشى ئۇلارنىڭ باشلىرىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ يۈرەتتى. يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە پۈتۈن ئىشلارغا، ھەتتا مەزىنگە خەۋەر قىلىشقىچە ھاسىپ ئەپەندى يۈگۈرۈۋاتاتتى، بۇنى ئاز دەپ يەنە ئاياللارغا تەسەللى بېرىشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى. يۇسۇپنىڭ مۇئەززەزگە قاراپ قويغۇدەك ھالى يوق ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇچراشسا ئۆزلىرى ئۇچۇن قانچىلىك چوڭ يوقىتىش بولغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشىپ تېخىمۇ بەك ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشاتتى. دەرۋەقە، مۇئەززەز بىلەن ئۇچرىشىش مەھەللە ئاياللىرى ئۇچۇنمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.

يۇسۇپ ئىككى باسقۇچلۇق تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ سول تەرەپكە قاراپ ماڭدى، چەتتە قاتار تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا قارىشىۋاتقان جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا باردى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بازار ئىچىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى ـ يۇ، نېمىشقىدۇر بىردىنلا قەدىمىنى

توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ مەسچىت مۇنارىسىنىڭ پەشتىقىغا قارىدى. ئۇ يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋاز يۇسۇپنى ئىختىيارسىز توختاتقانىدى. سىرىق ھاپىز مەزىن يېقىملىق ئاۋازدا سالاۋات ئېيتىۋاتاتتى. يۇسۇپنىڭ مەسچىت، ناماز، دىن ۋە ئىمان دېگەنلەر بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. شاھىندەنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ «قىزىل كۇپپار» ئىدى. بىراق، مۇناردىن ئاڭلىنىپ مەيداندىكى پۈتۈن ئادەمنىڭ قەلبىنى رام قىلىۋاتقان بۇ چاقىرىق ئۇنىڭغىمۇ قاتتىق تەسىر قىلماي قالمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاقىرىقنىڭ دىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، سىرىق ھاپىز مەزىن دىنغا ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمەيدىغان، ئۇ ھېيتتىن - بۇ ھېيتقىچە مەسچىتكە چىقىپ قويمايدىغان سالاھىددىن بەي ئۇچۇن شۇنچە چىن دىلىدىن سالاۋات توۋلاپ كەتمىگەن بولار ئىدى. بۇ پەقەت خۇدالىق ئۇچۇن بولماستىن، ئۆلگەن بىر ئىنسانغا ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىنى ھېس قىلغان بىر ئادەمنىڭ خىتاب قىلىشى ئىدى. يۇسۇپكە ئانچە - مۇنچە قايغۇ - ھەسرەت بىلەن تىترەپ، بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە پەسىيىپ چىقىۋاتقان بۇ ئاۋازلار ھازىر ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇنايلىنىپ ياتقان ھاكىمنىڭ قۇلىقىغا توۋلىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

يۇسۇپ يېنىدىكى ئاق تېرەككە يۆلەندى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسى تىترەيتتى. مانا شۇ تاپتا ئۆلۈم ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ۋەكىلى بولغان سىرىق ھاپىز مەزىن، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەسەت ئۇنىڭ كاللىسىدا پىرقىرايتتى. بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇنى دەھشەت باستى. يۇسۇپ بەزى ئەتىگەنلىكلىرى سىرىق ھاپىز مەزىننىڭ سالاۋاتلاۋاتقانلىقىنى، ئەزان توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان. بىراق، ئۇ ئۇنىڭغا پەقەتلا يېقىملىق ئاڭلىنىشتىن باشقا تەسىرات بەرگەن ئەمەس. مۇشۇ تۇرقىدا ئاڭلىنىۋاتقىنى تامامەن ئۇنىڭغا ئوخشىماي قالدى ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق رولىمۇ يوقتەك تۇيۇلدى. بۇ يەردىكى ئەڭ

مۇھىم نەرسە سالاۋات بىلەن ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرنى يەرگە يۈكۈندۈرۈپ، يۈزلىرىنى تۇپراققا يېقىپ تۇرۇپ ئېتىقاد قىلغۇزىدىغان دەرىجىدىكى كۈچلۈك، ئومۇمىي بولۇپمۇ «ئىنسانلارغا خاس» ھادىسىلەر ئىدى.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مەسچىتكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن يۈسۈپ ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋېلىپ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى، ئاندىن ئۈن ـ تىنسىز كېتىۋاتقان جامائەتنىڭ ئىچىدە بېشىنى ئەگكەن ھالدا قەبرىستانغا قاراپ ماڭدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يۈسۈپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشىدەك ھېس قىلىپ يۈرۈۋەردى. دەسلەپكى كۈنلەردە يۈسۈپتىن بىرەر تەسەللىي كۈتكەن مۇئەززەز بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدى:

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، يۈسۈپ! سىز مۇنداق قىلسىڭىز، بىز قانداق قىلىمىز؟

شۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ مۇئەززەزنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئويلاشقا باشلىدى.

دېمەك، ئۇ تۇرمۇشتا يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا يەنە ئىككى كىشىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدىكى، باشقا تايانچى يوق ئىدى. «تۇرمۇشۇمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرسام بولار» ۋە «بۇ مېنىڭ ۋەزىپەممۇ ياكى باشقا بىر ئادەمنىڭمۇ؟» دېگەندەك خىياللارنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەنىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىنىڭ ئىچكى، سىرتقى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىدە بولاتتى. بېشىغا ھەرقانچە كۈن كەلسىمۇ بەرداشلىق بېرىپ ئائىلىنى باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتى ئۇنىڭغا يۈكلەنگەنىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ

كۆڭلىدە «خالىغان بىر ۋاقىتتا تۇرمۇشۇمنى يولغا سېلىۋالالايمەنغۇ» دېگەن بىر ئىشەنچ بار ئىدى. بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. مانا ئەمدى ئۇ بۇ كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى، ئالدىدا يەنە قانداقتۇر ئېغىر كۈنلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغاندەك بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە بۇ ھالەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىگە، قانداقلا بولسۇن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە «قەددىنى رۇسلىۋېلىش» پۇرسىتىنىڭ قايتا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن ئۇ مەينەت ئىشخانىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇ يەردە داۋاملىق ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇچ ھەپتىگىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. يۇسۇپ تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكلىرىنى كۆرگەنسېرى ۋەھىمە ھېس قىلىپ، يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلارغا بېرىلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيىگە قايتىپ يۇيۇنغاندىن كېيىن كوچا تەرەپتىكى ئۆيدە تاماق تەييارلاۋاتقان مۇئەززەزگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۆزىنىڭ چەبدەسلىكى ۋە خۇش خۇيلۇقىنى بىردىنلا يوقاتقان بۇ ياش ئايال ئېرى بىلەن روبىرو ئۇچرىشىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، كۆزلىرى ئۇچراشقان ھامان ئىككىسى خۇددى كەلگۈسىدىكى بىرەر پاجىئەنى سېزىۋاتقاندەك تەڭلا كۆزلىرىگە ياش ئېلىشاتتى.

چېكىسىنى ياغلىق بىلەن تېڭىۋالىدىغان، كۆزىنىڭ قىزىللىقى يېتىمەيدىغان بولۇپ قالغان شاھىندە داستىخانغا كېلىپ بىر - ئىككى يۇتۇم چاي ئىچىپلا باغچە تەرەپتىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى - دە، كارىۋاتتا ھېلىدىن - ھېلىغا خۇداغا سېغىنىپ، ئۇھ تارتىپ، سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ھالى خاراب ئىدى. ئۇ كۈندە ئاز دېگەندە ئۇچ - تۆت قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقاتتى، مۇئەززەزدىن ئاڭلىغان

ئۆلۈم جەريانلىرىنى قوشنىلىرىغا ۋە ئۆيىگە كەلگەنلەرگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ يىغلاپ ھازا ئاچاتتى... بۇنداق قىلىش ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۆيىدىن ئۆلۈم چىققان ھەرقانداق ئايال بۇ قائىدىنى بەجا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بۇنىڭغا بەك ئېتىبار قىلاتتى. ئۇلار ھەقىقىي قايغۇنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان يىغىنىڭ ئىنچىكە يەرلىرىگىچە دىققەت قىلاتتىكى، ھەرگىز ماتەم ئىشىغا سەل قارىمايتتى.

بۇرۇن مېھماندارچىلىقتا قورساق بېقىپ ئۆيىگە كەچ كېلىدىغان شاھىنىدە يېقىنىدىن بىرى قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن پەرىشانلىقتا چۈشۈپ بالىلىرىغا كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مۇئەززەز يۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرەتتى. ئۇ بىرنەچچە جەھەتتىن دادىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېرىگە تېخىمۇ كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالدى، كۈندۈزلىرى ئۆيدە يالغۇز قالغاندا ئىچىنى بىرئاز بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ كىيىملىرىنى قولىغا ئېلىپ پۇراپ، ئۇنىڭغا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋالاتتى، كەچقۇرۇن ئۆيدە يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا كوچىدىن ئۆتكەن بىرەر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسىلا ئورنىدىن دەس تۇراتتى ـ دە، ھېلىلا دەرۋازا قېقىلىپ سۇلغۇن چىراي دادىسى ھويلىغا كىرىپ كېلىدىغاندەك جىددىيلىشىپ كېتەتتى. دادىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، مۇئەززەزنى چاقىرىپ جۈمەككە سۇ قۇيغۇزۇپ يۈز ـ كۆزىنى يۇيىدىغان، ئۇزۇن بىجامىسىنى كىيىۋېلىپ بۇ ئۆيدە ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئاق چاچلىق دادىسىنىڭ ئەمدى يوقلۇقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. دادىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھامان بىر كۈنى كېلىدىغاندەك، چوقۇم كېلىدىغاندەكلا ئىدى.

ئۇ پەقەت دەرۋازا قېقىلىپ يۇسۇپ ھويلىغا كىرگەندىلا كۆرۈۋاتقان چۈشى ئويغىدا ئايان بولغاندەك خۇشاللىقتا چۆمەتتى، چىرايىدا بولسا، يىغا بىلەن كۈلكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق بىر

ئالامەت پەيدا بولاتتى. ئۇلار بىر - بىرلىرىنى ياخشى چۈشىنىشەتتى. شاھىندە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ يىغلىغاندا ئۇلار دادىسى ھەققىدە سۆزلەشنى ۋە يىغلاشنى خالىمايتتى، كۆز ئالدىلىرىدا تۇرغان كارىۋاتقا، سالاھىددىن بەينىڭ ھەر ئاخشام تاماقتىن كېيىن گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان جايىغا قارىغىنىدا، ئىككىلىسى باشلىرىنى ئېگىشىپ بىرنەچچە مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇشاتتى.

ئاران قىرىق ئالتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ كېسەل ئازابىدىن ياشانغان ئادەملەردەك بولۇپ قالغان سالاھىددىن بەي بۇ ئۆينى شۇنچە ئاۋات كۆرسىتىپ تۇرغانىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭسىز تۆت ئېغىزلىق ئۆي بوشاپلا قالغاندەك بولۇپ قالدى. كېلىنىنىڭ يېنىغا كېتىپ تېخى قايتىپ كەلمىگەن ۋە ھېلىغىچە خەۋىرىمۇ بولمىغان رۇمەلىلىك خىزمەتكار بولمىغىنى ئۈچۈن ئۈچلا ئادەم قالغان بۇ ئائىلە ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىنىلا توشقۇزۇپ تۇراتتى. ھەممە تەرەپ بوش كۆرۈنەتتى. ياق! مەرھۇمنىڭ روھى بۇ ئۆينى توشقۇزۇپ تۇراتتى ...

شاھىندە ئۇرۇشمىغان چاغلىرىدا ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمايتتى. قاتتىق - يىرىك گەپ - سۆزلەر چىقىپ قالغاندا مۇئەززەز سۆزگە ئارىلىشىشتىن قورقاتتى، يۈسۈپ بولسا جىم ئولتۇراتتى. بۇ ئۆيدە سۆزلەپ تۇرىدىغان، چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرىدىغان، ئۇنى - بۇنى سوراپ قويىدىغان، پۇرسەتلا تاپسا، بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەن بولسىمۇ كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن باشقىلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىدىغان پەقەتلا شۇ سالاھىددىن بەي ئىدى. ئۇ كەلمەسكە كەتكەندىن كېيىن ئۆينى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان چاقپەلەك بىردىنلا توختاپ، ئەتراپنى بىر جۇتلۇق باسقانىدى. تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن شۇ چاقپەلەكنىڭ ئاۋازى كەتمەيتتى.

يۈسۈپ بىلەن مۇئەززەزنىڭ بۇ قايغۇ - ھەسرەتتىن ئۇزاققىچە خالىي بولالماسلىقى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئىلگىرى

ئېيتقىنىمىزدەك، ھادىسىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ مېڭىلىرى بىر نۇقتا ئۈستىدىلا مەركەزلىشىپ قالالمىدى.

## 7

سالاھىددىن بەي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئون بەش كۈنگىچە ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى پېشقەدەم ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان مالىيە مۇدىرى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇردى. كېيىن ئىززەت بەي ئىسىملىك خېلى ياش بىر ھاكىم كەلدى. ئۇ ئىشقا چۈشەر ـ چۈشمەيلا بىرىنچى بولۇپ ناھىيەنىڭ ئىلغار دەپ تونۇلغان كىشىلىرىنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ياردەمگە چاقىردى، بۇ يىغىندا پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئەتە ـ ئۆگۈننىڭ ئىچىدە دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى ئەدرەمىت پورتىغا كىرىپ بەلكى ناھىيەنىمۇ بومباردىمان قىلىۋېتىشى مۇمكىنلىكى چۈشەندۈرۈلۈپ، مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ بىر ۋەزىيەتتە ياشاۋاتقان ئەدرەمىتلىكلەرنىڭ يامان ئەھۋالنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي ھازىردىن باشلاپ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ ھۆكۈمەتكە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى كېرەكلىكىگە دائىر سۆزلەر بولغاندى.

يىغىنغا چاقىرىلغانلار ئارىسىدا دۆلەت مۆتىۋەرلىرىمۇ بار ئىدى. يېڭى كەلگەن ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئەسلىدە شۇ كىشىلەرگە قاراتقانىدى. ئۇ ئۆزىنى باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن ئۈستۈن تۇتقانلىقى ئۈچۈن سۆز قىلغاندا، ھەتتا جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەئىسى بىلەن قازى ـ مۇپتىلارنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويمىدى. بۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان ئەمەلدارنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا تونۇتۇپ قويۇش ئىدى.

هاكىم كەلگەن كۈنىنىڭ ئىككىنچى كېچىسى چىنارلىق سارايدا بىرنەچچە مۆتىۋەر بىلەن هاراق ـ شاراب ئىچىشىپتۇ، دېگەن خەۋەر پۈتۈن ناھىيەگە پۇر كەتكەندىن كېيىن ناھىيەدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە:

— ئىش تامام، ئەدرەمىتكە ئادەمنىڭ «كاتتىسى» كەپتۇ ـ دە! — دېيىشتى.

— يۇلمىغۇچە قويمايدىغىنىدىن ئىكەن ـ دە! — دېگەندەك پاراڭلار بولۇندى.

بىراق، ئىززەت بەي مەنپەئەت قوغلىشىپ كېتىدىغان ئادەمگىمۇ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيتتى، بىراق قولى ئوچۇق، ئويۇن ـ تاماشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەمدەك قىلاتتى. هازىر بۇ كىچىك ناھىيەدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش يېڭى كەلگەن هاكىمنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش بولغاچقا، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلىرىغىچە قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ھەر خىل باھالار بېرىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

يۇسۇپ يېڭى هاكىمنى كەلگەن كۈنىلا كۆردى. يۇسۇپ ئىشخانىسىدىكى ئۇستەلدە قومۇش قەلەملەردىن بىرىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ سېرىق چاچلىق ۋىجىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

ئىززەت بەينىڭ سېرىق چېچى كىرلىشىپ كەتكەن، قاش ۋە بۇرۇتلىرى قويۇق ئىدى، ئوتتۇز بەش ياش چامىسىدا كۆرۈنەتتى، خىرە كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا سەپسېلىپ قارايتتى. سۆزلەۋېتىپ ئىزاھات بەرگەندەك ئۇزۇن ۋە ئۇرۇق قوللىرىنى شىلتىپ قوياتتى. ئۇ ئىشخانىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئىسمىنى سوراپ چىقتى، كېيىن يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى ئۇستەلگە تىرەپ تۇرۇپ:

— سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— كاتىپلىق قىلىمەن، ئەپەندى!

— ۋەزىپەڭنى دېمەيمەن، قىلىۋاتقان ئىشىڭنى سوراۋاتىمەن.
— نېمە ئىش ئۇدۇل كەلسە شۇنى قىلىمەن.

ھاكىمنىڭ يېنىدا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغان مەنسەپدار چۈشەندۈردى:

— بۇ مەرھۇم سالاھىددىن بەينىڭ كۈيئوغلى بولىدۇ.

ئىززەت بەي بېشىنى كۆتۈرۈپ مەنىلىك قاراپ قويۇپ:

— ھە، مۇشۇمىدى؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئەپەندى!

يۇسۇپ ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. بىراق، كۆزلىرى ھاكىمنىڭ قوللىرىدىن ئۈزۈلمەيتتى. سېرىق تۈكلۈك بۇ قولنىڭ ئۇستىخانلىق بارماقلىرىدىكى تىرناقلىرى قىسقا، ياپىلاق ھەم ئۈچلۈق ئىدى. ئۆمرىدە مۇنداق سەت قولنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان يۇسۇپ ھەيرانلىق بىلەن بۇ بارماقلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ قاراپ تۇراتتى. ھاكىم سوئال سورىغاندا بىر قولى بىلەن شەرەتلەپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇستەلنى چېكىپ تىكىرلىتىپ تۇراتتى، ئاھاڭىدىن رومەلى شېۋىسى بىلىنىپ تۇرسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. يۇسۇپ دەسلەپتە دىققەت قىلمىدى، كېيىن ئۆيدىكى رومەلىلىك خىزمەتكارنىڭ گەپلىرىگە قۇلىقى كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ھاكىم «ھە مۇشۇنداق» دېگەندىلا بۇنى سەزدى.

يېڭى ھاكىم ئىشخانىنىڭ تاملىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاندىن بىر تەرەپتە دەستىلەكلىك تۇرغان چوڭ ۋە كونا دەپتەرلەرگە قاراپ قويۇپ:

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار! — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھاكىمنىڭ بۇ زىيارىتى يۇسۇپكە ياخشى تەسىر بەرمىدى. ئۇنىڭ قارىغان يەرنى مەينەتلەشتۈرۈۋېتىدىغاندەك بىر ھېسسىيات قوزغايدىغان چاپاق كۆزلىرى ۋە ئۇستەلدە تىكىرلاپ تۇرغان قورقۇنچلۇق سەت بارماقلىرى نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ خىيالىدىن زادىلا چىقمايتتى.

بۇ نېمىدېگەن ھۆرمەتسىزلىك، نېمىدېگەن كۆزگە ئىلماسلىق ـ ھە ! ئۇ يۈسۈپتىن «ئىسمىڭ نېمە؟» «نېمە ئىش قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا خۇددى كالپۇكلىرىنىڭ ئارىسىدىن: «سەنمۇ ئادەممۇ؟» دېگەندەك قىلدىغۇ، بۇنى باشقىلارمۇ سەزمەي قالمىدى. ئۇ ياشانغان ھاسىپ ئەپەندى بىلەن نۇرى ئەپەندىلەرگە ھۆرمەت كۆرسەتكەندەك قىلغان بىلەن ئۇلارنىمۇ مەنسىتمىدى، يۈسۈپنى بولسا تېخىمۇ كۆزگە ئىلمىدى. يۈسۈپنىڭ قەلەم تۇتقان باشمالتاقسىز ئوڭ قولىنى كۆرگەندە ئاجايىپ بىر قىزىق ئىشنى كۆرۈپ قالغاندەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەنلىرىچۇ تېخى، يۈز ـ كۆزلىرى قورۇلۇپ سېرىق چىشلىرى ھىڭگاراپ ... ھەي ـ ھەي، يۈسۈپ ئىززەت بەينىڭ «ھە، مۇشۇمىدى؟» دېگىنىدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدى. دېمەك، ئۆزى توغرىسىدا ئۇنىڭغا سۆزلىگەنلەر بار ئىكەن ـ دە ! كىم نېمە دېگەندۇر؟ يۈسۈپ بۇلارنى ئويلىغاندا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۇنى بۇرۇنقىدەك ھاكىمنىڭ ئوغلى ياكى كۈيئوغلى قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىمۇ ھازىر ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دادىسى ھايات ۋاقتىدىمۇ باشقا خىزمەتكارلارنىڭ ئۇنىڭغا مەنسىلىك قاراپ، ئۆزلىرىنى تارتىپ تۇرۇشلىرىدىن رەنجىگەنىدى، ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىبارسىز قاراپ كۆزگە ئىلماسلىقلىرىغا ۋە ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا مەسخىرە ئارىلاش قىلغان مۇئامىلىلىرىگە چىداشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە !

ھاسىپ ئەپەندى يۈسۈپكە قاراپ:

— نېمە ئويلاۋاتىسەن، ئوغلۇم؟ — دېدى.

— ھېچ نەرسە، ئاتا.

— بۇ ئادەم ساڭا ياقتىمۇ؟

يۈسۈپ مۇرىسىنى قىستى. بۇنىڭ ياراتمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھاسىپ ئەپەندى بېشىنى چايقاپ:

— ماڭىمۇ ياقمىدى، — دېدى. نۇرى ئەپەندى ئوقۇۋاتقان

دۇرۇتىنى توختىتىپ سۆزگە قېتىلدى.

— ئۇ كىشى ھەر ئاخشىمى بەيلەر بىلەن ھاراق ـ شاراب ئىچەرمىش !

— مانا، — دېدى ھاسىپ ئەپەندى چېچىلىپ، — مەرھۇمنىڭ ئۇ ئەبلەخلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ـ شاراب ئىچىپ بەزمە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يوقمىدى؟ ئۇ بارسا ھېچكىم ئۇنى يامان ئىش قىلدىڭ دېيەلمەيتتىغۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغان ئەمەس. ئۇ بۇ يەردە ئون يىل ئىشلىدى. بۇ جەرياندا كىمنىڭ قانداقلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى ... — ھاسىپ ئەپەندى بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — كەلگىنىڭگە ئۈچ كۈن بولمىدىغۇ، قانداقلارچە شۇنچە چىقىشىپ بەزمە قۇرۇشقۇدەك بولۇپ كەتسۇن، ھازىر ئۇ ئۆزىنى بەك ئەقىللىك ھېسابلاۋاتسا كېرەك، بىراق ئۈچ كۈندىن كېيىن قىلتاققا چۈشمىگىنىنى كۆرىمىز. بىز سالاھىددىن بەيدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش ھاكىملارنى خېلى كۆرگەن، ئۇلارمۇ ناھىيەمىزگە كېلىپ مەندىن ئەقىللىكى يوق دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرمىگەنمىدى، ئاقىۋەت ھىيلە ـ مىكرى پاش بولۇپ قوغلانغاندا خەلق ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن داسلارنى داراڭلىتىپ ئۇزىتىپ قويغان. كىم بىلىدۇ، بۇنىڭمۇ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ ...

— ئوغلۇم يۈسۈپ ئەپەندى ! — دېدى نۇرى ئەپەندى دۇرۇتىنى يەنە توختىتىپ، — ئۇلار تۈنۈگۈن ئاخشام ھىلمى بەيلەرنىڭكىدە ئىچىشىپتۇ. ئالدىدا چىنارلىق سارايدا ئولتۇرۇشۇپتىكەن، كېيىن ھىلمى بەيلەرنىڭكىگە كېلىشىپتۇدەك.

بۇنى ئاڭلاپ يۈسۈپ بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى: «بۇنىڭدىن نېمە مەنە چىقىدۇ؟ دېمەك، ھاكىمغا مەن توغرۇلۇق ھىلمى بەيلەر گەپ قىلغانىكەن ـ دە، تۇۋا، بۇ مەخلۇقلار مەندىن يەنە نېمە تەلەپ قىلار؟» ئۇنىڭ نۇرى ئەپەندى بىلەن يەنە نېمىلەر ھەققىدىدۇر سۆزلەشكۈسى كەلدى. ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئادەتتىكى

كۈنلەردىكىدەك گەپ قىلماي ئولتۇرالمايۋاتاتتى. كۆڭلى زادى ئارام تاپمايۋاتاتتى. ئىككى بوۋاي يەنە پايپاقلىرىنى يېشىپ قويۇپ، كەشلىرىنى سۆرىشىپ، چۆگۈنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تاھارەت ئېلىشقا ماڭدى. بىر ئازدىن كېيىن ھاسىپ ئەپەندى ئالدىدا، نۇرى ئەپەندى كەينىدە قاتارلىشىپ قايتىپ كىرىشتى ــ دە، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇغاچ قۇرۇقدانغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كونا بىر جايىنامازنى سېلىپ ئىككىسى قاتار نامازغا تۇرۇشتى. بۈگۈنكى كۈن يۇسۇپ ئۈچۈن تولىمۇ تەستە ئۆتتى. ئۇ ئىدارىسىدىن چىقىپلا ئۆي تەرەپكە تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يۇقىرىقى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئادۋوكات ھۇلۇسى باي ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنى چاقىردى. يۇسۇپ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھۇلۇسى بەينى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن دەپنە كۈنى ئازراقلا سۆزلەشكەنچە ئىدى. ئۇ چاغدا ھۇلۇسى بەي:

ــ ئوغلۇم، داداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى بىلىسەن، بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بىرەر ھاجىتىڭ بولسا دەررۇ مېنى ئىزدە! ــ دېگەنىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا يۇسۇپنىڭ قۇلىقىغا ئۇن كىرمىگەنىدى، ھۇلۇسى بەينىڭ شۇ چاغدا دېگەنلىرىنى مانا ئەمدى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كىچىك ۋە پاكار بىر ئىشخانىغا كىردى. بۇ ئادەتتىكى بىر دۇكانغا ئوخشىشاتتى. تاملىرى ئاقارتىلغان، بىرنەچچە ئۇزۇن ــ قىسقا سافالار قويۇلغان، يەرگە چىرايلىق گىلەم سېلىنغانىدى. بۇلۇڭدىكى ئۈستەلدە ھۆججەت ۋە سېرىق كونۋېرتلار تولۇپ ياتاتتى. تاملارغا چىرايلىق يېزىلغان بىرنەچچە لەۋھە ئېسىقلىق تۇراتتى. ھۇلۇسى بەينىڭ باش تەرىپىدە چوڭراق بىر لەۋھە ئېسىلغان بولۇپ، بۇ لەۋھەگە تۆۋەندىكى بېيىت چىرايلىق قىلىپ ئەرەبچە يېزىلغانىدى:

«ئەينەكتۇر بۇ ئالەم، ھەممە ھەق بىلەن كائىم[1] مۇھەممەد

① كائىم ــ ئەرەبچە سۆز «مەۋجۇت» مەنىسىدە.

ئەينىكىدىن ئاللا كۆرۈنەر دائىم.»

ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىپ ئېسىلغان بىرنەچچە كىچىك لەۋھەلەرگە «گۇناھىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ»، «بار نەرسىنى شۈبھە بىلەن يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ»، «ئومۇمنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىڭنى قۇربان قىل» دېگەندەك، ئاساسىي قانۇندىن ئېلىنغان جۈملىلەر يېزىلغانىدى. ھۇلۇسى بەينىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا پەۋقۇلئاددە چىرايلىق قىلىپ تالىق نۇسخىسىدا يېزىلغان: «غەرق بولدۇم ئىسيان دېڭىزىغا، سىغىنىمەن روسۇلىللاغا» دېگەن لەۋھە تۇراتتى. ھۇلۇسى باي يۇسۇپنى ئىشخانىغا چاقىرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىنى قانۇنغا دائىر كىتابلار ۋە ئاساسىي قانۇن توپلاملىرى تىزىپ قويۇلغان كىتاب جازىسىنىڭ يېنىغىراق تارتىپ يۇسۇپنى ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم، ھېچ كۆرۈنمەيسەن، ئەھۋالىڭ نېچۇك؟

— يامان ئەمەس، ئەپەندى.

— خانىم قىزىمىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ئۇلارمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، ئەپەندى.

— بىر پىيالە قەھۋە ئەكەلسۇنمۇ؟

— رەھمەت، ئەپەندى، لازىم ئەمەس.

— ياق، بۇ نېمە دېگىنىڭ! بىر پىيالە قەھۋە ئىچمەي كەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ، ئاندىن ئۇدۇلىدىكى قەھۋەچىگە ۋارقىراپ، — بىزگە ئىككى پىيالە شېكەرلىك قەھۋە كەلتۈرۈڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

يۇسۇپ ئەتراپقا قاراپمۇ قويماي جىم ئولتۇراتتى. ھۇلۇسى بەينىڭ ئۈستىلىنىڭ پۇتى قىرىپ نەقىشلەنگەن بولۇپ، تۆۋەنلىگەنچە ئىنچىكىلەپ باراتتى. يۇسۇپ بىر كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ بۇ ئۈستەلنىڭ پۇتلىرىدىكى نەقىشلەنگەن ھالقىلارنى تاماشا قىلغاچ ھۇلۇسى بەينىڭ نېمە مەقسەت بىلەن

چاقىرغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ ئۆيىگە قايتىۋېلىشنىڭمۇ غېمىدە ئىدى.
قەھۋە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئادۋوكات يەنە ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا باشلىدى:
— ئوغلۇم يۈسۈپ ئەپەندى، ئەدرەمىتتە يەرلىكلىشىپ قالماقچىمۇسەن؟
يۈسۈپ زادىلا كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي سەل تۇرۇپ قالدى - دە، ئاندىن:
— ھېچ بىلەلمىدىم، — دەپ قويدى، ئۇ ھەقىقەتەن بىلمەيتتى. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن نەچچە ئايدىن بېرى ئويلاپ ھەل قىلالمايۋاتقان بىرمۇنچىلىغان ئىشلار ھەل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇرمۇش يولىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ۋە بۇ ھەقتە بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپ ئادۋوكاتقا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن؟ ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاستا تەكرارلىدى:
— بىلەلمىدىم.
ھۈلۈسى بەي سەل ئويلىنىۋېلىپ ئۇنىڭدىن:
— بۇ يەردە سىلەرنىڭ قانچىلىك بىر نەرسەڭلار بار؟ — دەپ سورىدى.
— ئەللىك تۈپ زەيتۇن كۆچىتى بىلەن ئون دونوم يېرىمىز بار.
— بۇ سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارغا يەتمەيدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا قارايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك، ھازىر سەنمۇ بىكار ئەمەس - دە، — بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، ھۈلۈسى بەي يەنە سورىدى، — ئاناڭلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوقمۇ؟
— يوق، چوڭ ئانىمىز بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. چوڭ دادىمىز بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ كىشى نازىللىدە ھاراق - تاماكا شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ھېچ نەرسە قالدۇرغان ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

— سىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرىڭچۇ؟

يۇسۇپ ئادۋوكاتقا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆتكەن ھايات توغرىسىدىكى ھەر خىل خىياللار چىرمىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى خىيال ئىسكەنجىسىدىن ئاران قۇتۇلدۇرۇپ، ئاستاغىنا جاۋاب بەردى:

— مېنىڭمۇ ھېچ نەرسەم يوق.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ھولۇسى بەي نائىلاج بىر قىياپەتتە، — باشقا گەپ يوق، مۇشۇ يەردە يەرلىكلىشىپ قېلىڭلار، بىراق سۆزۈمنى ئاڭلا، ئوغلۇم، ھەرقانداق ئىش بولسا ئوچۇق سۆزلىشەيلى، سىلەر مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دوستۇمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكارى. گېپىمگە خاپا بولما، ئالدى بىلەن داداڭلارنىڭ يوقلۇقىنى ئۇنتۇماسلىقىڭلار كېرەك. بۇ ساڭا قارىتىلغان گەپ ئەمەس، ئاناڭ بىلەن خانىمغا قارىتىپ دەۋاتىمەن، سەندىن نېمىنى يوشۇراي، سىلەر ئەمدى كەمبەغەل ئائىلە قاتارىغا كىرىدىڭلار. ئۆز يۇرتۇڭلاردا تۇرغىنىڭلار ياخشى ئىدى. بۇ شەھەردىكى ئادەملەر ئەمدى سىلەرگە دوست بولالمايدۇ. بۇنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن، بېشىڭدىن ئىسسىق ـ سوغۇق كۆپ ئۆتتۇلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ ھوشيار بولۇشۇڭ كېرەك. قىلىۋاتقان ئىشىڭنى جان كۆيدۇرۇپ ئىشلە، بولۇپمۇ ھازىر ۋەزىيەت بىر ئاز قالايمىقان، تىجارەتچىلىك قىلاي دېسەڭ قولۇڭدا دەسمايەڭ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ خەتەرلىك، ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن، بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى قاراقچىلار سودىگەرلەرنى بۇلاپ كەتتى. ئات ـ ھارۋا ئالساڭ ئەتىسىلا ھۆكۈمەت بىر بۇيرۇق بىلەن «ئەسكەرلەر ئۇچۇن يىغىۋېلىندى» دەپ تارتىۋالىدۇ، قولۇڭغا بىر پارچە ھۆججەت بېرىدۇ ـ دە، ئىشنى تۈگىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ يەپ قېلىۋېرىسەن. يېڭى ھاكىمنىڭ كۆزى سەندە، يېڭى باشلىق بۇرۇنقى باشلىقنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەملىرىنى ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۇچ ـ تۆت كۈندىن بېرى ساڭا بىر نەرسە

دېمىگىنىڭگە ھەيرانمەن. سەن ھازىر ئىدارىدە مۇلازىمەتچى بولۇپ تۇرۇۋاتىسەن. شۇڭا، سېنى ئىشتىن بوشىتىش ئاسان. كىم بىلىدۇ، بەلكى يېڭى ھاكىم ۋىجدانلىق ئادەمدۇر. مەنغۇ ئۇ كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى خۇدايىم بىلەر. قارا، دەيدىغان ئەڭ مۇھىم گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. شاكىر ۋە ھىلمى بەيلەر بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا بەزىبىر ئىشلار ئۆتتۆلگەن. بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكىن. ھازىر سېنىڭ تايىنىدىغان ھېچكىمىڭ يوق. ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە زەررىچىلىك ئۆچمەنلىك بولىدىغان بولسا، سېنى بوزەك قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھازىر يېڭى ھاكىم بىلەن چىقىشىۋالدى ... ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ پۇلى بار ئەمەسمۇ؟ پۇلغا كىمنىڭ كۈچى يېتىدۇ دەيسەن ! ...

يۈسۈپ زۇۋان سۈرمىدى. ھۆلۈسى بەي يۈسۈپنى بۇ يەرگە پەقەت مۇشۇ نەسىھەتلەرنى قىلىش ئۈچۈنلا چاقىرغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. يۈسۈپمۇ دەسلەپتە بۇ ئادەملەرنىڭ باشقا بىرنېمىلەرنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى. قارىغاندا ئۇ بۇلارنىڭ ئەدرەمىتنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقلىرىنى بىلگەندىن كېيىن گېپىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. يۈسۈپ ئۇنىڭ ئەسلىي دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ بۇ ئەمەسلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق سېزىپ تۇرغاچقا، دەررۇ ھۆلۈسى بەيگە مەنىلىك قاراپ قويدى، «ئەسلىدە دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى دېسىڭىزچۇ» دەپ سورىغۇسىمۇ كەلدى، بىراق جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر جىرايىلىقراق سۆز تاپالمىغانىدى. ئۇنىڭغا «سىز باشقا بىر نەرسىنى دېمەكچى ئىدىڭىزغۇ، شۇنى دەۋېرىڭ» دېگىلى تېخىمۇ بولمايتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بەزى ئېھتىماللار ۋە سوئال زەنجىرلىرى چىرمىشىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئادۋوكاتنىڭ قولىنى سۆيگەندىن كېيىن:

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى قىلىمەن، ھۆلكۈسى بەي تاغا! — دەپ چىقىپ كەتتى.

## 8

ئەتىسى ئەتىگەندە يۈسۈپ ئىدارىگە كىرەر - كىرمەيلا بىر خىزمەتكار ئۇنىڭغا:

— يۈسۈپ ئەپەندى، سىزنى ھاكىم چاقىرىۋاتىدۇ! — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىش بىلەن تەڭلا ھاسىپ ئەپەندى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئوغلۇم، ھېلىقى ئادەم سېنى چاقىرىپتۇ. نېمە قىلىدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمىز، تېزرەك كىرىپ چىقىپ بىزگە خەۋىرىنى بەر. ئىنشائاللا، بۇ لەنەت تەگكۈرنىڭ يامان نىيىتى يوقتۇر بەلكى! — دېدى.

يۈسۈپكە بىرەر يامانلىق قىلىنىش ئېھتىمالىنىڭ ئۆزىلا، بۇ ئىككى ياشانغان ئادەمنىڭ ھاكىمغا قارىتا كۆچىيىۋاتقان گۇمانلىرىنى راستقا چىقىرىپ، ئۇنى «لەنەت تەگكۈر» دېيىشكە كۇپايە قىلاتتى.

يۈسۈپ چۈشلۈك تامىقىنى ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ يېنىدىكى ئۆيگە كىردى.

ھاكىم ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەر بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇرغاچقا، ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزمەي قالدى، كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھە، كىردىڭمۇ؟ — دېدى.

ئۇ بىرنەچچە قەغەزنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ بەزى يەرلىرىنى ئۆزگەرتتى ۋە ئاخىرىغا قول قويدى، شۇنداق ئىشلار بىلەن يۈسۈپنى ئون مىنۇتچە كۈتكۈزۈپ ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈسۈپنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن خەيرخاھلىق

تەبەسسۇملىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۇسۇپ بۇ تەبەسسۇمدىن خۇشال بولماي ئەكسىچە قورقتى، ھەتتا سەسكەندى. چۈنكى، باشقىلارغا، ھەتتا بىرەر ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە بولسىمۇ، ئۆزى بۇنداق ئالدىنئالا مەلۇم قىلىپ قويۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوققۇ. يۇسۇپ ھاكىمنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قاراپ قويۇشلىرىدىن بۇ ئادەمدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى سەزدى.

ھاكىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خۇددى مۇھىم بىر نوتۇق سۆزلەيدىغاندەك:

— قارا، ئوغلۇم! — دېدى، — سەن بىزنىڭ پېشقەدەم ھاكىممىزنىڭ كۈيۈئوغلى ئىكەنسەن. مەرھۇم داداڭنى گەرچە كۆرمىسەممۇ ئۇنىڭغا قاتتىق ئىخلاسىم بار. بۇنىڭغا ئىشەن! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سېنى داداڭنىڭ يۇرتىغا تاشلاپ كەتكەن بىر ئامانىتى دەپ قارايمەن. ساڭا كۆڭۈل بۆلۈپ ئەھۋالىڭنى ئىگىلەپ باقتىم. قارىسام، بۇ كاتىپلىق ئىشى ساڭا ئانچە لايىق ئەمەسكەن ...

ھاكىم خۇددى يۇسۇپنى بۇ سۆزلەرنى چۈشىنىپ ھەزىم قىلىۋالسۇن، دېگەندەك، بىرنەچچە مىنۇت گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى.

«ھەي ئۆلگۈر، — دەپ ئويلىدى يۇسۇپ، — بىزنى قوغلىماقچى بولۇۋاتىسەنغۇ، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن قۇرۇق گەپنىڭ نېمە ھاجىتى؟» ھاكىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قارا، ئوغلۇم، ئوڭ بارمىقىڭ يوق ئىكەن. ئۇمۇغۇ مەيلى، بىراق بۇ ھالدا قانچىلىك تىرىشىپ ئىشلىسەڭمۇ چىرايلىق خەت يازالمايسەن، نېمە ئىلاجىمىز بار؟ مەمۇرىيەت ئىشىدا ئاساسلىق خىزمەت يېزىقچىلىق. چوڭ ئادەملەرگە يېزىلىدىغان خەت ـ چەكنىڭ يېزىقى ئۇنچىدەك چىقىشى كېرەك. مېنىڭ ئىگىلەپ كۆرۈشۈمچە، سەن بىرئاز ئەركىن ئۆسۈپ قالغان بالا ئىكەنسەن. مەن ساڭا كۆڭۈلدىكىدەك بىر خىزمەت تېپىپ قويدۇم ...

ھاكىم سۆزلەۋېتىپ يەنە تۇرۇپ قالدى، يۇسۇپنىڭ گەپنىڭ ئاخىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال

www.uyghurkitap.com

بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى:

— چۈشىنىۋاتامسەن، ئوغلۇم، بۇ ئىش ساڭا تولىمۇ مۇۋاپىق. سەن دەرھال بەش ـ ئون تەڭگە پۇل تەييارلا، ئەلۋەتتە، بىنىڭدا ئۇنچىلىك پۇلمۇ باردۇ. ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر ئاتنى سېتىۋال. مەن سېنى باجگىرلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئاتلىق باجگىر بولىسەن، مالىيە باشلىقى بىلەن سۆزلەشتىم، مائاشىڭنى مۇشۇ يەردىن ئېلىپ ئۆزۈڭ سىرتتا ئىشلەيسەن. ئېتىڭنىڭ يەم پۇللىرىدىن تارتىپ بېرىدۇ. دۆلەتنىڭ يېزىلاردىن ئالىدىغان باج ۋە باشقا ھەقلىرىنى يىغىسەن. بۇ ئالاھىدە بىر خىزمەت! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كەچكىچە ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ زېرىكىدىغان ئىش مەۋجۇت بولمايدۇ. ئاتقا مىنىۋېلىپ يېزىمۇيېزا ئايلىنىپ يۈرسەن ھەم پۇلنىمۇ كۆپلەپ تاپالايسەن.

يۈسۈپ ھەيران بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، ھاكىمنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن:

— ئەمرىڭىز بويىچە بولسۇن! — دېدى.

ھاكىم يۈسۈپنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ:

— كونا ھاكىم سېنىڭ داداڭ. مەن بولسام سېنىڭ ئاكاڭ. بېشىڭغا كۈن چۈشسە مېنى ئىزدىگىن. ھە، ئۇنداق بولسا بۆلۈمۈڭگە بېرىپ بۇيرۇقنى كۈتكىن! — دېدى.

يۈسۈپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ كەتكەندى. ئۇ بۇ ئادەمدىن بىرەر يامانلىق كېلىدۇ دەپ ئويلىغان ھەم ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ بۇ گۇماندىن نېرى بولالمىغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ بەرگەن تەكلىپىنى يامان دېگىلى بولمايتتى. قانداقلا بولسۇن، بۇ خىزمەت ئۇ خۇدا ئۇرغان كاتىپلىقتىن مىڭ ياخشى ئىدى.

ئۇ بۆلۈمدە ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ھاسىپ ئەپەندى بىلەن نۇرى ئەپەندىگە بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇلارمۇ بۇ ئىشتىن ئۇنى يامانلىق قىلماپتۇ دەپ ھېسابلاشتى، ئاندىن:

— بەلكى ئۇ سىنى يىنىدا تۇرغۇزۇشنى خالىمىسا كېرەك. قانداقلا بولسۇن، بۇ ئاجايىپ كۆتۈلمىگەن ئىش بوپتۇ. ساڭا تاپقان ئىشمۇ يامان ئەمەس. سەن تېخى ياش، كۈچۈڭ بار. بۇنى بېجىرىپ كېتەلەيسەن. قارا قىشلاردا يېزىمۇيېزا يۈرۈشقۇ بىرئاز ئېغىر ئىش، بىراق ھەممە ئىش ساڭىلا يۆكلىنىپ قالماس. خۇدايىم ئىشىڭنى ئوڭۇشلۇق قىلار ! — دېيىشتى. نۇرى ئەپەندى:

— بۇ ھاكىم تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ياخشى ئادەمدەك قىلمايدۇ. بىراق، بۇ قېتىم سىنىڭ تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ قاپتۇ، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

يۈسۈپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ، ئادۋوكات ھۇلۇسى بەيگە يولۇقۇپ ھاكىمنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ ھۇلۇسى بەي بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ ئادەم بېشىنى مۇنداقلا چايقاپ قويدى - دە، خۇددى ھاسىپ ئەپەندى بىلەن نۇرى ئەپەندى دېگەندەك:

— خۇدايىم ئىشىڭنى ئاسان قىلسۇن ! — دەپلا قويدى.

يۈسۈپ تاماقتىن كېيىن مۇئەززەزگە ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، ئۇ ئىنتايىن كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— ياخشى بوپتۇ، يۈسۈپ، بىراق سىز يېزىلارغا بېرىپ كۆنلەپ - كۆنلەپ يوقاپ كەتسىڭىز، مەن بۇ يەردە يالغۇز قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

بۇ چاغدا يۈسۈپنىڭمۇ چىرايى ئۆزگەردى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى. دەرۋەقە بۇ تەرەپلىرىنى ئۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ «قانداقلارچە بۇنى ئويلىمىغاندىمەن؟» دەپ تەئەججۈپلەندى.

راست، «قىزىلباشلار» يېزىسىدىكى ۋاقتىدا يۈسۈپ دادىسىغا: «ئايۋالىقتا ھارۋىكەشلىك قىلسام قانداق؟» دېگەندە، سالاھىددىن بەي: «سەن ئىشقا كەتسەڭ ئايالىڭ ئۆيدە يالغۇز قانداق قىلىدۇ؟»

دېگەن ئەمەسمىدى. دېمەك، ئەمدى يۈسۈپ ئىشقا كەتسە ئايالى ئۆيدە يالغۇز قالىدۇ دېگەن گەپ. ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ: «ئەگەر يالغۇز قالسا !» دەپ غودۇڭشىدى، ئۇ يىراقلارغا كېتىپ ھەپتىلەپ ئۆيگە كەلمىسىمۇ، ئايالى شاھىندە بىلەن بىللە قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىراق، بۇنىڭ مۇئەززەز ئۈچۈن يالغۇز قېلىشتىنمۇ بەتتەر ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى يۈسۈپ ياخشى بىلەتتى.

— يۈسۈپۈم ! — دېدى مۇئەززەز ئاستاغىنا، — ئەمدى ھەممە ئىش بىزنىڭ خاھىشىمىز بويىچە بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. بىراق، سىزدىن ئىككى كۈندە بىر ئايرىلىپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئەمەس. سىزمۇ ياخشى بىلىسىز. ئانام مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇپ بەرمەيدۇ. مەن خالىمىغان يەرلەرگە مېنى مەجبۇرىي سۆرەپ بارىدۇ. ئۆيدە ئۇلار بىلەن قاينىشىدۇ، سىز بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا بىرنەرسە دەپ يۈرمەڭ ! بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۆيگە سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسۇن، ھەر ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشىمەن، ئۆيدە يالغۇز قالسام زېرىكىمەن. مانا قارىڭا، ھازىردىن باشلاپلا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدىم. يۇقىرى قەۋەتتىكى ھۇجرىمىزغا كىرىشنىمۇ خالىماي قالدىم. سىز بولمىسىڭىز ئۆيگە كىرىپ سىزنى ئىزدەيدىغاندەكلا قىلىمەن. يا ئاللا، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ئىش ـ ھە ! ...

مۇئەززەز كۆزلىرىگە ياش ئالدى. يۈسۈپ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك غىققىدە بولدى ـ دە، كېيىن بىردىنلا قەتئىي قارارغا كېلىپ:

— قايغۇرمىغىن، جېنىم ! — دېدى، — ھاكىم «ماڭ» دېگەنىبىلەن مېنى زورلىيالمايدۇ ! قولىدىن كەلسە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بوشىتىۋېتەر شۇ ! ...

مۇئەززەز دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئاياللارغا خاس ئىنچىكىلىك بىلەن:

— يۈسۈپ، سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى، — ھۆكۈمەت ئورنىدىن بوشىنىپ كېتىپ نېمە قىلماقچىسىز؟

هازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭىز ئىككىمىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىپ تۇرمايۋاتامدۇ؟ بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە كىم ئۆز ئورنىنى تاشلاپ كېتىدۇ؟ دادامدىن بىز جان باققۇدەك بىر نەرسە قالمىدى، سىز بۇ ئىشنى قىلىۋەرسىڭىز، زەيتۇنلۇق بىلەن ئېتىز ئىشىنى قوشۇمچە قىلساق، تۇرمۇشىمىزغا بىرئاز ياردىمى بولارمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

يۇسۇپ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان گۆدەك بالا دەپ قارايدىغان ئايالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزلەرگە ھەيران بولدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىدى.

دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان بەش ـ ئون ئالتۇن بىلەن يۇسۇپتىكى پۇل دادىسىنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسى بىلەن نەزىر ـ چىرىغىغا خەجلىنىپ تۈگەپ، يۇسۇپنىڭ قولىدا بىرنەچچە دانە كۇمۇش تەڭگىدىن باشقا نەرسە قالمىغانىدى. ئايلىق چىقىشقا يەنە ئون بەش كۈن بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىش يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ غېمىنى قىلمىسا تېخى بولمايتتى. يۇسۇپ مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنى ئويلاپ «ھۆكۈمەت ئىشىدىن بوشىنىپ كېتەي!» دېيىشىنىڭ مەنىسىز ۋە كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

يۇسۇپ، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز. ئۆزۈم بىلىپلا بىر ئىشلارنى قىلىپ كەتمەي، دېگەن قارارغا كېلىپ يېتىپ قالدى، ئانچە خاتىرجەم ئۇخلىمىغان بولسىمۇ، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئۆزىنى بىر خىل يېنىك ھېس قىلدى. ئەھۋال بۇ كېچە جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا سۆزلەشكەندەك ئۈمىدسىز ۋە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمىدى. سىرتتا چىقىۋاتقان كۈز شامىلى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئەركىلەتكەندەك شىلدىرلاتسىمۇ، غازاڭ بولۇپ تۆكۈلۈشكە ئاز قالغان يوپۇرماقلار نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا تۆكۈلمەيتتى، مانا شۇ كىچىككىنە يوپۇرماق ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شامالغا شۇنچىلىك قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان يەردە ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك

سىرتىمىقىغا بوغۇلۇشى بەكلا كېلىشمىگەن ئىشقۇ.

يۈسۈپ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. كۈن دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. باغدىكى شەبنەم چۈشكەن ئوت - چۆپلەر كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. يۈسۈپ مانا شۇنداق بىر شەھەردە ئاتلىق چىقىپ كېتىپ قىزلارنى ئايلىنىپ كەلگۈچە بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تاڭنىڭ بۇ ئىللىق مەنزىرىسىدىن بىللە ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن مۇئەززەزنى ئويغاتماقچى بولدى. بىراق، بۇ ياش ئايال ياستۇققا بېشىنى چۆكۈرۈپ ئوڭ قولىنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا قويغان ھالدا خۇددى كىچىك بالىدەك پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

يۈسۈپنىڭ ئۇنى ئويغىتىشقا كۆزى قىيمىدى، ئۇ ئايىغىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ يوتقاننىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراشقا باشلىدى.

مۇئەززەزنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچى ئاق ياستۇق ئۈستىدە تاشلىنىپ تۇراتتى، قوڭۇررەڭ چېچىنىڭ ئۇچى سەل چۇۋۇلغان بولۇپ، خۇددى سېرىق لېنتا باغلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، چېكىسىدىكى چاچلىرىنىڭ بىر قىسمى ئېڭىكىگىچە چۈشۈپ، يۈزىگە گاز ياغلىقتەك يېپىلىپ تۇراتتى، ئاغزى سەل ئېچىلغان، ھەربىر نەپەس ئالغاندا ئاپپاق چىشلىرى پارقىراپ كۆرۈنۈپ قالاتتى، قاپاقلىرىدىكى قىلدەك ئىنچىكە كۆك تومۇرلىرى بىلەن تىرىلمىگەن قاشلىرى ئاندا - ساندا بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلاپ قويغاندەك قىلاتتى.

ياش ئايال ئۇيان - بۇيان قىمىرلاپ، بېشىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ، بىر قولىنى يوتقاننىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ تېخىمۇ راھەتلىنىپ ئۇخلاشقا باشلىدى. يۈسۈپنىڭ كۆزى ئۇنىڭ كۆكسىگە چۈشتى. مۇئەززەزنىڭ ياقىسى ئېتىكلىك كېچىلىك كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكى ھەربىر چوڭقۇر نەپەس ئالغاندا يوتقاننى سەل - پەل كۆتۈرۈپ قوياتتى،

زەڭگەر تاشلىق يوتقاننىڭ ئۈستىدە تاشلىنىپ تۇرغان ئاپپاق بىلەكلىرى مىدىرلىمايتتى، يېرىم يۇمۇلغان بارماقلىرى خۇددى يوتقاننىڭ يۇرلىشىپ كەتكەن يەرلىرىنى تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.

يۇسۇپ يېرىم سائەتچە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى، كېيىن كۇنىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كىيىنمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئەسنادا مۇئەززەز ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئاچتى، ئېرىنىڭ بېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ ئۆرۈلدى ۋە دېرىزىگە چۈشۈپ تۇرغان كۈنگە قاراپ:

— ۋىيەي، يۇسۇپ، نېمانچە ئۇخلاپ كەتكەندىمەن! — دېدى.

— ياق، جېنىم، ئۇنچىلىك ۋاق بولۇپ كەتمىدى!

— تۇختاڭ، سىزگە ناشتىلىق چاي تەييارلاي! — دەپلا، مۇئەززەز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەشىنى كىيىپ، يوگورگەن پېتى تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ كەتتى.

ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆزى ئۇچۇن مۇشۇنداق چاي تەييارلايدىغان، كېچىلىرى ئاپپاق بىلەكلىرىنى زەڭگەر يوتقاننىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپ ئۇخلايدىغان ئاشۇ ئايالنىغا قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، يېزىنىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن ئۆيلىرىنىڭ تورۇسلىرىغا قاراپ يېتىش يۇسۇپكە شۇئاندا تولىمۇ ئېچىنىشلىق تۇيۇلدى. كېيىن ئۇ بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىش لازىملىقىنى توغرا تېپىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىدى ...

هاكىم شۇ كۇنىلا يۇسۇپنى مالىيە باشلىقىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ باجگىرلىق خىزمىتىگە تەيىنلىۋەتتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر مۇپەتتىش بەش - ئون باغلام تالوننى يۇسۇپكە كۆرسىتىپ، بۇلارنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە تەپسىلىي دەرس بەردى. يۇسۇپ كەچ كىرگۈچە بۇلارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى.

ئەمدى بىر ئات سېتىۋالماي بولمايتتى. ئۇ ناماز دىگەرگە يېقىن تۆۋەنكى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ھاجى رىفاتنىڭ ئوغلى ئېھسان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى. ئېھسان ئۇنى سوغۇقتۇلۇمبانىڭ يولىدىكى بىر سارايغا باشلاپ باردى. ئۇلار يېرىم سائەتچە سودىلىشىپ يۈرۈپ پۇلىنى ھەر ئايدا بىردىن ئالتۇن بېرىپ تۈگىتىش شەرتى بىلەن بەش يېرىم ئالتۇنغا كېلىشكەن بىر ئاق بوز ئات سېتىۋالدى. نەق بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنى ئېھسان تۆلىدى ـ دە، ئىككىيلەن ئاتنى يېتىلەپ شەھەرگە كېلىشتى.

بۇلار ئەلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تۇزۇكرەك گەپلەشمىگەنىدى. ئېھسان يۈسۈپنىڭ يەنە ئۆزىگە كونا ئاغىنىدەك مۇراجىئەت قىلغىنىدىن بەك خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئاغىنىدارچىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشتى. يۈسۈپ پۈتۈن ئادەملەردىن ئۈمىد ئۈزگەن مانا مۇشۇ پەيتتە بۇ دوستىنىڭ ئۇچراپ قالغىنىدىن ھاياجانلاندى ۋە خۇشاللىقىدىن نىمىدەپ رەھمەت دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

ئىككىسى يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى، بىللە چىققان ساياھەتلەرنى، ئۇ يەردە ئۆزلىرى پىشۇرۇپ يېيىشكەن كاۋاپلارنى ئەسلەشتى. پاراڭلىرى ئەلى ئۈستىگە كېلىپ توختىغاندا ھەر ئىككىسى جىم بولۇپ قېلىشتى. بىرئاز ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقتىن كېيىن يۈسۈپ ئېھسانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆردى ۋە نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئېھسان:

— شۇنداق گەپ، يۈسۈپ، ئۆمۈر دېگەن مانا مۇشۇنداق ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىكەن! — دېگەندە، قىرىلارغا خاس بۇ سۆزنىڭ ئېھساننىڭ ئاغزىدىن چىقىشى يۈسۈپنى كۈلدۈرۈۋەتمەي، ئەكسىچە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. چايئىچى

دىگەن يەردىن ھىيتگاھ مەيدانىغا كېتىۋاتقان دوقمۇشقا كەلگەندە ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن خوشلاشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىدە بىر تەرەپتىن ئۇزاقتىن بىرى كۆرۈشمەي تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلىقلىرىنىڭ خۇشاللىقى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خېلى ئۇزاققىچە كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن دېگەن بىر خىل كۆڭۈل يېرىملىقلىرى بار ئىدى. تۇرمۇش ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، ئاز ئۆتمەي قايتا ئۇچراشتۇرغان بولسىمۇ، داۋاملىق مۇشۇنداق ئايرىلماي يۈرۈۋېرىشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ ـ دە! ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ ئەسلىمىلەر بۇ ئىككىيلەننى بىر ـ بىرىگە باغلاپ قويغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

يۈسۈپ كېتىپ قالغان ئىبھسان بىلەن پەقەت بەش ـ ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى، بالىلىق دەۋرلىرىدىكى خاتىرىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى بۇ شەھەردىكى پۈتۈن مۇناسىۋەتلىرىگىچە پاراڭلاشقانىدى. مانا شۇ ئاندا ئىبھساننىڭمۇ يات تۇيۇلۇشى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئەدرەمىتكە باغلاپ تۇرىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ئەسلەتتى. ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، دۇنيادا ئۆزىنى ھېچقانداق يەرنىڭ باغلاپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي يېتىمسىرەپ قالغان بۇ ھاياتتا بىرمۇنچە چەكلىمىلەر ئىچىدە تۇرغانلىقىغا ئىچىنىدى ۋە ئۇنىڭدىن خالىغانچە ھەرىكەتلىنىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولۇشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلدى.

## 9

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ سالقىن بىر كەچقۇرۇنلۇقى، تۆت كۈنلۈك ئايرىلىشتىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن يۈسۈپ ئېتىنى باغلاپ قويۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇ بۇ يەردە ئۆينىڭ باغ تەرىپىدىكى تېمىدىن بىر ئىشىك

ئاشقۇزۇپ، باغدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا ئېغىل ياساتقانىدى. ئۇ ئېتىنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ يەم تورۋىسىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ ئۆيگە كىرگۈچە، ھېچكىمنىڭ چىقمىغانلىقىغا ھەيران بولدى، شۇنداقتىمۇ كۈن تېخى بالدۇر بولغاچقا، ئۆيدىكىلەر بەلكى قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتسە كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ يېشىنىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سوپۇنداپ يۇدى، قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە ئاشخانىغا كىرىپ ئىشكاپلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مىس كورىنىڭ تېگىدە ئازراق قىيمىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دالاندىكى يېشىل ساندۇقنى ئېچىپ بىر ئاز نان ۋە سۇزمە ئالماقچى بولدى. بىراق، ساندۇق قۇرۇقدىلىپ قالغان خالتىلار بىلەن توشقانىدى. پەقەت بۇغداي يارمىسى قاچىلانغان بىر لا خالتىنىڭ ئاغزى يېڭى ئېچىلغان بولۇپ، ھەممە خالتىدىن ئېگىز تۇراتتى.

يۇسۇپ قايتا ئاشخانىغا كىرگەندە، ئوچاقنىڭ يېنىدىكى بىر قاچىدا يارما پولۇسىنى كۆرۈپ قالدى ۋە تامدا ئېسىقلىق خالتىنىڭ ئىچىدىن بىر قوشۇق ئېلىپ سوغۇق پېتى يېيىشكە باشلىدى.

ئۇ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن يۇقىرى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا چىقىپ دەم ئالدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ تۇرۇپلا ئۇلاردىن ئەنسىرەپ قالدى. «ئۇلار ئەگەر يېقىن قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن بولسا، — دەپ ئويلىدى يۇسۇپ، — مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى چوقۇم مەھەللە باللىرىنىڭ بىرەرىدىن ئاڭلاپ قايتىپ چىققان بولار ئىدى، بەلكى تۆۋەنكى بازاردىكى مەنسەپدارلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولسا كېرەك.»

شۇ ئەسنادا ئىشىكتە ئاچقۇچنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۇسۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ دېرىزىدىن تۆۋەنگە قاراپ

خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ ئەگەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بولسا، تۆۋەنگە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ئايالىنى قۇچاقلىۋالغان بولار ئىدى. يۈسۈپ مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇئەززەز ھاياجانلىنىپ:

— ئەي ئانا ... يۈسۈپ كەپتۇ. باغدا ئېتى تۇرىدۇ ... — دېگىنىچە، — يۈسۈپ! — دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئۇچقاندەك چىقتى ـ دە، ئۆزىنى پەلەمپەينىڭ بېشىدا كۈتۈپ تۇرغان ئېرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، — سىزنى بىز بۈگۈن كېلەر دەپ ئويلىماپتىمىز. باياتىن كۆڭلۈم تويۇپلا تۇرغان، بارغان يېرىمىزدە ئولتۇرغۇم كەلمەي، كېتىشكە ئالدىراپ، ئاپا كېتەيلى، كەچ بولۇپ كەتتى! دەپلا تۇرغانىدىم. دېمەك، سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى كۆڭلۈم تۇيغانىكەن ـ دە، — دېدى.

مۇئەززەز يۈركەنجىسىنى يېشىپ، يۈسۈپكە قاراپ:

— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ. مەن تاماق تەييارلاي! — دېدى ۋە يۈسۈپنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، ئالدىغا قاراپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى، — بىرنەرسە ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ، يۈسۈپ؟ ئۆيدە يەيدىغان ھېچ نەرسە قالمىغانىدى ...

يۈسۈپ تۇرۇپلا قالدى:

— ئۆيدە يەيدىغان بىرنەرسە قالمىدىمۇ؟

— ياق، يۈسۈپ، ھېچ نەرسە يوقمۇ ئەمەس، ئازراق يارما پولۇسىغۇ بار، بىراق، سەپەردىن كەلگەن ئادەم تويماي قالارمىكىن ياكى كۆڭلى باشقا نەرسە خالامدىكىن دەپ سوراپ باققىنىم، بىر نەرسە ئالغاچ كەلمىگەن بولسىڭىز، باشقا نەرسە قىلىشنىڭمۇ ئورنى يوق. تالاغا چىقىپمۇ يۈرمەيلى، ئازراق چىلىغان كۆكتات بار. پولۇنى ئۇنىڭ بىلەن يېسىمۇ قاملىشىدۇ. بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن بۇلارنى تەييارلاپ بولۇپ چاقىرىمەن، بولامدۇ؟ — مۇئەززەز شۇنداق دەپلا يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

يۈسۈپ تۇرغان يېرىدە مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى.

www.uyghurkitap.com

يېزىدا نان، سۇزمە، قېتىق، تۇخۇمغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن قورساق تويغۇزۇپ ئادەتلىنىپ قالغان يۈسۈپكە بايا تۆۋەنكى قەۋەتتە يېگەن يارما پولۇسى ھېچقانداق تۇيۇلمىغانىدى. بىراق، ھازىر ئۆزىنىڭ سالاھىددىن بەيىنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ئويلىغاندا، قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى يوق ئاددىيلا پىشۇرۇلغان يارما پولۇسىنى چىلىغان كۆكمۇچ بىلەنلا ئىستېمال قىلىش ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر خىل ئېچىنىشلىق خاتىرىلەرنى قوزغىدى. يۈسۈپنىڭ قورققان كۈنلىرى ئەمدى كەلگەنىدى. دېمەك، ئادەمنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر باجگىرلىك خىزمىتىدىن ئالىدىغان مائاشقا قاراشلىق بولۇپ قالغان بۇ ئائىلە ئاددىي يارما پولۇسى بىلەن جان باقىدىغان ئائىلىلەر قاتارىغا كىرىپ قالغانىدى.

ئۇ قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىشكاپ، بوش خالتىلار بىلەن تولغان يېشىل ساندۇقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، «ئاھ، بۇ دۇنيا نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇڭشىپ قويدى.

يۈسۈپنىڭ بېشى قېتىپ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى. باشقا چارە يوق، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ، يۈسۈپ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى مانا شۇئاندا ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدى.

ئاستىنقى قەۋەتتىن شاھىندەنىڭ ۋارقىراپ چىقىۋاتقان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ مۇئەززەزنىڭ يالۋۇرۇۋاتقان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى. يۈسۈپ ئىشىككە يېقىن بارغاندا مۇئەززەزنىڭ: «جېنىم ئانا، خۇدانىڭ ھەققىدە ۋارقىرىمىساڭچۇ!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: «ئەستاغپۇرۇللا بۇ خوتۇننى! ...» دەۋەتتى، دېدى ـ يۇ، ئۇنىڭدىن رەنجىشكە ھەققى يوقلۇقىنى، شاھىندەنىڭ بۇ

ۋارقىرىشىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇرۇنسىز دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. بۇ ئايال، كۆيۈئوغۇل دېگەن ئۆينى باقمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ، دەپ قارايتتى ۋە قىزىنى مۇشۇنداق بىراۋغا بېرىپ قويغىنىغا كۆڭلى بەك يېرىم ئىدى. مۇشۇ ئۆي مېنىڭ بېشىمغا كېلىدۇ دەپ ئويلىمايلا بىر ھاكىمنىڭ قىزىنى يولىچە ئەمەس، تېخى «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئەپقېچىپ ئېلىۋالغان بۇ ئوغۇلنى قېيىنئانىسى نېمە دېسە ھەققى بارغۇ.

يۈسۈپ: «قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىگە بۇ سوئالنى قويغاندا بەكمۇ گاڭگىراپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بۇ ھەقتىكى ئوي - پىكىرلىرى بۈگۈنكى بۇ دەرد - ئەلەملىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. بۈگۈن ئۇ كېلەچىكىنى، تۇرمۇشىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى ئويلىمايتتى.

يۈسۈپ ئۆزىنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى پاسكىنا بىرنەرسىنىڭ ئۈستىگە تۈكۈرۈۋاتقان چاغدىكىدەك يىرگىنىش تۈسىنى ئالغانىدى. كۆڭلىدە ئۆزىنى باشقا بىر يۈسۈپتەك ۋە ئۇ بىر پارچە نان ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلاردىن باج يىغىمەن دەپ ۋارقىراپ - جارقىراۋاتقان يەنە بىر يۈسۈپكە زاڭلىق نەزەرى بىلەن قاراۋاتقاندەك ۋە ئۇنىڭدىن يىرگىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يۈسۈپ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى.

بۇ چاغدا مۇئەززەزنىڭ: «يۈسۈپ تاماق يەڭ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

يۈسۈپ پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشتى. سوغۇق چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇلار ئىككى يەرگە ئوت يېقىپ يورۇشنىڭ ئورنىغا تاماقنى

ئاشخانا ئۆيدە يەيدىغان بولۇشقانىدى. ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يوغان تاۋاقتا يارما پولۇسى تۇراتتى ۋە ھەرقايسىسىنىڭ ئالدىغا بىر توغرامدىن قاتتىق نان قويۇلغانىدى. يۇسۇپ:

— مەن بايا كېلىپلا بىرنەچچە كاپام پولۇ يەۋالغان، ئىشتىھايىم يوق ! — دېدى.

شاھىندە غەلىتە بىر كۈلكىسى بىلەن:

— ئاچ بولساڭمۇ بارى شۇ، بۈگۈنكى بۇ تامىقىمىزنىڭ ئانچە يېگۈچىلىكى يوق، — دېدى.

مۇئەززەز ئانىسىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

شاھىندە يەنە شۇ غەلىتە تەبەسسۇم بىلەن:

— بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭنى بىلمەپتۇق، ساڭا بىرنەرسە تەييارلىيالماي قاپتىمىز ! — دېدى.

مۇئەززەز «بۇنداق دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوقتىغۇ، ھەممە ئىش ئۆزىگە ئايانغۇ ! » دېگەندەك قىلىپ ئانىسىغا قارىدى.

يۇسۇپ بىر قوشۇق پولۇنى ئېلىپ بىرنەچچە مىنۇت ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئۇستەل يېنىغا قويۇلغان پاكار ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىدىكى پانارنىڭ يورۇقى مۇئەززەزنىڭ ئىنچىكە قوللىرىنى تاتىراڭغۇ كۆرسەتتەتتى. بۇ قوللارنى كۆرۈپ يۇسۇپ چۆچۈپ كەتتى ۋە بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ مۇئەززەزگە قارىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇئەززەزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مۇئەززەزنىڭ چىرايىدا يېقىملىق، بىراق مىسكىن بىر خىل تەبەسسۇم پەيدا بولدى، يۇسۇپ قوشۇقنى ئاستا قويۇپ:

— يا رەببىم، بۇنىڭغىمۇ شۇكۇر ! — دېدى.

ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان شاھىندە بىلەن مۇئەززەزمۇ بۇ ئېغىر كۆڭۈللەرنىڭ ئاخىرلىشىشىنى تىلەپ بۇ ئىشارەتكە قوشۇلغاندەك قوشۇقلىرىنى دەرھال يەرگە قويۇپ:

— يا رەببىم، بۇنىڭغىمۇ شۇكۇر ! — دېيىشتى.

## 10

زەيتۇن پىشىشقا تېخى ۋاقىت بار ئىدى. يۈسۈپ ئۆزلىرىنىڭ زەيتۇنلۇقىنىڭ كۆكىنى سېتىۋېتىش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ئادەم ئۇقۇشقىلى تۇردى. لېكىن، بۇنىڭغا خېرىدار چىقمىدى. ھەرقانداق ئادەم زەيتۇن كۆچەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنى كۆرمەي تۇرۇپ ئېلىشنى خالىمايتتى.

مۇئەززەز بىلەن يۈسۈپنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ساتىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. دادىسى بىر ۋاقىتلاردا ئېلىپ قويغان بىرمۇنچە زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى شاھىنەدەنىڭ تارتمىسىدا قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. بۇنى نە يۈسۈپ، نە مۇئەززەز سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەھۋال قانچە ئېغىر بولسا بولسۇنكى، شاھىنەدە بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يۈسۈپ مۇئەززەزنى بىر دوستىدىن تاپقان ئىككى مەجىدىيە بىلەن تاشلاپ قويۇپ يېزىغا كەتكىلى ئون كۈن بولدى. قىرىق تەڭگە قىممىتىدىكى بۇ پۇلنى خەجلەپ بولغان مۇئەززەز يۈسۈپنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى، بىراق ئۇنىڭ كەلسىمۇ ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئەھمىيەتسىز كۈتۈشكە ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى.

شاھىنەدە بولسا ئۆيگە بەك كەچ قايتىپ كېلەتتى، كۆپ ۋاقىتلىرىنى قوشنىلارنىڭ ۋە يېقىن ئادەملىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزەتتى.

ئۇ قىزى بىلەن ئاساسەن ئانچە سۆزلىشىپ كەتمەيتتى، مۇئەززەزنىڭ خىيالچان، سولغۇن ھالدا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشلىرىنى دىققەت نەزەرى بىلەن كۆزىتەتتى، قانداقتۇر بىرنەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك زېرىكمەيتتى، تېرىكمەيتتى ھەم ئالدىرىمايتتى.

شاھىندە قىزنىڭ تەرسالىقنى تاشلاپ ئۆزىگە يالۋۇرۇشىنى كۈتەتتى، بۇ ئۆيدە ئۆزىدىن سورىماي تۇرۇپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىقىدىغان خىجالەتچىلىكتىن ئۆزىنى قىلچە ئەيىبلىك ھېس قىلمايتتى.

ئۇ يۈسۈپنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى. بىراق، قىزىنى بۇ ھاياتتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش خىيالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرۇش كېرەك؟ بۇنى ئۇ ھېچقاچان ئويلاپ باقمىغان. بىراق، قىلىمەن دېسە ئۇمۇ قولىدىن كېلەتتى.

شاھىندە بۇ ئۆيدە ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا، بالىلىرىنىڭ ئۆزىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىگە ئىنتايىن خاپا ئىدى. ئۇلارنىڭ مانا شۇنداق ئېغىر ۋە ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆزىدىن مەسلىھەت ئالمىغانلىقىغا، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەل قىلىش يولىنى تېپىشنى ئويلىمىغانلىقىغا خېلىلا ئاچچىقى بار ئىدى.

ئۇمۇ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى، يۈسۈپ قاچان مۇشۇ ئۆيگە كەلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ بىرەر پالاكەتچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. راست، بۇ ئىش ئالدى بىلەن يۈسۈپنىڭ ئۆز بېشىنى سىلىغان ئادەمنىڭ قىزىغا كۆز تاشلىشى بىلەن باشلانغان. رەھمەتلىكمۇ مۇشۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغان ۋە يول قويغان. دېمەك، گۇناھنىڭ ھەممىسى شۇ رەھمەتلىكتە! شاھىندە ئۆز ـ ئۆزىگە: «ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن رەھمەتلىكنىڭ. يۈسۈپتىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايتتى!» دەپ قويدى. قانداق دېسىمۇ شاھىندەنىڭ ئۆزىدىن كۆرە يۈسۈپنى ياخشى كۆرىدىغان ئېرىگە خېلىلا ئاچچىقى بار ئىدى.

يۈسۈپ يېزىغا كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى شاھىندە تۆۋەنكى قەۋەتتە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سۆكۈلۈپ كەتكەن ئېتىكىنى تىكىۋاتاتتى. مۇئەززەز بولسا ئۈستىنكى قەۋەتتە كارىۋاتتا پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ ياتاتتى.

مۇئەززەزنىڭ قۇلىقى كوچىدا ئىدى. چۈنكى، يۈسۈپ ھېچقاچان ئۇنىڭدىن بۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ باقمىغان، ئۇ يۈسۈپنى بەكمۇ سېغىنغانىدى.

ئۇ كەچ كىرىش بىلەن كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىشنى ئويلىسا بېشى قاتاتتى. قۇرۇق داستىخاننىڭ بېشىدا ئۆزىنى قارغىغاندەك قىلىپ مەسخىرە كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. بۇ ئايالغا قارىتا كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭدا نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى، ئەگەر ئۇ ھازىر ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭغا ئېچىنمايدىغان، قايغۇرمايدىغاندەك قىلاتتى.

بىر ئۆيدە تۇرسىمۇ بىر ـ بىرىگە تامامەن يات ئادەملەردەك ئۆتۈش تېخىمۇ ئېغىر ئىش، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىسى ـ دە.

مۇئەززەز بىر مەزگىل ئانىسىغا بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىسىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى سەزگەنىدى.

ئۇ يۈسۈپنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. بۇرۇن تۇرمۇشتا قىينالماي ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئانىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قاراپ تۇرۇپ بۇنداق يوقسۇزلۇققا ئۇچرىشىلا ئۇنى بىرئاز خاپا قىلاتتى.

ئاخىرىغا بېرىپ ئۇنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولمىغانلىقىمۇ ئانىسىنىڭ گۇناھىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ مۇڭدىشىپ باققانمىدى؟ يۈسۈپ بولسا بۇ ئۆيدە قاش ـ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، سوغۇق قىياپەتلىك شاھسەنەمنىڭلا گېپى گەپ ئىكەنلىكىنى بىلمەسكە سالاتتى. دېمىسە بولمايدىغان بىرەر ئىش توغرا كېلىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى ئېغىزلا سۆز قىلىپ قوياتتى. نېمىلا قىلغان بىلەن بۇ ئايال يەنىلا ئۆينىڭ چوڭى ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسىغۇ. ئارىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش

ئۇچۇن بىرىنچى قەدەمنى يەنىلا بالىلىرى بېسىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇ يۇسۇپ كەلگەندە بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېيىشنى ئويلىدى. ئۇ بۇ ئۆينىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېغىرچىلىقىنى تەڭ تارتىشىدىغان بىرەر ئادەمگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يالغۇزلۇق ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى.

شۇ چاغدا پەلەمپەيدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىۋىدى، مۇئەززەز جىددىيلىشىپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ كۆڭلەكلىرىنى شتىرلىتىپ كېلىۋاتقان شاھىندە ئىدى.

شاھىندە ئۆيگە كىرگەندە مۇئەززەز دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئانىسى:

— يېتىۋەر، قىزىم، دەم ئال! — دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇلار بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرۈشمەي ئولتۇرۇشتى. كېيىن شاھىندە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— ئېرىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى نەلەردە يۈرىدىكىن؟ — دېدى.

— ئەزبىرايى، بىلمەيمەن، جېنىم ئانا! — مەنمۇ ئەندىشە قىلىپ قالدىم.

— ياق ... ئەندىشە قىلىدىغان بىر ئىش يوق. ئۇلارنىڭ ئىشى مۇشۇنداق. بىراق، بۇ قېتىم بىرئاز كېچىكىپ قالدى!

مۇئەززەز جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن شاھىندە يەنە:

— ساڭا شۇنى دەپ قوياي، قىزىم. مەن بىلەن بىللە، ھەتتا قوشنىلارنىڭ ئۆيىگىمۇ چىقماي ئۆيگە سولىنىپ يالغۇز ئولتۇرىسەن، ئەگەر مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، ھالىڭ قانداق بولار؟ مېڭەڭدىن ئايرىلىپ قالامسەنكىن دەپ قورقىمەن! — دېدى.

— قانداق قىلاي، ئاپا؟

— مەن بارغان يەرلەرگە بىللە بېرىپ، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئىچ ـ قارنىڭنى ئاچماسەن !
— ئۇ يەرلەردە زېرىكىپ قالىدىكەنمەن.
— بۇ يەردە يالغۇز قالساڭ كۆڭلۈڭ بەك ئىچىلىدىكەن ـ دە؟
«راست، بۇ يەردە كۆڭلى ئېچىلامدۇ؟ ھەمىشە ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەن دوستلىرىنىڭ يېنىغا بېرىش بۇ جىمجىت سوغۇق ئۆيدىنمۇ زېرىكىشلىكمىدۇ؟» مۇئەززەزنىڭ كاللىسىدىن مانا شۇ خىيال غىل ـ پاللا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئانىسىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي:
— كىم بىلىدۇ، جېنىم ئاپا ! كۆڭلۈم زادى تارتمايدۇ ! — دېدى.
شاھىندە ئۇنىڭ تىزىغا ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ:
— گېپىمنى ئاڭلا، قىزىم ! — دېدى، — قارا سەن تېخى ئەمدىلا ئون بەشكە كىردىڭ. سەن ھېلىتىن تىرىك گۆرگە كىرىۋالغاندەك يۈرسەڭ نېمە بولغىنى؟ بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ يۈرەك ـ باغرىم قان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ مۇشتۇمچىلىك قىز بالىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار دەپ خىيالغا چۆكۈپ كېتىمەن. مەنمۇ بىر ئانىغۇ ! — شاھىندە يىغلاشقا باشلىدى. مۇئەززەزمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى. شاھىندە تىترەك ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئۆيدە تۇرغۇم كەلمەي تالاغا چىقىپ كېتىمەن. بۇنى ئانام خالاپ قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن. ئۆيدە ئولتۇرسام ساڭا قاراپ يۈرىكىم ئېزىلىدۇ. شۇڭا، كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ چىقىپ كېتىمەن. تەقدىر شۇنداق ئىكەن، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى تارتماي ئىلاجىمىز يوق. ھەر ھالدا مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەسمىز. بۇنىڭ ئاخىرىدا بىر خەيرلىك باردۇر. بىراق، ئادەم بالىسى دەرد تارتىپ ئازاب چېكىۋەرسە ساراڭ بولۇپمۇ قالىدۇ. يا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، ماۋۇ مېنىڭ ئانامتىغۇ دەپ

يۈرىكىڭدىكى گەپلەرنى قىلىپ بەرمەيسەن... مۇنداقمۇ ئانا ـ بالا بولامدۇ؟ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە بولسىمۇ، ئانىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدىغۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئاناڭ ـ دە، مەن. سېنى توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان. سەن ماڭا يات ئادەملەردىنمۇ بەتتەر سوغۇق مۇئامىلىدە بولساڭ خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟

مۇئەززەز يىغلىۋەتتى. ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنىڭ گىرىم قىلىنغان يۈزىنى يۇيىۋەتتى. شاھىدەمۇ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغلىيالماي دەردلىرىنى تۆكۈۋالغاندەك بولدى. شۇئاندا ئۆزىنى قۇچاقلاپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان قىزىغا ئۇنىڭدا چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت قوزغالدى.

ــ قىزىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال! ــ دەپ يەنە گەپ باشلىدى ئۇ، ــ سەن تېخى ياش، ئۆزۈڭنى كىشىلەردىن قاچۇرۇپ يۈرسەڭ، كېيىن ئىسىت دەپ قالىسەن. كونا دوستلىرىمىزنىڭكىگە ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئۇلار سېنى سورىشىدۇ، ئادەمنىڭ زەھرىنى ئادەم ئالىدۇ دېگەن گەپ بار. ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، بىرەر ئېغىز چىرايلىق سۆزمۇ كىشىگە روھىي ئوزۇق بولىدۇ. سەن مۇشۇنداق، ئۆيدىن تالاغا چىقماي، بىز ئەمدى گاداي بولۇپ قالدۇق، جېنىمىزنىمۇ باقالمايدىغان بولدۇق، ۋاي، قانداق قىلارمەن، ئېرىم ئەجەب كەلمەيدىغۇ، دەپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرغىنىڭ بىلەن ئېرىڭ بولغۇچى ئادەم نېمە قىلىۋاتىدۇ، سەن ئۇنى بىلەمسەن؟ توخۇ، تۇخۇم يەپ، سۈت ـ قايماق ئىچىپ قورسىقى توق، ئات ئويىنىتىپ كەيپ ـ ساپا سۈرۈپ يۈرىدۇ. خوتۇنۇم نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ نېمە بىلەن جان بېقىۋاتقاندۇ، دەپ غېمىڭنى يەۋاتامدۇ؟

شاھىدە يۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، يۇسۇپ توغرىسىدا ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ ئىچىدىكى پۈتۈن دەرد ـ ئەلەمنى چىقىرىۋالدى. مۇئەززەز قولى بىلەن ئانىسىنىڭ ئاغزىنى

ئېتىۋېلىپ:

— جېنىم ئانا، ئاغزىڭنى يۇم ! — دەپ يالۋۇردى، — ماڭا يۇسۇپنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچى بولما. يۈرىكىم ئاغرىيدۇ ...

شاھىدە قىزىنى باغرىغا بېسىپ:

— سېنى رەنجىتكەنلەرنىڭ جازاسىنى خۇدا بېرەر، ئىنشائاللا ! — دېدى.

مۇئەززەز يەنە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ:

— ئانا، — دېدى، — خۇدا ھەققى، بۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولما. نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي، خالىغان يېرىڭگە بىللە باراي، يۇسۇپكە ياخشى مۇئامىلىدە بول. ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك كۆزۈڭ بىلەن قارىما ... ئۇنىڭ كۆڭلى مېنىڭكىدىنمۇ بەتتەر سۇنۇق.

— قىزىم، كۆڭلى سۇنۇق بولغان ئادەم نېمىشقا ئۇيلاپ ئىش قىلمىغان. ئادەمنى ئەپقېچىپ كېتىش شەرەپ ئەمەس، قورساقنى تويغۇزۇش شەرەپ ... ھەي، ئەخمەق قىز !

مۇئەززەز ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ئانا ! ...

— بولدى، قىزىم، بولدى، ئاغزىمنى ئاچماي. ئۇنداق بولسا تۆۋەنگە چۈشۈپ، بىر چىشلەم بىر نەرسە يەيلى. كاشكى ئۇ تېخى بولسا ...

مۇئەززەز ئانىسىنىڭ بىگىزدەك سانجىلىپ تۇرىدىغان زەھەر گەپلىرىنى بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ تولا ئاڭلاپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى، شۇڭلاشقا ئارتۇق جاۋابلاشماي كۆزىدىكى يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشتى ـ دە، يېشىل ياغاچ ساندۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان داستىخاندىكى يېرىم ناننى، ئوچاقنىڭ بېشىدا ئېسىقلىق تۇرغان خالتىدىن قوشۇقلارنى ئېلىپ، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ داستىخان تەييارلىدى.

## 11

شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەر شۇنداق تېز، ئوڭغاي ئۆتۈشكە باشلىدى، ئىشلارنىڭ قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى مۇئەززەزمۇ سەزمەي قالدى. دەسلەپكى كۈنلەردە كونا تونۇشلار ۋە مەھەللىدىكى قوشنا ـ قولۇملار بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىشلەر خېلى كۆپىيىپ قالدى. ھىلمى بەيلەرنىڭ ئۆيى بولسا، ئۇلارنىڭ دائىم بېرىپ تۇرىدىغان ئۆيلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ دائىملىق زىيارەتلىرىمۇ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنىدىغان بولدى. ئۇلار ھەپتىدە بىرنەچچە قېتىم كەچكى تاماققا تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆيلىرىگە كەچ قايتتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ بېرىش ـ كېلىشلەر ئاياللار ئىچىدىلا بولۇپ قالماي، دەسلەپتە ھىلمى بەي، كېيىن ئاستا ـ ئاستا شاكىرلارمۇ كەچكى تاماقتا مېھمان شاھىندە ۋە قىزى مۇئەززەز بىلەن بىللە بولىدىغان بولدى. بەزىدە بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شاھىندەنىڭ ئۆيىگە پاتېفونلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىپ يېرىم كېچىگىچە كۆڭۈل ئېچىشىدىغان بولۇپ قالدى. مۇئەززەز دەسلەپكى كۈنلەردە بۇنىڭدىن بىرئاز قورققان بولسا، كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالدى.

يۇسۇپ ھەپتىدە ياكى ئون بەش كۈندە بىر چارچىغان ۋە ھالى خاراب ھالدا قايتىپ كېلەتتى ـ دە، بىر كېچىلا قونۇپ ئەتىسى سەھەردە ئەزان بىلەن تەڭلا يەنە كېتەتتى. زەيتۇنلارنى يىغىۋالىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا، مەھسۇلاتنى شېخىدا تۇرغۇزۇپ ساتىدىغان دېھقانلاردىن باج ئېلىش باشلانغانىدى. مالىيە ئىشلىرى باشلىقى بىلەن ھاكىم توختىماي يېڭى ـ يېڭى بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ، يۇسۇپنى بۇرۇن بېرىپ باقمىغان يېزىلارغا ئەۋەتىشكە باشلىدى.

بىرنەچچە ئاي داۋام قىلغان بۇ ئەھۋال مۇئەززەزنى ئازدۇرۇپ

ئاستا ـ ئاستا يۈسۈپنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ پەقەت بەزەن كەچلىرى ئۆيىدە يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنى سېغىناتتى. ئۆزئارا زىيارەتلەر باشلانغان ۋاقىتلىرىدا ئۇ ئانىسىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە يۈسۈپكە ھېچ نەرسە دېمەيدىغان، ئاغزىنى چىڭ تۇتىدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان، ھەتتا بەزىدە ئالاھىدە يالغان سۆزلەرنى توقۇپ چىقىرالايدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى يوق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ راھەتكە چىقىپ قېلىشقانىدى. ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ تەگمەيدىغان، مۇئەززەزمۇ يۈسۈپنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىشلارنى دەپ يۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. يۈسۈپنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق، ئۇنى بۇ ئېغىر تۇرمۇشتا قىيناپ قويماسلىق مۇئەززەزنى خۇشال قىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى مەلۇم تەرەپتىن توغرا دەپ ھېسابلايتتى.

بۇ يولدا ماڭغان ھەربىر قەدەملىرىنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرى ئۇلارغا تەييار ئىدى. ئانىسىمۇ ئۇنى داۋاملىق گەپ ـ سۆزلىرىدە قوللاپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدا كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئاستا ـ ئاستا ئازلاشقا باشلىدى.

مۇئەززەز خۇددى مەست ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى، بىراق چىرايىدا باللارغا خاس بىر خىل تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى. قورقۇش ئىپادىلىرى ئارىلاشقان بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭغا تېخىمۇ يوشۇرۇن بىر خىل گۈزەللىكنى بەخش ئېتەتتى. ئۇ ئاندا ـ ساندا ئويلىنىپ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ، قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىدە ئانچە چوڭ يامانلىق تەرەپنى ھېس قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسى ئۇنىڭ بىللە بىللە ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ قارايتتى، ھەتتا ئىشلارنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇراتتى. دېمەك، مۇئەززەزگە گەپ كەلمەيتتى ۋە ھېچكىمگە يامانلىق قىلغىنىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بىرنەچچە يېقىن دوستلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈش چوڭ جىنايەت

ھېسابلانمايتتى، تېخى بۇنىڭ بىلەن ئۆيلىرىدىكى ھېلىقى كۆڭۈلسىز قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنىمۇ تۈگەتكىلى بولاتتى. يۇسۇپ بولسا شاھىنىدەنىڭ مەنىلىك ۋە مۇئەززەزنىڭ ھەسرەتلىك قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى، ھەتتا ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئاخشاملىرى شاھىنىدە ئۇنىڭغا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، مۇئەززەز ئۇنى تولۇپ تاشقان قىزغىن مۇھەببەت بىلەن قارشى ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

چارچاپ كەتكەنلىكتىن بىرنەرسە ئويلاشقىمۇ ھالى قالمىغان يۇسۇپ پەۋقۇلئاددە مۇئامىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۇخلايتتى ۋە ئەتىسى ئادەتتىكىدەك تاڭ سەھەردىلا كېتىپ قالاتتى، بىراق ئۆزى خۇرسەن ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئۇ مۇئەززەزگە بېرىپ كەتكەن بىرنەچچە مەجىددىيە بىلەن ئۆيىنىڭ بۇنچىلىك باياشات بولۇپ كەتكىنىگە ھەيرانمۇ بولمىدى ۋە بىرنەرسە سەزگەندەكمۇ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغان بىرلا ئادىمى مۇئەززەز ئىدى. مۇئەززەزدىن پات ـ پات ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئۆز ئىشىدىن رازى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم يېزىغا ماڭغاندا خوتۇنىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى، بالىلارچە چاڭقىلداپ تۇرغان ئاۋازىنى خىيالىدىن پەقەت نېرى قىلالمايتتى، بۇلارنى ئويلىغاندا چىرايىدا چوڭ كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل تاتلىق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولاتتى.

مۇئەززەز بولسا ھەر ۋاقىتتىكىدىن چىرايلىق ۋە ياخشى تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ماددىي قىيىنچىلىقلىرى ئازايغانىدى. ئۇ ئېرىگە ئۇقتۇرماي قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھېچقانداق يامان ئىش ئەمەسلىكىگە تولۇق ئىشىنەتتى، پەقەت ئېرى بىلەن ئورۇنسىز تاكاللىشىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ئۇ ئىشلارنى يوشۇرۇۋاتاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ۋىجدان ئازابىدىن خالاس بولۇپ، ئۆزىنى ئېرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەل، شاد ـ خۇرام كۆرسىتىپ يۈرەتتى. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ يامان ئىش ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى ئاساسلارنى

قوبۇل قىلىغاندىن كېيىن، باشقىچە ئويلاردا بولماي، بۇ يولدا تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ ماڭدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئۈچىغا چىقتى.

ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە ئولتۇرغان داستىخانلاردا ھاراق ــ شارابلارمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شاكىر بىلەن مۇئەززەرنىڭ ئانىلىرىمۇ بۇلاردىن ئىستىپال قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مۇئەززەز مەلۇم ۋاقىت قەتئىي ئىچمەسلىك تەرەپتە تۇرسىمۇ، بىر كۈنى بۇ ئاق رەڭلىك ئاچچىق سۇنى تېتىپ باقتى، كېيىن بېشىنىڭ خۇشخۇي قېيىۋاتقانلىقىنى قاقاھلىغان كۈلكىسى بىلەن ئىپادىلىدى.

ئۇ كېيىنچە ئادەتتىكى كېچىلەردىمۇ قەدەھلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداق كېچىلەردە شاكىرنىڭ ئانىسى بىلەن شاھىندە خېنىم قىزنى يالغۇز تاشلاپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تالاغا چىقىپ كېتىپ ئۆيگە خېلى ۋاقىتتىچە كىرمەيتتى. بىر قېتىم شاكىر ئۇلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دادىسىغا كۆزى بىلەن شەرەتلەپ، مەنىلىك ھىجىيىۋاتقاندا مۇئەززەز كۆرۈپ قالدى. بىراق، ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەرسە سەزمىدى. شاھىندە بىلەن ئۇ ئايالنىڭ بۇ خىل غەيرىي مۇناسىۋىتى ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى.

مۇئەززەز ئۆزىدىكى بۇ ئەھۋاللارنى نورمال ئەھۋال قاتارىدا كۆرۈستىشكە تىرىشاتتى، يوشۇرۇنچە ھېچ نەرسە سەزدۇرمىگەن بىلەن بۇ ئىشلاردىن بىرئاز قورقۇپمۇ تۇراتتى.

بىر ئاخشىمى شاكىر بەيلەر ئېگىز بويلۇق، سېرىقراق كەلگەن بىر ئادەم بىلەن بىللە كېلىشتى. ئانىسى بۇ يېڭى مېھماننى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى، مەزەلەرنى ئۆز قولى بىلەن ھازىرلىدى. ئەدرەمەت ھازىر ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى قىيىنچىلىقلىرىغا دۇچ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، شاھىندەلەرنىڭ ئۆيىدە ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدىنمۇ مولچىلىق بولۇپ قالغانىدى. مۇئەززەز داستىخاندا بىرنەچچە رومكا كۆتۈرگەندىن كېيىن، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ يىگى تەيىنلەنگەن ھاكىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ چىرايىغا لاپ ـ لاپ قاراپ قويىۋاتتى. دېمەك، دادىسىنىڭ ئورنىغا مۇشۇ چايان سۈرەتلىك ئادەم كېلىپتۇ ـ دە؟

ئۇ ئادەم بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ مۇئەززەزنىڭ يۈزىنى سىلىدى. مۇئەززەز بېشى قېيىپ تۇرغاچقا پېشانىسىنى تۇتۇپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىدىكى ھېلىقى كىشىنى كۆردى ـ دە، خۇددى چىۋىننى قورۇغاندەك قولىنى سىلكىۋېتىپ يەنە مۈگدەشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ھاكىم ئۇنى ئولتۇرغان يېرىدىن كۆتۈرۈپلا قۇچىقىغا ئېلىۋالماقچى بولدى. بۇ چاغدا مۇئەززەز ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەيپ ھالدا ئۆيدىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ دەلدەڭشىگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بىراق، بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. مۇئەززەزنىڭ قولىدا بىرمۇنچە ئالتۇن بىلەزۈكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر ئاخشىمى يۈسۈپ ئۇنىڭدىن بۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. بىر ۋاقىتلاردا ھىلمى بەيلەرنىڭ ھەدىيە قىلغان بىر جۈپ بىلەزۈكىنى يۈسۈپنىڭ قانداقلارچە مىجىپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپپەدە ئېسىگە ئالغان مۇئەززەز قورقۇپ كېتىپ:

— ئاپام بەردى. بۇرۇندىن تارتىپ بار ئىكەن. تارتمىدا تۇرغاندىن كۆرە قولۇمدا تۇرسۇن، دەپ بەردى، — دەپلا قۇتۇلدى.

ئۇ بۇنداق يالغان سۆزلەرنى ناھايىتى ئاسانلا توقۇپ چىقىرالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. يۈسۈپكە يالغان گەپ قىلىشتىنمۇ ئەيمەنمەيتتى. ئۇنى ئادەتتە كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئالداش لازىم، دىققەت ـ ئېتىبارىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىياللىرى يۈسۈپنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ مۇھىتقا سىڭىشتۈرگاندا، ئۇنىڭغا يۈسۈپ

بەكىمۇ ئاددىي ۋە ئارتۇقچە ئادەم قاتارىدا كۆرۈنەتتى، خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت، ئادەم دېگەن بۇنداقمۇ گول بولغان بارمۇ؟ يۈسۈپ تۆۋەندىكى قەۋەتتە كوچا تەرەپتىكى ئۆيدە يېڭىدىن پەيدا بولۇپ قالغان بىر ئۇستەلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا شاھىندە كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى باشلىقىنىڭ يېڭى كۆچكەن ئۆيىگە پاتماي قايتىپكەن، سىلەرنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ ئەكىرىپ قويغاندى! — دەپلا قويدى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا مۇئەززەز نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا ئىشكاپلارنى ئاچىدىغانلىقى، ئۇ يەردە يېقىندىن بېرى پەيدا بولۇپ قالغان سالفېتكا، ۋىلكا، پىچاق ۋە قوشۇقلارنى كۆرۈپ قالسا قاتتىق خاپا بولىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى يىغلاپ تۇرۇپ ئىقرار قىلىپ ئەپۇ سورايدىغانلىقىدىن تارتىپ ھەر ئېھتىمالنى كۈتكەنىدى، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغىمۇ خېلى ئاچچىقى بار ئىدى، شۇنچىلىكمۇ غەم يېمەس بولامدۇ، دەپ ئىچى تىتىلدايتتى، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ پانارنى ئېرىنىڭ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان يۈزىگە تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتكۈسى كېلەتتى:

«يۈسۈپ! ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مېنى قوچاقلاڭ! ... يۈسۈپ، مەن نەگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، بىلەمسىز!؟»

ئۇ ئىلاجسىز، پانارنى ئاستا ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇپ يوتقاننى ئاچاتتى - دە، جىمجىت ئۇخلاۋاتقان ئېرىنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتاتتى.

ھەممە ئىش ئۆز جايىدا ئىدى. بىراق، مۇئەززەز چىدىغىلى بولمايدىغان بىر ئېزىتقۇنىڭ ئۆزىنى ئازدۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئىرادىسىنىڭ ئۆزىنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ چىقىشقا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاندا - ساندا پەيدا بولۇپ قالغان ھېسسىي كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كېتىپ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ

كېتىشنى ئويلايتتى. بۇ ئادەم يۇسۇپ بولماي كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ھالبۇكى ئۇ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز، كېتىنى توقۇپ خاتىرجەم يېزىغا كېتەتتى، مېڭىش ۋاقتىدا زاڭلىق قىلغاندەك ئۇنىڭ قولىغا بىرنەچچە دانە كۈمۈش پۇلنى تۇتقۇزۇپ:

— بۇنى ئېلىپ تۇر، جېنىم. مۇشۇ پۇلنى يەتكۈزۈپ تۇرارسەن! — دەيتتى.

يائاللا، يۇسۇپكە نېمە بولغاندۇ، تا ھازىرغىچە ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغۇ؟ ئۇ پۈتۈن ئەدرەمىتكە پۇر كېتىۋاتقان بۇ ئەھۋالنىڭ بىرەر يىپ ئۇچىنى بولسىمۇ سەزمىگەنمىدۇ؟ ۋىجدانلىق قوشنىلىرى بىلەن يېقىن ئادەملىرى بۇلاردىن ئالاقىنى ئۈزگەنىدىغۇ؟ مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىرلىشىپ بىرەر ھەرىكەت قىلماسلىقىدىكى سەۋەب بۇ ئىشقا ھاكىمنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەكى مۇنداق ئىشلارغا باشلامچىلىق قىلغانلارنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كېتىش خەۋپى ئىدى. بۇلاردىن باشقا شەھەردىكى قېرىلار بىلەن مېيىپلار بولسا تىرىكچىلىك كويىدا ئۇلارغا نەزەر سالغۇدەك ئەھۋالى يوق ئىدى.

مۇئەززەز بەزى كۈنلىرى ئاينىپ قالغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كېتەتتى. ئۆزلۈكىدىنلا «يۇسۇپ، يۇسۇپ!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى، ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىشىنى، ئۆيگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشىنى، ھەتتا پىچاق كۆتۈرۈپ، بۇ يەرنى ئوت ـ تەي قىلىۋېتىشىنى خالايتتى، چۈنكى شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلاردىن قۇتۇلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى، بۇنداق بولمىغاندا، بۇ ئىشلارنى يۇسۇپكە ئۆزلۈكىدىن زادىلا دېيەلمەيتتى ياكى بولمىسا ئانىسىغا قارشى چىقىپ باشقا ياشاش يولىنى تاپالمايتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، قانداقلا بولسۇن بۇ قېتىم ياخشى ئاقىۋەت چىقمايتتى. ئۆيدىكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى يۇسۇپ سېزىدىغانلا بولسا، ھەممە ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشىنەتتى ـ دە، مۇئەززەز قورققان ۋە كۈتكەن قىزىل

قىيامەت شۇ چاغدا چىقاتتى. ئۇ ئانىسىغا قارشى چىقىپ بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىغا كىرىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە تاقابىل تۇرالايتتىمۇ؟ ياق، ئۇ ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ داغدام يولدىن بەكمۇ يىراقلاپ پاتقاققا بارغانسېرى چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ يەردىن ئۆزىنى تارتىۋالغۇدەك بىراۋنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى.

ئەمدى ئۇ بالدۇرراق كەچ كىرىشىنى، داستىخانلارنىڭ سېلىنىشىنى ياكى باشقا يەرلەرگە بېرىشنىلا خالايتتى. ئۇ ھازىر ھاراقنى سەسكەنمەيلا ئىچىدىغان ۋە قولىغا كۈمۈش بىلەزۈك تاقاپ قويغان ئەرلەرنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنقىدەك نەپرەتلەنمەيدىغان بولدى.

ئەمدى كەچلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان كەيپ ـ ساپالارغا ھاكىم تاپقان بىرنەچچە سازەندىلەر بىلەن ژاندارما كوماندىرى قەدرى ئەپەندىمۇ قاتنىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، شاكىرنىڭ ئانىسى كېيىنكى كۈنلەردە بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا زادىلا كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. ئېھتىمال شاھىندەلەرنىڭ ئۆيىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئالغان نامىلىرىغا ماسلاشقۇسى كەلمىگەندۇ. مىڭ قىلغان بىلەن ئۇ ئەدرەمىتكە يەرلىك بولغاچقا، ئائىلىنىڭ ئىناۋىتىنى ئويلىشى كېرەك ـ دە. نەغمە ـ ناۋا كېچىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى خالىسا شاھىندەگە ئوخشاش خىزمىتىدە بولىدىغان باشقا مەنسەپدارلارنىڭ ئاياللىرىنى تېپىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن ئىش ئەمەسقۇ.

يېڭى كەلگەن ھاكىم دائىم كېلىپ تۇرىدىغان مېھمانلار قاتارىغا ئۆتتى. ئۇ سوغۇق مۇئامىلىسى ئاستا ـ ئاستا تۈگەپ كېتىۋاتقان مۇئەززەزگە مۇھەببەت ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن پاراڭ قىلىپ بېرەتتى ۋە ئۇنىڭغا مائاشىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك خەجلەپ بېرىپ ھەدىيەلەرنى توشقۇزۇۋەتكەنىدى. شاكىر بۇ ئەھۋاللارغا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىدە مۇئەززەزگە بولغان مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى يۇسۇپكە بولغان ئۆچمەنلىك ھۆكۈم سۈرەتتى، مانا، مۇئەززەز ئاتاقتا يۇسۇپنىڭ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خەقنىڭ ئىلكىدىغۇ. ئۇنىڭ قۇچاقتىن ـ قۇچاققا يۆتكىلىپ ئوينىتىلىپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى يۇسۇپ ئۈچۈن زور پاجىئە. ئۇ قانداقلا دېگەنبىلەن، بۇ «ۋەھشىي» يۇسۇپتىن يېگەن مۇشتىنىڭ ئۆچىنى چىقاردى. بىر ۋاقىتلاردا بۇ قىزغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىمۇ قارىيالمايتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنى سائەتلەپ قۇچىقىغا ئېلىپ ئوينىتىۋاتىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، ئۆزىگە تەگمىگەن بۇ قىزنى تېخىمۇ رەسۋا قىلامدۇ تېخى.

ھاكىمنىڭ قاتتىق بېسىپ سۆيۈشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېپىرلاۋاتقان مەست ھالەتتىكى مۇئەززەزنى كۆرگەندە شاكىر ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا ئېچىناتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى خېلىلا رەنجىتكەن ئىشلارنى ئويلىغاندا يۈرىكىدە چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ قالغان ئۆچمەنلىكى قايتا قوزغىلىپ ۋە بولار ئىش بولۇپ بولدىغۇ دېگەن ھېسسىياتقىمۇ كېلەتتى.

شاھىندە ئەھۋالىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن سەل چۆچۈشكە باشلىدى. تۇرمۇشلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلىنىپ، ئۇستىباشلىرى زىبۇ زىننەتلەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كونا تونۇشلىرىنىڭ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي، ھەتتا ئۇلاردىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىئارام بولاتتى ۋە بۇلارغا نېمە بولغاندۇ، دەپ ئىچى پۇشاتتى. ۋاھالەنكى، ئۇلارغا نېمە بولغانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيدىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلە ئۇنىڭ بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماسلىقىدا ئىدى، خالاس. راست، ئۇ بۇ ئىشلاردىن بىر ئاز خىجالەتمۇ بولىدۇ. لېكىن، كۆڭلىدە ئۇنى ۋىجدان ئازابىدىن خالاس قىلىدىغان بىر ئىشەنچمۇ بار؛ ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى

قىزىنىڭ راھەت كۆرۈشى ۋە كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈنغۇ. ئەگەر يامان بىر ئىش قىلغان بولسا بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى يۈسۈپكە، ئۇنىڭدىن قالسا مەرھۇم ئېرىگە ئارتىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار بۇ ئۆيىنىڭ كىلەچەك ـ ئىستىقبالىنى ئويلاپ كاللىلىرى بىلەن ئىش قىلغان بولسا شاھىندە بىلەن قىزى ھازىرقىدەك خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالغان بولاتتىمۇ، خۇشامەت قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولغان بولاتتىمۇ، بولۇپمۇ يۈسۈپ يىللاردىن بېرى لاغايلاپ يۈرگۈچە بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان بولسا، مۇئەززەزگە كۆز تاشلىماي شاكىرغا ئۆتۈنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ھەر ھالدا باشقىچە بولمايتتىمۇ؟ يۈسۈپ مانا شۇلارنى ئويلاپ ئىش قىلمىغانكى، ئەمدى ئۇنىڭ ھەرقاندىق ئىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ھەتتا خاپا بولىدىغان ھەققى يوق. بولارنى ئويلىغانسېرى شاھىندە ئۆزىنى كۆيۈئۇغلىغا قارشى يامان ھەرىكەتتە بولۇش نىيىتى يوقتەك ھېس قىلىپ قالدى.

## 12

يۈسۈپ بىر كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ سوغۇقتا مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئىشىكنى خېلى ئۇزاق ئۇردى، بىراق ھېچكىم چىقمىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئىچكىرىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

يۈسۈپ ھويلىغا كىرىپلا شاھىندەنىڭ كۆزىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

ـــ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇخلىدىڭلارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ.

ـــ ئاخشام كەچ ياتقانىدۇق، شۇڭلاشقا ... ـــ شاھىندە كالپۇكلىرىنى ئۈمچەيتىپ قوشۇمچە قىلدى، ـــ ئۆيدە مېھمان بار ئىدى! ...

— ئوتداننى ياقمىدىڭلارمۇ؟

— ياق. سەن ئۆيگە كىرىپ تۇر، مەن يېقىپ ئەكىلەي.

يۇسۇپ جۇۋىسىنى يەشمەيلا يەرگە سېلىقلىق كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى هورداپ ئىسسىتىشقا باشلىدى، كېيىن هويلا تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— مۇئەززەز تېخى تۇرمىدىمۇ؟

شاھىنىدە دالاندا تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى:

— بىلمەيمەن، بەلكى تۇرمىغان بولسا كېرەك. سىنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلىغان بولسا تۆۋەنگە چۈشكەن بولاتتى.

— بېرىپ قاراپ باقايچۇ! — دېدى يۇسۇپ.

ئۇ يوڭ پايپاق كىيىۋالغان پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، پەلەمپەيلەرنى غىچىرلاتماي ئاستاغىنا يۇقىرىغا چىقىپ، ھۇجرىسىنىڭ قىيا يېپىقلىق تۇرغان ئىشىكىنى ئاچتى.

خوتۇنى سول يېنىنى بېسىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

يۇسۇپ خوتۇنىنى كۆرۈپ تۇرغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۇخلاۋاتقان خوتۇنىغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. كېيىن يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا تېخىمۇ سىنچىلاپ سەپسالدى.

يا رەببىم، ئۆزۈڭگە ئامانەت! بۇ ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ؟

مۇئەززەزنىڭ يۈز - كۆزلىرى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ تەر باسقان يۈزىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى، بۇرۇن چاناقلىرى كېڭىيىپ كەتكەندەك ھەربىر نەپەس ئالغاندا كېرىلىپ تۇراتتى، ئاغزى سەل ئوچۇق بولۇپ، چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكەرگەن ۋە سولغۇن قاپاقلىرى بىرئاز تۇرۇلگەنىدى. يۇسۇپنى تېخىمۇ قورقۇتقىنى ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى ئىدى. مەڭزىنىڭ بۇرۇنقى قىزىللىقلىرى يوقالغان، لەۋلىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئوڭ مەڭزى بىلىنەر - بىلىنمەس لىپىلدىغاندا ئۇنىڭ چىرايى ھەجايىغاندەك بولۇپ تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتەتتى. قاپاقلىرىنىڭ

تۇرۇلۇشى بىلەن ئاجايىپ بىر خىل يىرگىنچلىك پەيدا قىلىدىغان بۇ ھىجىيىش يۈسۈپكە تامامەن يات ئىدى. تېخىمۇ يىقىن كېلىپ قارىغانىدى، مۇئەززەزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سېپىسىق پۇراق ئۇنى سەسكەندۇرۇۋەتتى. ئۇ بۇنىڭ زادى نېمىنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى، ئادەتتە خوتۇننىڭ نەپەسىدىكى خۇشبۇي پۇراقلار بىلەن ھازىرقى پۇراق ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتى. يۈسۈپنىڭ بېشى گاڭگىراپ كەتتى. قولىنى ئالدىدا ياتقان بۇ ئىنسانغا ئۇزىتىپ: «سەن نېمە بولدۇڭ! ساڭا نېمە بولدى!» دەپ ۋارقىرىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق، ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ خوتۇننىڭ ئويغىنىپ غەلىتە ئەھۋاللارنى ئېيتىپ سېلىشىدىن قورقاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن بىرمۇنچىلىغان ۋەقەلەر ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بېشى قېيىپ يىقىلىپ كېتەي دەپ قالدى، يەنە غەيرىتىگە ئېلىپ ئاستا ھويلىغا چىقتى - دە، پەلەمپەيدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

يۈسۈپ ئىككى ئاي، توپتوغرا ئىككى ئاي خوتۇنغا سەپسېلىپ قاراپ باقمىغانىكەن. مانا ئەمدى باجگىرلىك خىزمىتىگە چۈشكەن بىرىنچى كۈنىدىكى سەھەر ۋاقتىنى ئەسلىدى. ئۇ چاغدا مۇئەززەز خۇددى ھازىرقىدەك ئۇخلاۋاتقان، لېكىن چىرايى ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى ئارىدا ئىككى ئاي ئەمەس، نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خوتۇنغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان نېمىدۇر؟

ئەسلىمىلەر، دىققەت قىلىنمىغان كىچىك ئىشلار، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئوي - خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. بەزىدە ئون يىلنىڭ ئالدىدا مۇئەززەزگە قىلغان بىر ئېغىز سۆزى، بەزىدە تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا شاھىدەنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالاتتى، بولۇپمۇ ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن كىچىك ۋە ئەرزىمەس ئىشلارنىمۇ ھەيران قالارلىق

دەرىجىدە ئېنىق ئېسىگە ئېلىۋالاتتى.

ھازىر بۇ ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىدا قورقۇنچلۇق بىر مەنىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭغا كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆزگە قىلىنغان مۇئامىلىلەر، بولۇپمۇ شاھىنىدەنىڭ كۆرسەتكەن ھۆرمەتلىرى ئالاھىدە گۇمانلىق تۇيۇلدى. مۇئەززەزنىڭ ھەم قورققاق، ھەم چىقىشقاق ھەم خۇشال، ھەم بەك مەيۇس ھالەتلىرى كىشىدە قانداقتۇر ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىياتنى قوزغايتتى.

يۇسۇپ غەزەپتىن مۇشتۇمىنى چېكىسىگە تىرەپ ئولتۇراتتى، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، پېشانىسى چوغدەك قىزىپ، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تۆۋەنگە چۈشتى ۋە كوچا تەرەپتىكى ئۆيدە ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىۋاتقان شاھىنىدەنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— بىزنىڭ ئايالنى نېمە قىلدىڭىز؟ ... مۇئەززەزگە نېمە بولدى! ... — دەپ ۋارقىرىدى.

شاھىنىدە يۇسۇپنىڭ تەلەتىگە قاراپ قورقتى - دە، دەرھال قولىنى تارتىۋېلىپ:

— مېنى قويۇپ بەر، مۇئەززەزگە نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى، كېيىنچە ئاستا - ئاستا كۆچىگىلى تۇردى. «بولار ئىش بولدى، ئەمدى نېمىدىن قورقاتتىم، بۇنىڭغا سەۋەب بولغان يەنە مۇشۇ يالاڭتۆش ئەبلەخقۇ. خۇدىنى بىلمەيدىغان ھارامزادە، تېخى نومۇس قىلماي ئالدىمغا كېلىپ ۋارقىراۋاتىدا؟» شاھىنىدەمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماي بىرنى دېسە ئوننى دەپ، تەڭ تۇرۇپ ۋارقىراۋەردى.

بىراق، يۇسۇپ ۋارقىرىمىدى، تىترىگەن قوللىرى بىلەن كارىۋاتنى تۇتۇپ ئاران ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ سەل بوغۇق، لېكىن سالماق ئاۋاز بىلەن:

— ئانا، ئىشىكنى يېپىپ كېلىپ ئولتۇرۇڭا! — دېدى.

شاھىنىدە يۇسۇپنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىدىن تېخىمۇ

تەشۋىشلەندى، شۇنداقتىمۇ ئىتائەتچانلىق بىلەن ئولتۇردى.
يۇسۇپ يەنە شۇ ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋام ئەتتى:
— ماڭا بىرنەرسە چۈشەندۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ئاڭلىغۇچىلىكىم يوق ... يۇقىرىقى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتقانلىقىڭ چىرايىنى كۆردۇم، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئۇ مەن كەتكەندە ئۇنداق ئەمەس ئىدى، كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، لېكىن سىزگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار. شۇنچە يىل بىر ئۆيدە ياشاپ كەلدۇق. بۈگۈنگىچە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئىككى ئېغىز تاكاللىشىپ باقمىغانىدۇق، ئەمدى گەپ قىلىش ۋاقتى يەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئىنشائاللا، مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك يامان يولغا كىرىپ كەتمىگەنسىلەر. بىراق، مەن سىزنى ياخشى بىلىمەن، سىز بېشىڭىز قايغان، پۇتىڭىز تايغان يەرگە كېتىۋېرىدىغان ئايالسىز. دادام ھايات ۋاقتىدا گەپ قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلمەيتتى. شۇڭلاشقا ئاغزىمنى ئاچمايتتىم. بىزنىڭ كۆزىمىزنىمۇ بوياپ ئارقىمىزدىن خېلى ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ باقتىڭىز. سىز بىر ئانا تۇرۇپ، قىزىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ۋەزىپىسى شۇ ۋاقتىدا يەنىلا بىزگە چۈشكەنىدى. دادام ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئەمدى بۇ ئۆينىڭ مەسئۇلىيىتى ماڭا چۈشتى. بۇغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەڭ مۇھىمى مۇئەززەزنى يولدىن چىقىرىدىغان بولسىڭىز، ئۇ كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ.
يۇسۇپ سۆزلەۋېتىپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى. خىيالىغا قايىل قىلارلىق بىرەر چىرايلىق سۆز كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپ بىردىنلا قاتتىق ئاۋاز بىلەن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئاپا، بۇ ئۆيدە زادى نېمە ئىش بولدى؟ ماڭا دېگىلى بولمايدىغان يامان ئىشلار بولغان ئوخشىمامدۇ؟ شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆيدە قانداق ۋەقە يۈز بەرسە بەرسۇن، بۇنىڭدا مۇئەززەزنىڭ قىلچە گۇناھى يوق. ئۇن بەش ياشتىكى قىزنىڭ نېمە گۇناھى بولماقچى؟ گەپ قىلىڭ دەيمەن. ئاخشام

www.uyghurkitap.com

كەلگەن مېھمانلار كىم؟

شاھىندە تېرىكتى ۋە يوغانچىلىق بىلەن ئۇتىڭغا قاراپ قويۇپ:

— بىلىشنى بەك خالاپ كېتىۋاتامسەن؟ — دېدى، — ئۇنداق بولسا دەپ بېرەي ... مېھمانلار ئارىسىدا ھاكىم، ئىززەت بەيلەر بار. سېنىڭ باشلىقىڭ، شەپقەتچىڭ ئىززەت بەي ... مەرھۇم داداڭنىڭ تاشلاپ كەتكەن ئائىلىسى ئاچمۇ، توقمۇ دەپ يوقلاپ كەپتۇ ...

يۇسۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى ـ دە:

— يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ ھال سورىدىمۇ؟ — دېدى.

— بىزگە قىلغان غەمخورلۇقى ئۇچۇن ئاز بولسىمۇ بىر يۇتۇم بىرنەرسە تەييارلىدۇق.

— قايسى قىلغان غەمخورلۇقى ئۇچۇن؟

— ھە، بىرنەرسە تەييارلىدۇق دېسەم، مەن تاشلاپ كەتكەن پۇلغا تەييارلاپتۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇسۇپنىڭ ئەرۋاھى ئۇركۇدى، ئۇ بوغۇلغۇدەك بولۇپ، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ھە، ئۇنداق بولسا نېمە بىلەن مېھمان قىلدىڭلار؟

— ئىززەت بەي، بۇ ئۆي ھاكىم ئائىلىسىگە ئوخشىماي قاپتۇ دەپ ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن ياردىمىنى ئالغاچ كەپتۇ.

— ئەجەبا، بۇ ئىشتىن مېنىڭ نېمە ئۇچۇن خەۋىرىم يوق؟

— مۇئەززەز ساڭا دېمىدىمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

— يالغان دەيسىز.

— ھەئە، سەن ھەممىنى بىلىسەن ئەمەسمۇ؟

— ماڭا ھاكىم بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېمىدىغۇ؟

— ساڭا قانداق دېيەلەيدۇ؟ سېنىڭ ئۆيۈڭنى مەن بېقىۋاتىمەن دېسۇنمۇ؟ سېنىڭ ئابرويۇڭنى ساقلاپ يۈزۈڭگە سالمىغاندۇ،

ئەلۋەتتە.

— مەن ھازىر بىرىپ ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا نېمىشقا ئارىلىشىسەن دەپ سورايمەن!

— سەنمۇ؟ قايسى يۈزۈڭ بىلەن سورايسەن؟ ئايدا تاپقان ئىككى يېرىم تەڭگەڭ بىلەن بۇ ئۆيىنى بېقىۋاتىمەن دەپ ئويلاۋېتىپسەن ـ دە؟ سېنىڭ ساۋاتسىزلىقىڭنى كۆزدە تۇتماي ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان بىر ئادەمگە قايسى يۈزۈڭ بىلەن بىرنەرسە دېيەلەيسەن. ئادەم بولىدىغان بولساڭ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك تېخى!

شاھىندە بۇ سۆزلەرنى ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدى ۋە سۆزلىگەنسېرى روھلىنىپ كەتتى.

يۈسۈپ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشتا قانداقتۇر بىراۋنىڭ بارلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، قېيىنئانىسىغا لايىقىدا سۆز تېپىپ بېرەلمەي قالغانىدى. ئۇ ھەر خىل ئويلىدى. بەلكى شاھىندەنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولۇپ ئىززەت بەي پەقەت ياردەم قىلىش ئۈچۈنلا بۇ ئۆيگە كېلىپ تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ. بىراق، بۇنىڭ مۇنداق بولۇشىغا يۈسۈپ ئىشەنمەيتتى. نېمىشقا؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

يۈسۈپ ئورنىدىن تۇردى، دالانغا چىقىپ ئۆتۈكىنى كىيدى ـ دە، زۇۋان سۈرمەي كوچىغا چىقىپ كەتتى.

تالا تۇمان ئىدى، سوغۇقمۇ خېلى بولۇۋاتاتتى. ئۆيىنىڭ ئىچىدىمۇ جۇۋىسىنى سالمىغان يۈسۈپ تالاغا چىقىپلا ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەپ كەتتى ۋە ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭغىلى تۇردى.

نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ مەنىسىز ئىدى، بولۇپمۇ شاھىندەنىڭ ئىشەنگىلىمۇ بولمايدىغان، قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ بولمايدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلاتتى. مانا ھازىر ئۇ پاتقاق يوللاردا، پاسكىنا سولارنى ئەتراپقا چاچرىتىپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن نەگە كېتىۋاتىدۇ، نېمىشقا كېتىۋاتىدۇ، بۇنى

ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققاندا ئاندىن قەدىمىنى توختىتىپ ئەتراپقا قارىدى. غۇرقىراپ نەم سوغۇق شامال چىقىۋاتاتتى. ئادەمنىڭ يۈزىگە ئاندا ـ ساندا ئۇششاق يامغۇر تامچىلىرى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. قاقشال دەرەخ شاخلىرى شامالدا لىڭشىيتتى.

يۇسۇپ مۇئەززەزنىڭ چىرايىنى خىيالىغا كەلتۇردى ۋە مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ:

— يالغان ... ھەممە گېپى يالغان! ... خەپ ساڭا كۆرسەتمىسەم! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرىلىپ شۇنداق يۈگۈردىكى، ئۆيگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئىشىكنى ئاچقان شاھىنىدە كۈيۈئوغلىغا، يەنە سەنىمىدىڭ، دېگەندەك بىر قاراپ قويۇپ ئارقىسىغا بۇرىلىپ مېڭىۋىدى، يۇسۇپ كاپپىدە ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئۇنى ئاياغ قويىدىغان يەرگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ شۇ تاپتا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، يولدا بىرنەرسە دەيمەن دەپمۇ ئويلىمىغانىدى، بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ:

— جېنىم ئاپا ... — دېدى تىترەك ئاۋازدا، — جېنىم ئاپا، سىزگە قىلىدىغان گەپلىرىم ئىنتايىن جىق. ئەمما، كاللامغا ھېچبىرى كەلمەيۋاتىدۇ. مېنى بەلكى كۆزدە تۇتمايدىغانسىز، مېنى ئويلىمىسىڭىزمۇ، قىزىڭىزنى ئويلاڭ. قولىڭىزنى سۆيۈپ، ئايىغىڭىزغا يىقىلاي. بىزگە يامانلىق قىلماڭ. بىزنى بىر ـ بىرىمىزنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماڭ. مەن ھەرقانداق ئىشقا چىدىساممۇ، ھېلىقىنىڭدەك ئاھانەتكە چىدىمايمەن. سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتىپ قوياي، مەن تەرگەپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەس. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، بىرەر رەسۋاچىلىق يۈز بېرىدىكەن، ھەممىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن. قىلىمەن دېگىنىمنى چوقۇم قىلىمەن. مۇئەززەزدە گۇناھ بار دەپ ئويلىمايمەن. مەن ئۇنى ياخشى چۈشىنىمەن. ئەگەر ئۇمۇ سىزگە ماسلىشىدىغان بولسا، ئۇنىمۇ سىزدىن

كۆرىمەن. مۇشتۇمچىلىك قىز بالىنى مېنىڭ يوقلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ يامان يوللارغا باشلىغانلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن. سىز مېنىڭ قىلمەن دېگىنىمنى قىلماي قويمايدىغىنىمنى ياخشى بىلىسىزغۇ؟ ماڭا دېمىدى دەپ قالماڭ، ئۆزىڭىز قانداق قىلىسىڭىز قىلىڭ، بىراق قىزىڭىزغا قول ئۇزارتقۇچى بولماڭ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى مەندىن سوۋۇتىدىغان بولسىڭىز، كۆرىدىغىنىڭىز بار ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ قالدى. شاھىنىدە سوغۇقتىن غال ـ غال تىترىگىنىچە يۇسۇپنىڭ چىرايىغا قاراپ لام ـ جىم دېيەلمەي تۇراتتى.

— قاراڭ، بۇنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دېدى يۇسۇپ، — كۈن چىقماي تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرىدىغان خوتۇن چۈشكىچە كۆزىنى ئاچالماي ياتسا، ماڭا يەنە گەپ ياساپ نېمە ئاۋارە بولىسىز ... بەلكى سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرىدۇ، ئەمما مېنىڭ دېگەنلىرىمگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك، قىزغا ئۇۋال قىلىدىغان ئىشنى قىلىدىغان بولسىڭىز، مەن ئۇنىڭغا چىدىمايمەن. سىز بولسىڭىز ئۇنىڭ ئانىسى. ئۇنى ھەم مېنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىدىغان ئىشنى قىلغۇچى بولماڭ. نېمە دېسىڭىز قىلىپ بېرەي. بۇ ئۆي ئۇچۇن ھەر كۇنى دۇمبەمدە تاش توشاي، بىراق كۆڭلۇم ئارام تاپسۇن. كەتكەن يېرىمدە ئۆيىنى ئويلاپ يۇرمەي.

يۇسۇپ ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ قالاي دەپ قالدى. قايتا ئەدرەمتتىن ئايرىلىپ يېزىغا كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزىدىغان كېچىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتىگەن كەلگەندە تامنىڭ بىر چېتىگە قىستۇرۇپ قويغان دەپتەرلىرىنى ئالدى ـ دە، ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 13

يۈسۈپ ناھىيەدە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى، ئۆزى بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە خېلى كۆپ خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭغىمۇ ھېچكىم ئۇچۇق ـ ئاشكارا بىرنېمە دېگىنى يوق، شۇنداقتىمۇ ھاسىپ ۋە نۇرى ئەپەندىلەرنىڭ مۇئامىلىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقى، ئادۋوكات ھولۇسى بەينىڭ دەيدىغان گېپى خېلى باردەك تۇرسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر دېيەلمەيۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ تېخى باياتىن ھولۇسى بەينىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن ياسىما بىر گەپتىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھىلمى بەيلەر بىلەن قايتا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ قولىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

يۈسۈپ قانداقلارچە ئۆزىنى مۇنداق ئېغىر ـ بېسىق تۇتۇۋاتقىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. بۇگۈن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ئوندىن بىرىلا يېتەرلىك ئىدىغۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك زادى؟

بەلكى ئۇنىڭ بۇنچىلىك تەمكىن تۇرۇۋاتقانلىقىغا مۇئەززەزنىڭ تېخى قولدىن چىقىپ كەتمىگەنلىكى ۋە بەزى ئۇقۇشمىسىز ـ لىقلارنىڭ پات ئارىدا ئۆتۈپ كېتىشىگە كۆزى يەتكەنلىكى سەۋەب بولسا كېرەك.

ئۇ مۇئەززەزگە ھازىرچە ھېچ نەرسە دېمىدى. ئۇنىڭ ئويچان، غەمكىن ھالىتىنى كۆرگەندە، يۈسۈپنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولاتتى. مۇئەززەز يۈسۈپنىڭ پوزىتسىيەسىدىن بىرەر مەنە چىقارغۇدەك ھالدىمۇ ئەمەس ئىدى. بولمىسا، ئېرىنىڭ قاراشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ مىسكىن ھالىتىدىن ئاللىقاچان ئەھۋالنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەم ئەندىشىگە چۈشكەن بولار ئىدى. مۇئەززەزنىڭ ئەتراپىدىكىلەرى بىلەن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىشى ۋە چۈشلەردىكىدەك خىيالىي تۇرقى يۈسۈپنىڭ پۈت ـ

قوللىرىنى چۈشەپ قويغان، ئۇنىڭغا ھەرقانداق گەپنى دەۋىرىش، گۇمانلىرىنى ۋە دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئىزھار قىلىش جاسارىتىنى يوقاتقانىدى.

ياش يىگىت بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل چۈشەنچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىۋاتقانلىرى، پەرەزلىرى ۋە مۇئەززەزنىڭ ھالىتى بۇ ئۆيدە چوقۇم بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، مۇئەززەزگە يەنە بىر قېتىم قاراش بۇ بىچارە قىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۇناھسىز ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشنى يوققا چىقىراتتى.

ئەگەر باشقىچە بىرەر ئەھۋال بولغىنىدا ئىدى، ئۇ ئۆزىنى بۇنچىۋالا يوقىتىپ قويمىغان بولاتتى، غەمكىن كۆزلىرى ھەر قېتىم ئېرىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا يىغلىمىغان بولاتتى، يۈسۈپنىڭ بويىنىغا سىيلىنىغان ھارارەتلىك قوللىرى ئۇنچە تىترىمىگەن بولاتتى.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سوئال ـ سوراق بىلەن بىچارە قىزنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش يۈسۈپنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

بىراق، قانداقلا بولسۇن، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىماي بولمايتتى، ھازىرقى ھالەت بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى. مۇئەززەز يۈسۈپنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلىغان ۋە قوڭۇر چاچلىق بېشىنى بىرەر خەۋپتىن قاچۇرغاندەك يىگىتنىڭ كۆكسىگە قويغاندا يۈسۈپنىڭ كۆزلىرى گويا كۆزگە كۆرۈنمەس دۈشمىنىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئالدىغا تىكىلگىنىچە پارقىراپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى زادىلا ئويلىمايتتى. ئۇلار بۇ قىزنى نېمانچىمۇ ئازابلىغاندۇ؟ ئۇنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشقا كۆڭۈللىرى قانداقمۇ ئۇنىغاندۇ؟ بۇ قىزنى زادى نېمە قىلغاندۇ؟

يۈسۈپ بۇ ئۆيدە بولغانلارنى ئەتراپلىق سۈرۈشتۈرۈپ

باقماقچى بولدى. بىراق، ئۇلارنى كىم بىلىدۇ؟ شاھىندەمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئاڭلايدىغان گەپلەر بەلگىلىك. قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەمىسە، مۇئەززەزدىن سوراش كېرەكمۇ؟ باشقىلارنىڭكىنى ئاز دەپ ئەمدى بۇ قىزنى ئۆزى ئازابلىسا بولاتتىمۇ؟ مۇئەززەزنىڭ ھازىرغىچە پاك ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقى كۇپايە ئەمەسمۇ؟

بىراق، بۇ ھالەت قاچانغىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدۇ؟ مۇئەززەزنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا يات كۆرۈنۈشى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا يۇسۇپتىن ئايرىۋېتىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالماسمۇ؟

بۇلارنى ئويلاش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېچىنىشلىق تۇيۇلاتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ سۇكۇت قىلىپ تۇرۇشى، يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان غەزەپ ئوتلىرىنى بېسىپ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇشى پەقەتلا مۇئەززەزنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىدىنلا بولۇۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانداق مەنىسىز ياكى ئورۇنسىز بىر ھەرىكەتنىڭ ئۇنى ئۆزىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشىدىن قورقاتتى. خوتۇنىنى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈۋېلىشتىن تېخى ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى.

بىراق، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىدارىگە بېرىپ مالىيە ئىشلىرى باشلىقىغا ھېسابات بېرىۋاتقاندا بولسۇن، كوچىدا كېتىۋاتقاندا بولسۇن، ئۆيدە بولسۇن، ھامان بۇ مەسىلە كاللىسىدىن چىقمايتتى، ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى تېخىمۇ ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ نېمە قىلالىسۇن؟ نەگە كېتەلىسۇن؟ ئۇنىڭغا يول نەدە؟ ئىمكانىيەت نەدە؟

ئۆيدىكىلەرنى قاتتىق تۇتۇش، شاھىندەگە تەھدىت سېلىش پايدىسىز ئىدى. ئۇ قانچە قىلغان بىلەن يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيتتى. يۇسۇپنىڭ كۆپ چاغلاردا ئۆيدە بولماسلىقى ئۇنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا ئوبدان پۇرسەت تۇغدۇرۇپ

بېرەتتى.

ئۇ مۇئەززەزگە نېمە دېيىشى مۇمكىن؟ خوتۇنى راستلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرەر يامان يولدا يۈرۈۋاتقانمىدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا، يۈسۈپ ئۆز ۋىجدانى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەكقۇ.

ئۇ ئانىسى ۋە باشقا بىرەرىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ تېخى بىر گۆدەك ـ دە ! ئۇنىڭغا، هاي، يولۇڭدىن يان دەپ ئاگاھلاندۇرسىمۇ بەربىر. ئۆزى چۈشۈپ كېتىۋاتقان ھاڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرغاندا، ئۇنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋېتىشتىن، مەيۈسلەندۈرۈشتىن باشقا نېمە پايدا چىقسۇن.

باشقىلارغا — ھاكىمغا، ھىلمى بەيلەرگە، شاكىرغا قارشى چىقىپ قۇتۇلۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، قارشى چىقىدىغان بولسا، دەرھال ئىشتىن قوغلىنىشى ياكى ئۆلارنىڭ قولىغا تېخىمۇ چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ. چۈنكى، ئۇ كەمبەغەل، قولى ھېچنەگە يەتمەيدۇ. دېمىسىمۇ يوقسۇزلۇق نېمە پالاكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ؟

توغرا، ئۇ بېرىپ ئەسكەرلىكتىن قاچقان شاكىر دېگەن ئەبلەخنى، ھەتتا ھاكىمنى ۋە ھىلىقىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بولمايتتىمۇ؟ بىراق، مۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۆزى يا تۈرمىگە ئېلىنىدۇ، يا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئۇنداقتا مۇئەززەزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولماقچى؟ ئۇ تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە قالمامدۇ؟

يۈسۈپ بۇ يول بىلەن كىمنى قۇتۇلدۇرالىسۇن؟ ئەكسىچە، مۇئەززەز ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىپ نارازى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن.

بىراق، بېشىغا نېمە كەلسە كەلسۇن، زادى بىر ھەرىكەت قىلىپ بېقىشى ۋە ئۇنى چوقۇم ئورۇنلىشى كېرەك.

يۈسۈپ يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي شەھەر سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، خىيالىنىڭ تولىلىقىدىن ئۆزىنى، ھەتتا سارالىق

بولۇپ قالمىغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئىزىلىپ ئۆتمەكتە. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا بىرەر ئىشنىمۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ باققانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى، ئۆتكەن ئۆمرىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەس، باشقا بىرىنىڭكىدەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭغا بالىلىق چاغلىرى، يىگىتلىك مەزگىلى، ئەتراپتىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خۇددى باشقا بىر دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك بىلىنەتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىگە شۇنچىلىك يىراق بولغان بۇ دۇنيادا نېمىدىگەن ئېغىر ئازابلارنى تارتىۋاتىدۇ ـ ھە! بۇلارنىڭ زادى نېمىگە كېرىكى بار ئىدى؟ نېمىشقا شۇنچە قورقۇنچلۇق چەمبەرلەر ئۇنى شۇنداق چىڭ ئورىۋالىدۇ!؟ نېمىشقا ئۇ قەدەممۇقەدەم ئەڭ ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنىدۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ كىم ئۈچۈن؟

ئۇ بۇ مەنىسىز ۋە يات ھاياتتا بىرلا نەرسىگە باغلانغان. ئۇنىڭغا ئىشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ بولسىمۇ خوتۇنى ئىدى. مۇئەززەزنىڭ بولۇشى يۇسۇپ ئۈچۈن چوڭ بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك نەرسىمۇ ئەمەس ئىدى، ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ بولماسلىقىمۇ بىر دەھشەتلىك ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا شۇنچە ئىنسابسىزلىق بىلەن يۇسۇپتىن تارتىۋېلىنىشىمۇ چىدىغۇسىز ئېچىنىشلىق ئىش ئىدى. ئۇ ھاياتىدا ئېزىدىگەن بىردىنبىر نەرسىسىنىڭ مۇئەززەز ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، بىراق مۇئەززەز بولمايدىكەن، ئۇنى ئىزدەشكە قۇدرىتىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنىمۇ سېزەتتى.

يۇسۇپ قورشاۋدا قالغان كېيىكتەك نەپرەت ۋە قارامىلىق بىلەن چىقىش يولى ئىزدەۋاتاتتى. بېشى توختىماي ئاغرىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۆزى مۇئەززەزنى ئېلىپ قاچقان كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆيىگە كېلىۋاتقىنىدا، باللار قوغلاپ ئويناۋاتقان ھەرە يادىغا يەتتى ـ دە، ئۆزىنى شۇ ھەرىگە ئوخشىتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ خۇددى شۇ ھەرىگە ئوخشاش ھەم كۈچلۈك، ھەم

كۆچسىز ئىدى. ئەتراپىنى خۇددى شۇ چاغدىكىدەك ئىنسابسىز ئادەملەر مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانىدى، ئۇلار ئۇنى چىڭ سىقىۋېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغان نەشتىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بىر پارچە ناننى سۇنۇپ، ئېلىشقا قولىنى ئۇزارتقان ھامان تارتىۋالغاندەك ئەڭ بولمىغۇر قىلىقلار بىلەن تەھدىت سېلىۋاتاتتى. يۇسۇپ ئۇچۇن ئۆزى كۆزىگە ئىلمايدىغان، مەنسىتمەيدىغان بۇ مەخلۇقلارنىڭ ئەسىرى بولۇپ قېلىشتىن ئارتۇق خورلۇق يوق ئىدى.

## 14

مالىيە ئىشلىرى باشلىقى يۇسۇپنىڭ ھېساباتىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈن ئۆيىدە دەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلغانىدى. قارا قىشتا ئات ئۈستىدە يول ماڭماق ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئارىدا بىرەر قېتىم ئىسسىق ئۆيدە ئارام ئېلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

بىراق، يۇسۇپ ئەدرەمىتكە كەلگەن ھەپتىسىدىلا ھاكىم مالىيە ئىشلىرى باشلىقىدىن يۇسۇپنىڭ نېمىشقا بىكار يۈرگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلدى. قىرىق يىللىق ئەمەلدار بولغان بۇ مالىيە ئىشلىرى باشلىقى چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ:

— بىر ئاز چارچاپ قاپتۇ، ئەپەندى، ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سورىغانىدى، يېقىن بىرنېمە دېيەلمىدىم. ئۇنداق بولسا، بۈگۈنلا ماڭغۇزۇۋېتەي ! — دېدى.

ھاكىم ھېجىيىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزۈمچىلا سوراپ قويغانىدىم، — دېدى.

بىراق، يۇسۇپ شۇ كۈنىلا «يېزىغا ماڭسۇن» دېگەن بۇيرۇقنى ئالدى. مالىيە ئىشلىرى باشلىقى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

www.uyghurkitap.com

ــــ بالام، بىر ھەپتە بولدى، ئىشىڭغا ماڭمىدىڭ، ھاكىم سېنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، «خېلى ۋاقىتتىن بولدى، نېمىشقا ماڭمايدۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ. سەن ياخشىسى، بۇگۈنلا يولغا چىق. خۇدا بۇيرۇسا، مۇشۇ زەيتۇن مەزگىلى ئۆتۈپ كەتسىلا مەن ساڭا بىر ئايلىق دەم ئېلىش بېرىمەن. بەش ـ ئون كۈندىن كېيىنلا يەنە كېلىپ بىرنەچچە كۈن دەم ئالساڭ ئەمەسمۇ ! ــــ دېدى.

يۇسۇپ «خوپ !» دەپلا ئىدارىدىن چىقىپ ھېساب دەپتىرى ۋە تالون ـ ئىسچوتلارنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى، بۇلارنى خۇرجۇنغا سالدى ـ دە، ئېتىنى ئېگەرلىدى. بۇ چاغدا مۇئەززەز زوۋان سۇرمەي ئېرىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. يۇسۇپ ئېتىنى تالاغا باغلاپ قويۇپ قايتا ئۆيگە كىردى، ئۆتۈكلىرىنى كىيىپ، جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ يەنە تالاغا چىقتى ـ دە، خوتۇنىغا قاراپ:

ــــ ئاناڭ ئۆيدىمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ يوق، يۇسۇپ ... ــــ مۇئەززەز سەل تۇرۇۋېلىپ، ــــ ماڭا بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان، بەلكى قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىمىكىن، ــــ دەپ جاۋاب بەردى.

يۇسۇپ يەنە خوتۇنىغا قاراپ:

ــــ خەير، مۇئەززەز، خۇداغا ئامانەت ! ــــ دېدى.

مۇئەززەز ئېڭىشىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا ئۈنىگىدىن:

ــــ قاچان كېلىسىز، يۇسۇپ؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ ھازىرغىچە بىلگىلى بولمايدۇ. بەلكى بىرەر ھەپتىدە كېلەرمەن.

نېمە ئۈچۈندۇر بىرنەرسە ئارقىغا تارتىۋاتقاندەك يۇسۇپ قوزغىلىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئالدىغا، تۇرۇپ مۇئەززەزگە قارىغىنىچە ئوڭ پۇتىنىڭ ئۇچىنى يەرگە سۈركەت بىر ھازاغىچە تۇرۇۋالدى.

بۇ جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ مۇئەززەز بۇزدى:

ــــ دائىم مۇشۇنداق كېتىۋېرەمسىز، يۇسۇپ؟

ئېرى «نېمە دېمەكچىسەن؟» دېگەندەك لاپىدە قارىۋىدى، مۇئەززەز چۆچۈپ كەتتى:

— سىز گە نېمىمۇ دەپ چۈشەندۈرەي، يۈسۈپ، سىز بولمىسىڭىز زېرىكىدىكەنمەن، بەزىدە ئون ـ ئونبەش كۈنلەپ كەلمەيسىز، تەقەززالىق بىلەن يولىڭىزغا قارايمەن، بەكمۇ سېغىنىمەن!

— پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلىمۇ، مۇئەززەز؟

يۈسۈپ بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران بولدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمىدى.

مۇئەززەزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ دەسلەپتە بىرئاز قورقتى، كېيىن ئۇنىڭ بالىلارچە چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى. ئۇ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس دەرىجىدە:

— يالغۇز شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، يۈسۈپ! — دېدى ـ دە، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

يۈسۈپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئۇنداق بولسا، ئېيتقىنا، مۇئەززەز، بۇ ئۆيدە زادى نېمە ئىش بولدى، نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟ — دەپ سوردى.

ياش ئايال قار ـ يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. يۈسۈپ-نىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا خوتۇنىنى قۇچاقلاپ تەسەللى بەرگۈسى، ئۆزىنىڭمۇ بىرمۇنچە ئىشلاردىن خەۋىرى بارلىقىنى، بىراق ئۇنى ئەيىبلىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئارىدىكى سوغۇقچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن، قانداقتۇر بىر قول ئۇنى تارتىپ تۇراتتى. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، پەس ئاۋازدا ئاددىيلا قىلىپ:

— بولدى، مۇئەززەز، مەن تېزرەك ماڭاي، — دېدى.

يۈسۈپ يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپ يەنە خوتۇنىغا قارىدى ۋە خۇددى بىر سىر بىلىدىغاندەك قوشۇمچە قىلدى:

— بەلكى ھەممە ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈگىشىلىپ كېتەر.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مۇئەززەزنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ياش قىزارتىۋەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ:

— يۇسۇپ ... ئاھ، يۇسۇپ، راستلا ھەممە ئىش تۈزۈلۈپ كېتەرمۇ؟ — دېدى.

— بىلمىدىم ... بەلكى تۈزۈلۈپ كېتەر ... سەن ھەر ھالدا ئۆزۈڭنى ئالدىرۇپ قويما، مېنى كۈت ...

مۇئەززەز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردىن كېتەيلى، يۇسۇپ! — دېدى.

— كەتسەك كېتەيلى!

— سىز بۇ نۆۋەت كەلگەندىلا كېتەيلى، بولامدۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئالدىراپ كەتكەن بارمۇ؟ ئاۋۋال مەن قايتىپ كېلەي، ئاندىن مەسلىھەتلىشەرمىز.

مۇئەززەز يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى، ئۇ كۆزلىرىنى ئېرىگە تىكىپ:

— قاچان كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ تېز قايتىپ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمەن، — دېدى.

يۇسۇپ قولىنى خوتۇنىنىڭ مۇرىسىگە سېلىپ:

— قايغۇرما جېنىم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ... باللىق قىلما، — دېدى - دە، ئېتىغا مىنىپ يولىغا راۋان بولدى.

يۇسۇپ بۇ كۈنلەرنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنتۇيالمايتتى. ئۇ ئىشلارنى ھەربىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە تۇگمەس - پۈتمەس ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ئوتىدا ئۆرتىلەتتى، قايغۇ - ھەسرەتتە يۈرىكى مۇجۇلاتتى. ئۇ ئۆيىدىن چىققاندا ھاۋا ئوچۇق، بىراق سوغۇق ئىدى. ناھىيەنىڭ سىرتىدا گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران يەر - جاھاننى توپىغا كۆمۈپ، ئاق تېرەكلەرنى بىر تەرەپكە قىيسايتىۋەتكەنىدى. ئاق بوز ئاتنىڭ قۇلاقلىرى ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە تاشلىناتتى، ئۇزۇن قۇيرۇقى خۇددى شامالدا لەپىلدىگەن بايراقتەك سول تەرەپكە ئۇچاتتى. يۇسۇپ ھاسىراپ ئارانلا نەپەس ئالاتتى. كۆزلىرى يەردىكى شېغىل تاشلاردىن

ئۈزۈلمەيتتى. نۇرغۇن ئىشلار ئۇنى بىئارام قىلاتتى. بۇ بىئاراملىق ئۇنىڭ چىرايىدا ھېلى قىزىللىق، ھېلى سېرىقلىق پەيدا قىلاتتى. كۆزلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ماس ئالامەتلەر بايقىلىپ تۇراتتى. يۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن پاراكەندە قىلىۋاتقىنى «مەن زادى نېمىشقا ئۇنى تاشلاپ كەلدىم؟» دېگەن بىرلا سوئال ئىدى. بۇ پۇشايمان ئۇنىڭ ئىچىنى قۇرتتەك يەيتتى. بۇ ياش يىگىت ئاتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئارقىسىغا قايتماسلىق ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىۋاتاتتى، يۈرىكى ئوت بولۇپ يېنىپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئۇ جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ كۆكسىنى شامالدىتىپ بىر ئاز سالقىنلىغاندەك بولدى. ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى سىزىمىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك بىلىنىپ ئۇنى چىرمىۋالغان چىگىش خىياللار پۈتۈنلەي غۇۋالىشىشقا باشلىدى. قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ زەيتۇنلۇق يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يېزا ئەدرەمىت بىلەن ئاقچاي ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى 1893 - يىلىدىكى مۇھاجىرلار① ئىدى. يۇسۇپ تونۇش ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كەلدى، ئاتتىن چۈشۈپ يەرگە دەسسىگەندىلا پۈتۈن بەدىنىنىڭ يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، كېرىلگۈسى كەلسىمۇ ماغدۇرسىزلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇۋىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن قوللىرىنى كۆتۈرەلمىدى، ئۆيگە كىرىپلا يېتىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن كۆزىنى ئاچماي تۆت كۈن ياتتى. دەسلەپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ھېچ نەرسە يېمەي بىھوش ياتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، بىرى كۆكنار قايىنىتىپ ئىچۈرسە، يەنە بىرى كېسەك قىزدۇرۇپ ئۇنىڭ قورسىقىغا قوياتتى. يۇسۇپ تەرلەپ تىترەپلا تۇراتتى. كۆز ئالدىغا گويا چۈشىدىكىدەك ئاجايىپ -

① 1893 - يىلىدىكى مۇھاجىرلار — 1893 - يىلىدىكى رۇسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشىدا تۈركىيەدە قېلىپ قالغان ئەرمەنلەرگە بېرىلگەن نام.

غارايىپ نەرسىلەر ۋە ھەر خىل مەنزىرىلەر كېلىۋېلىپ بىئارام قىلاتتى، ھېلى چىرايى ئازابلىنىۋاتقاندەك پۈرۈلەتتى، ھېلى ئوت چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدە خۇددى كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى ئەكس ئېتىۋاتقاندەك ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولاتتى. ھېلى ئۇ كۆكسىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بەزى تونۇش ئادەملەر ۋە تونۇش يەرلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى ۋە سىنچىلاپ قاراۋېرىپ كۆزلىرى تېلىپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاتتىق سىلكىنىپ مۇشتۇملىرىنى تۈگەتتى، كېچىچە قىينىلىپ ئىنجىقلاپ چىقاتتى ۋە يوتقاننىڭ ئىچىدە غەزەپ بىلەن تىزلىرىنى مۇشتلايتتى. ئالدىدىكى ئوچاقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قارا چىراغ بىلەن ئوچاقتا چارسىلداپ كۆيۈۋاتقان كۆتەكنىڭ ئۇچقۇنلىرى سۇپىنىڭ يېرىمىغا سېلىنغان بورىنى قىزغۇچ كۆرسەتتەتتى ۋە بېغىررەك يوتقاننىڭ ئۈستىدە كۆلەڭگىلەرنى پەيدا قىلاتتى. يۈسۈپ ھېچقاچان قىلىپ باقمىغان بىر پۇشايمان بىلەن ھەلەك ئىدى، ئۇ «نېمىشقا كەلدىم؟»، «زادى نېمىشقا يولغا چىقتىم؟»، «نېمىشقا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇم؟» دېگەن سوئاللار ئىچىدە ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى، دەرھال ئۆيىگە قايتىشنىمۇ ئويلايتتى، ئۆزىنى بۇ يەرگە بەند قىلىپ قويغان كېسەلگە لەنەت ئوقۇيتتى، ئەندىشىلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ خۇددى مۇئەززەز بىر خەۋپ ئىچىدە قالغاندەك، ئۆزى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا بارمايۋاتقاندەك ئىچى تىتىلداپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچىمۇ بولدى ـ يۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن تۇرالماي قالدى. پۈتۈن بەدىنىنى كۆزگە كۆرۈنمەس ئېغىر زەنجىرلەر باغلاپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ دۈم يېتىپ قالغان مۇشۇ ھالىدا ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، نەپرەت بىلەن چىشىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۇخلاپ قېلىشتىن ۋە ئۇيقۇدىن ئاۋۋالقى مۇگدەكتىن قورقۇۋاتاتتى. ئۇ بۇلارنىڭ

بىرەرسىگە ئەسىر بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خىيال يۈرگۈزۈشكە بىتۇتۇشكە بولۇپ ئويلاپ قىلىپ ئۆزىنى ئۈزۈل-كېسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئىپتىماللارنىڭ كارتىنىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى ـ دە، ئاخىر ئۇ قەتئىي قارارغا كەلدى: بىرئاز تۆزەلسىلا ئەدرەمىتكە قايتىدىغان ۋە مۆئەززەزنى ئېلىپ باشقا ياقلارغا كېتىدىغان بولدى. ئۇ شاھىنىدەنى خەۋەرلەندۈرمەيمۇ ئەمرىدىكى خوتۇننى ئېلىپ كېتىشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇ ئىلگىرى سالاھىددىن بەيىنىڭ يۈز ـ خاتىرسى ئۈچۈنلا ئەدرەمىتكە قايتىپ كەلگەن، لېكىن ئەدرەمىتكە قايتىپ كەلگىنىگە ھازىرغىچە پۇشايماندا. بۇ خۇدا ئۇرغان يەرگە كەلمىگەن بولسا، تەقدىرگە تەن بېرىپ شۇ يەردە يېڭى ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتكەن بولسا، بۇنداق كېلىشمەسلىكلەرگىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىغۇ. ئۇ چاغدا نە كاتىپلىق، نە باجگىرلىك دېگەنلەرنىمۇ قىلىشقا مەجبۇر بولمىغان ۋە ھاكىملارنىڭ ئالدىدا قورقۇپ تىترەپ يۈرمىگەن، خوتۇننى يالغۇز تاشلىۋېتىپ «مۇشۇ تۇرقىدا خوتۇنۇم كىملەر بىلەن نېمىلەرنى قىلىشىۋاتقاندۇ؟» دەپ تەر بېسىپ ئولتۇرمىغان بولار ئىدى. ئۇ خاتالىقىنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا تۈزەتمەكچى، شۇ ھامان بېرىپ مۆئەززەزنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، ھېچكىمگە ئېيتماي، ھېچكىم بارمايدىغان يەرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئۆزنى دەسلەپ ئەپقېچىپ كەتكەندە نەگە بارىدىغانلىقىنى، نېمە قىلىدىغانلىقلىرىنى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقلىرىنىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى؟ بۇرۇن ئويلىمىغان، ئەمدىمۇ ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ـ دە. بىراق، بۇ لەنىتى كېسەللىك يۈسۈپنى كۆتۈپ تۇرۇشقا يەنە كېلىپ ئەڭ ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا كۈتۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ھەي، ئوكىمىغۇر يۈسۈپ، تازا يامان بىر چاغدا بېشىڭ ياستۇقتا بولۇپ قالدى ـ ھە !» دەيتتى ۋە ئۇياق ـ بۇيېقىغا ئۆرۈلۈپ زادىلا ياتالمايتتى. ئۇ ياتقىنىغا تۆت كۈن بولغاندا كېكىردىكى بىرئاز ساقىيىپ تاماق

يۆتقۇدەك بولدى. بىراق، ماغدۇرىغا كېلەلمىگەنىدى، بېشى تېخىچە ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ باقتى، لېكىن بېشى قېيىپ يەنە يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ كۆنى بىرئاز تارھانا شورپىسى بىلەن بىر چىنە قېتىق ئىچتى. ئۆزى خېلى ساقىيىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ شۇ كۆنى مېڭىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. شۇڭا، ئۇ ئەتىسى مېڭىشقا رازى بولدى. بىراق، قاراڭغۇ چۈشۈپ بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا قورقۇنچلۇق خىياللار يەنە ئۇنى ئاۋارە قىلغىلى تۇردى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، شىمى بىلەن ئايىغىنى كىيىپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا چىقتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئۆي ئىگىسى يۇسۇپنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆيگە كىرىپ بىرئاز ئىسسىنىۋال، ئېتىڭنى مەن ئېگەرلەپ بېرەي، — دېدى.

ھايال ئۆتمەي يۇسۇپ جۇۋىسىغا چىڭ يۆگىنىپ چىقتى ـ دە، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئەدرەمىتكە قاراپ يول ئالدى. ھاۋا بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى بەكلا سوۋۇپ قالغانىدى، ھەتتا قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى زەيتۇن دەرەخلىرى جىمجىت تۇرۇشاتتى. شېغىل يولدا ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن ئوت چاپقۇنلىرى چاچراپ چىقاتتى. يۇسۇپنىڭ نەپىسى تېزلەشمەكتە ئىدى. ئۇ پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ گېلىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يەنە ئاغرىپ قېلىشتىن ئىنتايىن قورقاتتى. پەقەت ئۆز ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ سۇنايلىنىپ ياتقاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆلەر ھالەتتە بولسىمۇ، دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مۇئەززەزنى ئېلىپ يولغا چىققاندىن كېيىن قانداق ئاغرىسىمۇ مەيلى ئىدى، تاغ بېشىدا ياكى يىراق يېزىلارنىڭ بىرىدە بولسىمۇ باشلىرىنى

تىققۇدەك بىر ماكان تاپالايتتى، ئەلۋەتتە.

بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئەدرەمنتكە كېلىپ قالغىنىغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران بولدى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل تار كوچىدا ئات جانىۋار يەنىلا تاراسلاپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. قەھۋەخانىدا ئولتۇرغانلار مۇشۇ تاپتا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى كېلىپ قەھۋەخانىنىڭ هور قاپلىغان دېرىزىلىرىدىن قارىشاتتى. قاراڭغۇ كوچىدا كېتىۋاتقان بىرقانچە ئايال قورقۇشۇپ «ۋايجان !» دەپ ۋارقىراشقىنىچە باللىرىنى قوللىرىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. يۇسۇپ ھېيتگاھ مەيدانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئېتىنى ئاستىلاتتى، ئۆيگە يېقىنلاشقاندا تۆۋەنكى قەۋەتتىكى دېرىزىسى كوچىغا قارايدىغان ھۇجرىنىڭ چىرىغى يېنىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى يېتىلەپ ئارقا تەرەپكە ئۆتتى ۋە يېنىدىكى ئاچقۇچ بىلەن باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ هويلىغا كىردى. ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم چىقمىدى. ئۇ باغدىن دالانغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئېتىك تۇرغانلىقىغىمۇ ھەيران بولمىدى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېھتىمال ئۆيدىكىلەر تۇيمىدى. يۇسۇپ ئېتىنىڭ ئۇلىغىنى بوشىتىۋېتىش ئۈچۈن قولىنى ئاتنىڭ قارنىغا ئاپىرىۋېتىپ بىردىن تۇختاپ ئويلىنىپ قالدى: «نېمىشقا بوشىتىمەن؟ مۇئەززەزنى ئېلىپلا ماڭسام بولدىغۇ؟» ئۇ شۇنداق قىلىش - قىلماسلىقنى بىردەم ئويلىنىپ قالدى. شاھىندەنىمۇ ئويلىدى. ئۇ مۇئەززەزنىڭ بۇ تەكلىپكە قانداق قارايدىغانلىقى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئەندىشە قىلاتتى. ئۇنى ھەرگىز ياتقان يېرىدىن يېلىنىڭ - يالىنىڭ كۆتۈرۈپ ماڭغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ياش ئايال كىيىملىرىنى كىيىپ بولغۇچە شاھىندەنىڭ مەھەللىدىكىلەرنى چاقىرىپ قىيامەت - قايىم قىلىشى تۇرغان گەپ. «نېمە بولسا، بولسۇن !» دېدى ئۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا بىر ئىشلارنى مانا مۇشۇنداق ئارتۇقچە زىغىرلاپ كەتكەنلىكى ۋە باشقىلار نېمە دېسە

بويۇن ئېگىپ تۇرغانلىقى زامىن بولغانغۇ؟! ئاخىر ئۇ ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىش قارارىغا كېلىپ ئۆتۈكىنى ۋە جۇۋىسىنى يەشمەيلا ئۆيگە قاراپ ماڭدى. دېرىزىسى باغقا قارايدىغان ئاشخانا ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈك ئىدى. يۈسۈپ بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇۋېلىپ دالاننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

## 15

ئەمدى دەيدىغانلىرىمىز ئىككى مىنۇتتىنمۇ قىسقا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىشلار.

يۈسۈپ باغدىن دالانغا كىرىدىغان ئىشىكنى ئاچار ـ ئاچالمايلا يۈزىگە ئىللىق بىر ھاۋا ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ لەرزان چېلىنىۋاتقان ئۇد ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈسۈپ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي كوچا تەرەپتىكى ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. قىيا ئوچۇق ئىشىك يوچۇقىدىن دالانغا تۇچ رەڭ سارغۇچ يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ ئىشىكنى ئىتتەردى. كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئۇنى ھېچقانداق ھەيران قالدۇرمىدى. مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى تۆت كۈندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە پەيدا بولۇپ قالغان ھېلىقى ئۇستەل ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھىلمى بەي، ھاكىم، ئىززەت بەي ۋە شاھىندە ئولتۇراتتى. ئۇستەلنىڭ سەل نېرىسىدىكى بوشلۇقتا قويۇلغان ئورۇندۇقتا چىرايى يۈسۈپكە تونۇش، بىراق كىم ئىكەنلىكى ئېسىدە يوق چار باش بىر ئادەم ئۇد چېلىۋاتاتتى. ئۆينىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىغا بويلاپ قويۇلغان كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىدە شاكىر بىلەن ھاجى ئەتەم قولاقلىرىنى ئېغىزلىرىغا يېقىشىپ كۇسۇلدىشىۋاتاتتى، يەنە بىر بۇرجىكىدە بولسا، خۇدىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست ئولتۇرغان مۇئەززەز ياستۇقنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۆزىنى سۆيۈشكە تەمشىلىۋاتقان ژاندارما

كوماندىرى قەدرى بەيگە قارشىلىق كۆرسىتىپ تىپچەكلەۋاتاتتى. قەدرى بەينىڭ پاپىخى بىشىنىڭ كەينىگە كېتىپ، چاچلىرى تەردىن يۇز ـ كۆزىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇچىسىدىكى ژاندارما كىيىمىنىڭ ياقىسى ئېچىلىپ كېتىپ، مەيدىسىدىكى تۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۈسۈپ ئىشىكنى ئېچىپ كۆرۈنگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى داڭ قېتىپ قېلىشتى. ھاكىم ئوڭ ـ سولغا ۋە ئالدىغا قاراپ قويۇپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇتلەندى. ھاجى ئەتەم بىلەن شاكىر بىر ـ بىرلىرىگە كۆز قىسىشىۋالدى. شاھىدە بولسا، لاغىلداپ تىترەپ ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە يۈسۈپكە چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. ئۇد چېلىۋاتقان كىشى سازىنى يېنىغا قويۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتاتتى. مۇئەززەزنى قويۇپ بەرگەن ژاندارما باشلىقى بىر قولى بىلەن چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۈگمىلەۋاتاتتى. مۇئەززەز ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئالدىدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئەتراپقا قارايتتى. قەدرى بەينىڭ ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىشى ۋە ئۆيدە بىردىن جىمجىتلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى ئۇنىڭغا ئاجايىپ تۇيۇلغانىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئىشىكتە تۇرغان يۈسۈپكە چۈشۈشى بىلەن تەڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى، يۈزىنى سىيپاپ، ئالدىنى تورىۋالغان تاماكا ئىسلىرىنى قولى بىلەن يەلپۈشكە باشلىدى. مۇئەززەز بىلەن يۈسۈپنى ئايرىپ تۇرغان تۇمانلار ئاستا ـ ئاستا تارقاپ، مۇئەززەزنىڭ ئالدىدا تۇرغان يۈسۈپ بۇرۇنقىدىنمۇ زور ۋە ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

مۇئەززەزنىڭ كاللىسىمۇ سەگىشكە باشلىدى. ئەتراپىدىكى پۈتۈن نەرسىلەر ئويۇنچۇق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، چىرايىدا قىلچىمۇ قورقۇش ئالامىتى كۆرۈنمىدى. ئۇ ئۇزۇن ۋە مۇشكۇل يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئەمدى ئارام ئېلىش پۇرسىتىنى تاپقان ئادەمدەك ئۆزىنى شۇنچە خاتىرجەم، يېنىك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا تاتلىق ۋە جىددىي تەبەسسۇم پەيدا بولدى. يۈسۈپ ئۆيگە

بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ چىققاندىن كېيىن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى. ھاكىم قورقۇپ كېتىپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى ئارقىسىغا ئىتتىرىپ كەينىگە داجىدى. يۇسۇپ قولىدىكى ئات قامچىسى بىلەن ئىززەت بەيىنى راسا كېلىشتۈرۈپ سالدى. ئارقا ـ ئارقىدىن تارسىلداپ تېگىۋاتقان قامچا ئۈستەلنىڭ ئەتراپىدىكى مەخلۇقلارنى ساراسىمىگە سېلىپ ئاللا ـ تۇۋىسىنى چىقىرىۋەتتى. يۇسۇپ قامچىسىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ زەردە بىلەن راسا ساۋاۋاتقاندا قامچىنىڭ ئۇچى بۇلۇڭدىكى ئۈستەلگە قويۇقلۇق چىراغقا تېگىپ كېتىپ شىشىسى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى ۋە قامچىنىڭ شامىلىدا چىراغنىڭ ئىسلىشىپ كۆيۈۋاتقان پىلىكى ئۆچۈپ قېلىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. يۇسۇپ چىراغ ئۆچمەستە ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان شاكىرنىڭ يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇمۇ دەرھال قامچىنى تاشلاپ جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىدىن تاپانچىسىنى قولىغا ئالغانىدى، ئۇ تېخى ئۆزىنى ئوڭشىۋالماي تۇرۇپلا ئۇدۇلىدىكى چىققان بىر پاي ئوق ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىنىڭ ئاستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تامغا تەگدى.

يۇسۇپمۇ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۇدۇلىغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق چىقارغانىدى، كارىۋاتتىن بىرەيلەن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمىدى. بۇ قاراڭغۇ ئۆينىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا ئۆز ئۆلۈملىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلار بار ئىدى. يۇسۇپ بۇ يەردىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەممىسىنى كۆزدىن يوقاتماي بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ كاللىسى ھەرقانداق بىر ئەر ئىشنى ئويلىنىپ قىلىش دەرىجىسىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ يۈرىكىدە قالغان ئازابلىرى ئاشكارىلىنىۋاتقانلىقىنى، تەقدىرنىڭ بۇ ھۆكمىنى توختىتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، شۇ ئاندىلا پۈتۈن ھايات، پۈتۈن مۇھەببەت ۋە پۈتۈن دۇنيا

بىلەن قىلىشىدىغان ھېساباتىنى تۈگەتمەكچى بولدى. بۇ ھېسابات ھازىرغىچە ھەممىلا ئىشقا باش ئېگىپ تۇرغاننىڭ بەدىلى ئىدى. يۈسۈپ سەللا قىممىرلىغان شەپە كەلگەن يەرگە ئېتىۋەردى، تاپانچىسىدا ئوقنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى بىلگەندىلا بىر ئاز توختاپ قالدى. قاراڭغۇ ئۆي تىمتاسچىلىققا چۆككەندى. بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى ۋە بەلكىم قورقىنىدىن بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا تىقىلىۋالدى. ھەر ھالدا ئەھۋال مۇشۇ ئىككى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ئوق ئېلىپ تاپانچىسىغا سالدى ـ دە، ئۆينىڭ قارىمۇقارشى ئىككى بۇلۇڭىغا يەنە ئىككى پاي ئوق ئاتتى، ئاندىن تاپانچىسىنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، بېشىنى سول تەرەپكە ئېگىپ تۇۋەن ئاۋازدا:

— مۇئەززەز، — دەپ چاقىردى. يۈسۈپ ئۇچۇن بىر ئەسىردەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتكەن بىر دەقىقە ئىچىدە يېنىدىلا بىر يەردىن ئىنجىقلاپ:

— يۈسۈپ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. يۈسۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئېڭىشىۋىدى، قولى بىر توپ گەزمالغا تەگكەندەك بولدى، ئۇ يەنە قايتا:

— مۇئەززەز، — دەپ چاقىردى.

يەنە شۇ ئاۋاز:

— يۈسۈپ ...

— تېز بول كېتەيلى!

يۈسۈپ خوتۇنىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە تالاغا چىقتى. باغنىڭ ئىشىكىدىن دالانغا كىرىمسەن يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار باغقا كىرگەندە، ئاق بوز ئات ئىگىسىنى كۈرۈپ تەلپۈندى. يۈسۈپ ئوڭ قولى بىلەن مۇئەززەزنى بېلىدىن تۇتۇپ تېخى تەرى قۇرۇمىغان ئاتنىڭ ئۈستىگە مىندۈردى. ئۆزى كەينىگە مىنگىشىپ، خوتۇنىنى مۇزلاپ كەتمىسۇن دەپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، باغنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن بېشىنى پەس

قىلىپ كوچىغا چىقتى ـ دە، ئات جانۋارنى ئىككى مىنۇتنىڭ ئالدىدىكىدەك بولۇشىغا قويۇپ بەردى.

بۇ قېتىم يۇسۇپ ئاتنىڭ بېشىنى بالكەسىر تەرەپكە بۇرىغانىدى. سوغۇقتۇلۇمبىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئات زەيتۇنلۇقلارنىڭ ئارىسىدىكى يولدا تېخىمۇ تېز يۈرۈشكە باشلىدى. بايىقى شۇۋىرغان تېخىچە بېسىلمىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋارانغا شۇنداق تېز كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى، شەھەرگە كىرمەي بازارنىڭ چېتىنى ئايلىنىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى. يۇسۇپ ھېچ نەرسە ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا پەقەت قېچىپ كېتىش، ھاياتىنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ يەرلەردىن مۇمكىنقەدەر تېزرەك يىراقلىشىپ، بارسا ـ كەلمەس بىر يەرگە كېتىشتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. نەگە بارسا بارسۇن، تاغ چوققىلىرىغا بولامدۇ، ئىنس ـ جىن يوق ئورمانلارغا بولامدۇ ياكى ئادەمزات كۆپ جايلاشقان شەھەرگە بولامدۇ، ئەيتاۋۇر ئۆزلىرىنى باشقىلار تاپالمايدىغان يىراق يەرگە ئېلىپ كېتىش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئىدى. ئۇلار پالامۇتلۇققا① يېقىنلاشقاندا، شۇۋىرغان سەل پەسەيگەندەك قىلدى. بىراق، ئاخشامدىن بېرى يېغىۋاتقان قار تېخىمۇ ئەدەۋاتاتتى. يۇسۇپنىڭ جۇۋىسىنىڭ قارا يۇڭلىرى قاردا ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇئەززەزنى باغرىغا چىڭ بېسىپ جۇۋىسىغا تېخىمۇ چىڭ يۆگىۋالدى، كېيىن بېشىنى مۇئەززەزنىڭ بېشىغا يېقىنلاشتۇرۇپ سورىدى:

ـــ مۇئەززەز، مۇزلىدىڭمۇ؟

مۇئەززەز جاۋاب بەرمىدى. يۇسۇپ قايتا سورىغاندا، باغرىغا بېسىلغان ۋۇجۇدنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. جاقىلدىغان ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەندە چۆچۈپ كەتكەن يۇسۇپ ئۇنى سىلكىپ تۇرۇپ:

---

① پالامۇت ـــ بىر خىل دەرەخ.

— نېمە بولدۇڭ، مۇئەززەز؟ — دېدى.

— يۇسۇپ ... — دېدى مۇئەززەز ھالسىز، زەئىپ بىر ئاۋاز بىلەن.

— ھە ! گەپ قىل، مۇئەززەز ! ...

— مەن يارىلانغان ئوخشايمەن.

ياش يىگىت قولىدىكى تىزگىننى قويۇۋەتتى. ئات تېخىمۇ تېز چېپىشقا باشلىدى. يۇسۇپنىڭ يۈز - كۆزىنى قار قاپلاپ كەتكەنىدى.

— نېمە دەۋاتىسەن، مۇئەززەز ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — قەيېرىڭ يارىلاندى؟ سېنى ئاتقان كىم؟

مۇئەززەز زۇۋان سۈرمەي ئېرىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. يۇسۇپ قايتا سورىدى:

— قەيېرىڭ يارىلاندى؟ ئاتنى توختىتىپ ياراڭنى تېڭىپ قويايمۇ؟

— مەيلى يۇسۇپ ... ئۆزىڭىز بىلىڭ، قەيېرىم يارىلانغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەيتاۋۇر بىر يەرلىرىم ئاغرىۋاتىدۇ، بەك قاتتىق ئاغرىغاندا جېنىم چىقىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتىمەن ... بىراق، توختىمايلى، تېزرەك كېتەيلى.

يۇسۇپنىڭ بېشى گاڭگىرىدى:

— نەگە بارساق بولار؟

مۇئەززەز ئاڭلىنار - ئاڭلانماس پەس ئاۋازدا:

— نەگە ئاپارسىڭىز، شۇ يەرگە ئاپىرىڭ، يۇسۇپ، تېزرەك كەتسەك بولدى ! ... — دېگەن سۆزنى ئاران قىلالىدى. يۇسۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. تىزگىننى قويۇپ بېرىلگەن ئات خۇدىنى بىلمەي چاپاتتى. تېخىمۇ شىددەت بىلەن چۇشۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى يۇسۇپنىڭ پاپىقى، چاچلىرى، ھەتتا كىرپىكلىرىنىمۇ كۆمۈۋەتكەنىدى.

ئايدىڭ كېچە. زەيتۇن دەرەخلىرى ئاستا - ئاستا شالاڭلاشقا

باشلىدى. يولنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يېرىدە چىنار دەرەخلىرى كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئات بىردىن سول تەرەپكە بۇرالغاندا، يۇسۇپ ئۆزلىرىنىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭدىن ئۆتىدىغان ياغاچ كۆۋرۈككە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئات كۆۋرۈكنىڭ تاختايلىرى قومۇرۇلۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چېپىپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بىردىنلا ئاستىلاپ، ھاسىراپ بېشىنى سىلكىشكە باشلىدى. ئات زەيتۇنلۇق يېزىسىدىن مۇشۇ يەرگىچە چېپىپ كەلگۈچە قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىغا ئۇچرىغان دۆڭگە قاراپ بىرنەچچە مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. يۇسۇپ ئاتنىڭ ماڭالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىدا ئۆزى ئاتتىن چۈشتى ــ دە، ئاندىن خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئالدى. مۇئەززەزنىڭ تېنى بالىنىڭكىدەك كىچىك ئىدى. يۇسۇپ ئۇنى قايتا جۇۋىسىغا ئورىۋېلىپ چەتتىكى دەرەخلىككە قاراپ ماڭدى. ئات بولسا چۇلۇۋۇرىنى سۆرەپ بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. يۇسۇپ ئاغزىنى مۇئەززەزنىڭ يۈزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ يارىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراپ دەرھال لاتا تېپىپ تاڭماقچى بولدى ــ يۇ، خوتۇنىنىڭ چوڭقۇر تىنىقى يۈزىگە ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ توختاپ قالدى. يۇسۇپ ئەتراپىنى قاپلىغان قارلارنىڭ يورۇقىدا قۇچىقىدىكى خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قارىغانىدى. كۆڭلى يايراپ بەخت ھېسسىياتلىرىغا چۆمدى. بىلىنەر ــ بىلىنمەس قىسقا نەپەس ئېلىپ ئۇخلاۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش يەنىلا شۇ بۇرۇنقى مۇئەززەزنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى كارىۋاتتا ھالى خاراب ۋە سولغۇن قىياپەتتە ياتقان مۇئەززەزنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ قاردا يۇيۇلۇپ قالغان مەڭزىلىرى ئاپپاق سۈتتەك پارقىرايتتى، ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرى ئەتراپقا باھار ھىدىنى چاچاتتى، يۈزىنىڭ تىرىسىدىكى بىر خىل نەپىسلىك ئۇنىڭ ئوماق بالىدەك چىرايىنى جۇلالىتىپ تۇراتتى. يۇسۇپ جۇۋىسىنى ئاستاغىنا

يېشىپ، خوتۇنىنى يۆگەپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۆزىمۇ شۇ دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە كەلگەن يولىغا قاراپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇلار ئولتۇرغان يەر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا خېلى ئېگىزلىكتىكى بىر ئۆتكەل، ئالدى تەرىپى تىك كەتكەن تاقىر تاغ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەدرەمىت تۇزلەڭلىكى سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىراق، يۈسۈپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. قار ۋە تۇمان پۈتۈن ئەتراپنى ئاپپاقچىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. يۈسۈپنىڭ كۆزىگە بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن بىر دېڭىز كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالى باشقا بىر كىچىلەرگە، ئۆزىگە يۈز يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتكەن بىر ۋاقىتلارغا كەتتى. ئىللىق بىر ياز كېچىسى، قوڭغۇراق ئاۋازى، تومۇزغىلارنىڭ چىرقىراشلىرى بىلەن تەڭكەش بولۇپ كېتىۋاتقان پەيتۇندىكى سەپىرىنى ئەسلىدى. يا رەببىم، ئۇ كېچە بىلەن بۇ كېچە ئوتتۇرىسىدا نېمىدېگەن دەھشەتلىك پەرق بار ـ ھە ! ئەنە شۇ بىپايان زېمىن ۋە خالىسانە تەبىئەت شۇ تاپتا ئىككى تاغ ئارىسىغا قىسىلىپ تۇراتتى، شۇ چاغدىكى چەكسىز يوغان ئاسمان گۈمبىزى مانا ھازىر كىچىككىنە ئاق ياغلىق شەكلىدە ئۈستىلىرىگە يېپىلىپ تۇراتتى. ئۆتكەن كۈنلەر يۈسۈپنىڭ روھىدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلغاندەك تۇراتتى. مۇئەززەزنىڭ تامامەن ئۆزىگە تەئەللۇق بىر ئادەم سۈپىتىدە يېنىدا يېتىشىلا ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى قاندۇرالمايتتى. ئۇ ھەتتا ھېلىمۇ بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە تۇراتتى. ئەمدى مۇئەززەزنى ئويلىغاندا، باشقا بىر كېچە ـــ ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچقانداق لەززىتى يوق بىر كېچە خىيالىغا كەلدى، مۇئەززەزنىڭ شۇ ئاخشىمى چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: «يۈسۈپ، مەن سىزدىن قورقۇۋاتىمەن !» دېگەنلىرىنى ئەسلىدى، خوتۇنۇم شۇ سۆزلىرى بىلەن ئادەمنىڭ ئەقلىگە يەتمىگەن مۇشۇ كېچىنى دېمەكچى بولغانىمىدۇ، دېگەن خىياللار كاللىسىدىن ئۆتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

«نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟ نېمىشقا مەندىن قورقىسەن؟ مەن ساڭا نېمە قىلدىم؟» دەپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سورىماقچى بولدى ـ يۇ، بىراق ئۆزى ئورنىدىن قوزغىلالمىدى. ئۆزىنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ قارا جۇۋىنىڭ ئىچىدە مىدىرلىماي ياتقان بۇ ۋۇجۇدنى ئۇنىڭ قوزغاتقۇسى كەلمىگەنىدى. ئۇ كىچىككىنە خوتۇنىنىڭ بېشىدا چۆرگۈلەپ يۈردى، تاڭ ئېتىشقا باشلىدى. يۇسۇپ چوڭقۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ ئەمدى يولغا چىقىپ ھېچبولمىغاندا مۇشۇ يەرنىڭ يېزىسىغا بولسىمۇ يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئېدىر تەرەپتىكى جاڭگاللىققا قاراپ مېڭىش ئۈچۈن ئېتىنى ئىزدىدى. ئاق بوز ئات بىر تاشنىڭ يېنىدا ياتاتتى.

«ئاپلا، — دېدى يۇسۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئاتنىڭ يوپۇقىنى يېپىپ قويماپتىمەن. ئاغرىپ قالمىغىيدى يەنە !» ئۇ ئاتنى چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. مۇئەززەز تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. يۇسۇپ ئۇنى ئاستا نوقۇپ:

— ھەي، مۇئەززەز، ئويغان، ئەمدى يولغا چىقمىز ! — دېدى، ئالدىدىكى ۋۇجۇدنىڭ قىمىر قىلماي ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جۇۋىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاچتى، ئاچتى ـ يۇ، زۇۋان سۈرمەي چەكچەيگەن پېتى تۇرۇپلا قالدى ...

ياش ئايال يۈزى خۇنسىز، تاتىرىپ كەتكەن، ئاغزى سەل ئېچىلغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ ياتاتتى. كۆزىنى يېرىم يېپىپ تۇرغان قاپاقلىرى جىمجىت ئۇخلاۋاتقان بۇ ئايالغا سۈرلۈك تۈس بەرگەنىدى. يۇسۇپ ئېڭىشىپ خوتۇنىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى، قوڭۇر چاچلىرى يەرگە ساڭگىلاپ، قۇچاقتا ئۆڭدا ياتقان مۇئەززەزگە يۈزىنى يېقىن ئەكېلىپ تىنىقىنى تىڭشاپ باقتى ۋە ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۈزىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى. يۇسۇپنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەپ تۇرۇپ مۇئەززەزنى ئاستا يەرگە قويدى. ئېتىنىڭ غانجۇغىسىدىكى خۇرجۇندىن

بىرمۇنچە دەپتەر ۋە تالونلارنى ئېلىپ يەرگە تاشلىۋېتىپ خورجۇنىنىڭ تېگىدىن چوڭ بىر پىچاقنى ئالدى ـ دە، يەرلىك كولاشقا باشلىدى. ھاۋا ئېچىلىپ قارلار ئېرىۋاتاتتى. ئۇ چۈشكە يېقىن ئاران دېگەندە بىر ئورەكنى كولاپ خوتۇننى يۆگەكلىك جۇۋسى بىلەنلا كۆتۈرۈپ يەرلىككە ئەكەلدى. ئىللىق شامال مۇئەززەزنىڭ چېچىنى يەلپۈتەتتى. يۇسۇپ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ھال سەتىن كۆڭلىكىگە كۆزى چۈشكەندە خۇددى ئارقىسىدىن بىر پىچاق سانجىلغاندەك دەلدەڭشىپ كەتتى، يېنىدا تۇرغان دەرەخكە يۆلىنىپ قالمىغان بولسا، ئاللىقاچان يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. يۇسۇپ مۇئەززەزنى ئېلىپ قاچقان كېچىسى ئۇنىڭ ئۇچىسىدا دەل شۇ كۆڭلىكى بار ئىدى. يۇسۇپ يەرلىكنىڭ بېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇچىقىدىكى جەسەتنى يۇراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۇس ئالدى. ئۇ يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارايتتى ۋە تىترەپ تۇرغان لاي قوللىرى بىلەن مۇئەززەزنىڭ مۇزلاپ كەتكەن تېنىنى باغرىغا باساتتى. مۇئەززەزنىڭ ئۇستىدىكى جۇۋا بىر ياققا چۈشۈپ كېتىپ تېنى ئېچىلىپ قالدى. يۇسۇپ ئۇنىڭ سول مۇرىسىنىڭ بويۇنغا يېقىن بىر يېرىدە قان ئۇيۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇ قاننىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىگىچە ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، بىر ھازاغىچە يارىدىن كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ، ئۇنىڭدىن بۈگۈنگە قەدەر ئۆتكەن پۈتۈن ھاياتىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى ـ دە، خوتۇننى قايتا جۇۋىسىغا يۆگەپ، بىر يېرىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئاۋايلاپ، ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەت ـ ئىخلاسى بىلەن يەرلىككە قويدى ۋە يۇمشاق تۇپىلارنى ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلاشقا باشلىدى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن، خۇددى بىر ھايات ئادەمگە قىلىنىۋاتقان ئىخلاس بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ئالدىدىكى نەم سېرىق تۇپا دۆۋىسىدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە قەبرىگە تىكىلگىنىچە ۋارقىراپ نالە قىلغاندا، مۇشتۇمى خوتۇنى

كۆمۈلگەن توپىنىڭ ئىچىگە پېتىپ كېتەتتى. كېيىن ئۇ قەبرىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ تۈزلەڭلىككە قارىدى. كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان زەيتۇن دەرەخلىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئاق مۇنارلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەدرەمىت غۇۋا كۆرۈنەتتى. يۇسۇپ بىر ئۇ تەرەپكە، بىر ئالدىدىكى قەبرىگە قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگەتتى، لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئېڭىكىدىن سارقىپ يەرگە تامچىلايتتى. پۈتۈن مەنزىرىدە بۇ ياش تامچىلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ چۆكۈپ قالغانىدى. يۇسۇپ يېڭى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئېتىغا مىندى، يەنە بىر قېتىم ئارقىسىغا قاراپ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېغىر يىللىرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ ناھىيەگە مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ قويۇپ تاغقا قاراپ يول ئالدى. قۇيۇجاقلىق يېتىم يۇسۇپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەغلۇبىيەتلىرى، تارتقان پۈتۈن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئالدىدا باش ئەگمىدى. ئۇ قايغۇنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ يېڭى ھايات يولىغا راۋان بولدى.

بۇ كىتاب تۈركىيە ئىستانبۇل جەم نەشرىياتىنىڭ 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据土耳其伊斯坦布尔吉穆出版社1984年5月第1版，1984年5月第1次印刷本翻译出版。

# يېتىم يۈسۈپ

**ئاپتورى:** ساباھەددىن ئەلى (تۈركىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** رۇقىيە ھاجى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مۇھەررىرى:** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل سابىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 − 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 9.625
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 − 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 17327 − 3
**باھاسى:** 28.00 يۈەن